# باياز

(1)

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

تۈزگۈچىلەر : مەتتۇمىن يۇسۇپ
مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار
تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

تۆمۈر داۋامەت ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى )

مىجىت ناسىر ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

مەمتىمىن يۈسۈپ ( تەتقىقاتچى )

مۇھەممەت ئىسمايىل ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى )

ئابدۇرېھىم رەجەپ ( دوتسېنت )

ئوبۇل ئىسلام ( ئالىي مۇھەررىر )

جاڭ خۇڭچاۋ ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

قەييۇم تۇردى ( 1- دەرىجىلىك يازغۇچى )

ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر )

شەرىپىدىن ئۆمەر ( پروفېسسور )

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

ليۇ بىڭ ( تەتقىقاتچى )

## مۇندەرىجە

سۆز بېشى ........................................................1
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........................................1
ئۆرنەكلەر ........................................................1

مەنسۇر باخشى ...................................................1
نەشرگە تەييارلىغۇچى : سۇلايمان يۇنۇس
سەئىدى ..........................................................6
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
رەشىدى ..........................................................10
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
ئايازى ...........................................................19
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
زىلەيخا بېگىم ...................................................24
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسرائىل يۇسۇپ
مەزھەرى ..........................................................37
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسرائىل يۇسۇپ
رىزائى ............................................................55
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
ۋەفائى ............................................................58
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

فىراقى ........................................63
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
ھۇزۇرى ........................................67
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
قەرارى ........................................69
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
ئەمنى ........................................72
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
غەيرەتى ........................................85
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا
نىيازى ........................................99
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەسقەر ھۈسەيىن
مىسكىن ........................................119
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت
سالىھى ........................................130
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت
ئەسرى ........................................154
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر
زۇمۇررەد ........................................162
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىمىن تۇرسۇن
موللا ئەئلەم ........................................164
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر

هەمدى ........................................................ 171
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر
قاسىمى ........................................................ 173
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر سادىر
سادىقى ........................................................ 189
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرېھىم سابىت
زىيائى ........................................................ 205
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن
غەرىبى ........................................................ 213
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھەسەن سېلىم
خۇشھال غەرىبى ........................................................ 257
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن
سەبۇرى ........................................................ 274
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت روزى
موللا قۇربان ........................................................ 284
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
شەۋقى ........................................................ 301
نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا
لۇغەت ........................................................ 332
تۈزگۈچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، دەۋرى جەھەتتە ئىزچىللىقى، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، مەسىلەن: پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ - ئادەت، تېبابەت، مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار ... قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم - پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەت ۋە سەممىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە ھەقىقانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن. ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىزگۈ

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە ـ يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ــ قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكىستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت

ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن، ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە - يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى

# تۈزگۈچىدىن

« بايـاز » ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، بىر ياكى بىر نەچچە شائىرنىڭ شېئىرلىرى توپلىمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىدە باياز تۈزۈش ئەنئەنىسى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى . شۇ تۈپەيلى بـايـازغا كـىر گـۈزۈلـگـەن كـۆپلـگـەن شائىرلارنىڭ ناملىرى ئەبەدىيلىشىپ ، شـېـئـىـرلـىـرى دەۋرىـمـىزگىچە يېتىپ كەلدى . قومۇلدىن تېپىلغان « باياز » ، خـوتـەنـدىـن تـېـپـىـلـغـان « شـەھـرى بـايـاز » ... قـاتـارلـىـقلار شـۇلارنـىـڭ جۈملىسىدىندۇر .

يـېـقـىـنـقى يىللاردىن بۇيان دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان كـۆپـلـىـگـەن ئەدەبـىـي مـىـراسلار ئارقا ـ ئارقـىـدىـن تـېـپـىـلـىـپ ، ئەدەبىيات تـارىـخـىـمىزنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى . بۇلار-نـىـڭ ئـىـچـىـدە ھەجـمـى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئېپىك ئەسەرلەرمۇ ، ھەجمى كـىـچـىـكرەك بولغان لىرىك ئەسەرلەرمۇ بار . شۇنداقلا ، نامى تېخى ئەدەبىيات دۇنـيـاسـىـغـا مـەلـۇم بولمىغان بەزى كلاسسىك شائىرلارنىڭ بىر قانچە پارچە شـېـئـىـرلـىـرى تـېـپـىـلـدى . بۇ ھال قەلبلەرنى خۇشاللىققا تولدۇردى . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بۇ خىل رىئاللىقنى ھېسابقا ئېلىپ ، شـېـئـىـرلـىرى توپلامغا توشمايدىغان ، ئەمما ، بەدىئىي ـ سەنئەت جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر باياز تۈزۈشنى لايىق تاپتى .

بـۇنىڭدىن مەقسەت ، بىرىنچىدىن ، بەدىئىي سەنئىتى بىرقەدەر يۇقىرى بـولـغـان مـەزكـۇر شـېـئـىـرلار ۋە ئاپـتورلىرىنىڭ نامىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا

ئورگانلىرى، كۆپلىگەن كەسپىي ئورۇنلار، كارخانىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەترابىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە، ماسلىشىشىغا موھتاج. شۇڭا، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشىنى، شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاستە قاتنىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلەرنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

ماسوادین قیل جنون دیر سنگا بولماس امید | ای ایازی خوبلار عهدیغه قیلما اعتمید

کیم ایرور رسمی اولارنینگ فتنه و عیارلیغ | آیازی

کوروب شول لعبتنی ای کونگل مبتلا قیلغانمو سن | قرار و صبریم هوشیمنی جدا قیلغانمو سن

تماشاسیغه ایلا کونگلنی بیقرار ایلاب | بو وادیدا گرفتار بلا قیلغانمو سن

نوشوب اول زلفغه چین غم سواد خطی مشکین غم | قرا کونگلوم کبی دیک بخت قرا قیلغانمو سن

نظر ایلا جمالینگغه کونگل باغلا خیالینگغه | وصالینگدین منی زار و گدا قیلغانمو سن

جمالینگ ایلاکاج پنهان آغزلار بولوب کوبوب گریان | بولوت دیک دیده‌م ماتم‌سرا قیلغانمو سن

تو کاتماس بیخ محنت کاسه‌سی افلاکم حسرتگه | دریغا دردی تالیدیک دوتا قیلغانمو سن

ادشول آی غه نظاره بولوب عشقیدا بیچاره | خلایقنینگ ایازی دیک بینوا قیلغانمو سن

بەرقارارلاشتۇرۇش ، ئىككىنچىدىن ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولۇق نۇسخىلىرىنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىلەرگە يىپ ئۇچى بېرىشتىن ئىبارەت .

ھۆرمەتلىك كىتابخان ، قولىڭىزدىكى بۇ « باياز » غا دەسلەپ «بۇلاق » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان سەئىدى ، رەشدى ، ئايازى ، ۋەفائى ، فىراقى ، رىزائى ، مەزھەرى ... قاتارلىق 28 كلاسسىك شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى . بۇ شېئىرلار ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرىدە ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىدە يېزىلغان لىرىكىلاردىن ئىبارەت .

« باياز » غا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلار ئاساسەن ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ شېئىرلار تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئەدەبىي ۋاستىلىرىنىڭ موللۇقى ، سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتىن كىشى قەلبىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ .

مەزكۇر « باياز » غا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر يېزىلغان يىل تەرتىپىگە ئاساسەن رەتكە تىزىلدى . قايتا تەھرىرلەشتە ئەسلىدىكى قول يازما نۇسخىلىرى ئاساس قىلىندى .

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، قولىڭىزدىكى بۇ « باياز » دەۋرىمىزدە تۈزۈلگەن تۇنجى بايازدۇر . يېقىن كەلگۈسىدە بۇ « باياز » نىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى نۇسخىلىرى نەشردىن چىققۇسى .

کوز تیکیب میرزا یاریم غم هر صبا ایلاب دعا    هر زمان بو گلاس چو یعقوب نگاریدین شتاب جمال

کون ظهوری آیدا دور آیین ترک توب دیدیکو کلود

هر زبان مظهر دا دور میرزا ظهورالدین خیال

وصلنکیز یوقتور تیسر نظر خوشتور منکا    کر نظر ده بولماسا خون جگر خوشتور منکا

آب حیوان ایچکانیمدین وصل دلبر اغیار ایله    زهر هجران نوش قیلسام یوز خطر خوشتور منکا

مینک کلیم کل تاجیندین نه سود دلبر    کل سیز ینک قاشینکیزدین بیر جبر خوشتور منکا

یوز قرار تورسه کیشی سوز توب وفا انکلیب    من قرار سام خطینکیزدین بولغور خوشتور منکا

هجرینکیزدا الحمد وصلینکیزدین من ظهوری بولماسام

بولسا انکیز کوز کورادا جلوه کر خوشتور منکا

منظری کونکلونک قوییب تینغ شهباز لار غه طعمه قیلیب    شاید آلغای باطنی غم محرم اسرار اتب

مظهری

بسم الله الرحمن الرحیم

الا یا ایها الساقی کل ایدوب رندلار تیلغه
کورونوری آسان اول عشق ولی کیم تارتی مشکلغه

صبا اول طره نینک بوییدین کیم آچه طره دین آخر
که مشکین جعد تابیدین نه خونلار یاغلادی دلغه

که سجاده نی رنکین میده قیل پیر مغان ایتور
که سالک بیخبر بولماغای ایلکای راه منزلغه

که جانان منزلی ایچره منکا خوش عیش چون هردم
قونکغو غوایلاکای فریاد اکر باغلانسه محملغه

قرانکغو تونده موج دین و بیم هم کرداب ایدین قایغو
نیجوک بیلکای آسانلار حالیم نینک یوک کوتر ساحلغه

همه کاریم اوزوم کامیم آخر تارتیب بدنامیق
قچان قالغای نهان رازی اکر کلتورسه محفلغه

حضور ایستار ایسانک حافظ اننک بولماغیل غافل

قاو تیماغیلیق بو دنیادا قچان اول عشق اچملغه

اگر اول ترک شیرازی تولیغه آلسه کونکلومنی
که خال هندوی غه بیرکوم سمرقند و بخارانی

برای ساقی میِ باقی نه جنت ده تپالمانکیم
که رکن آباد یقاسید الا جیب کل المصلی نی

## غزل فراقی

نگارا اشتیاقینگدا ضعیف ناتوان بولدوم
همیشه دربدر عالم ارا بی‌خانمان بولدوم

نتای آواره بولمای بر سنینگدیک غمگزاریم یوق
کوییب غربت اوتیدا مبتلای لامکان بولدوم

قد الدی کیبر نیلکیم سینینگ تشتری بو خسته جانیم
غم محنت الکیده دردتاب لامکان بولدوم

خرامان ناز ایله کیم تازه کلدینگ اچیلیب غنچه‌ٔ تنگ
جمالینگ نی توقیینی اولدیم کوروب شادمان بولدوم

سنگا بو عرض حالیم نی بیان ایلارگه طاقت یوق
توتوب غم لشکری تویماس انی خامنی بی‌زبان بولدوم

نتای بیچاره‌ٔ غمگین قیلیب دوری دردایله هجران
ساریغ رخساره‌م هجرینگ داتیدین برگ خزان بولدوم

جمالینگ حسرتیدا اورتنور تمام سحر جانیم
بولوب مجنون کبی عالم ارا رسوای جهان بولدوم

فراقی خسته دل آشفته بولدی گر تیلیب بندینی
فراقینگ محنتیدا محرم جغاغه همزبان بولدوم

تنیمدین جغالی یتی جدالیق خنجیدین جانیم
نشانه اولغالی انکا جان جانیم بکا کیمیا نیم

## غزل وفایی

بانیمدا الف شکلیغ اول سرو مکان اتمیش
جیم نقطه سیدا اغیین جانیمدا نهان اتمیش

جانیمنی هدف ایلاب کیپریکلاری صف آیلاب
غمزه اوقین اتماقغه قاشینی کمان اتمیش

من بیدل حیرانغه هم کوزلاری کیم باغه
جیرماشماق اوچون جانغه زلفینی سیلان اتمیش

اول دلبر مهوش غه غمزه و بیاده دلکش
[illegible]م اوزره قان یاغیم حالیمنی بیان اتمیش

یاریم منکا سوز قاتیب غمزه بیله قاش آتیب
عشق اوتیدا اسارغاریب جهرمنی سمان اتمیش

خشعینا مدکیتارم باشیم لعلینینک غمی بوکلدایم
اول شوخ قراقاشیم مندین نه گمان اتمیش

عشق اوتیدا داغلایدور زلفی بیله باغلایدور
اولستور کمالی جا غلایدور بو تعل نه زیان اتمیش

دلخسته وفایی نی اول کوزلاری مستانه
باغرینی کباب ایلاب کونکلی تولا قان اتمیش

خسته جانیم غمزه تیکیب اوقلار هدف / کوز یاشی کونکلوم ساچیلغای هر طرف

ییلدابر کورسام یوزین دُر من شرف / عارضین هر کون نوده کورسام خوب مکین

یارنینک قدی صنوبردک کینه / قاشلاری کویا که شمشیردک کینه

کوزلاری کویا که کوهردک کینه / زلفی انینک ایکی اژدردک کینه

اژدرا غزینوا ورونسام خوب مکین / محبوب نینک قاشلاری دوریا مثلی

کوزیدا آقفان یاشیم دریا مثل / اغزیداس لار اغزینغیم سودا مثلی

یادیدا قمری صفت کویا مثل / ایت کبی پایدا یاتسام خوب مکین

طاعت تقوی نی هر کیز بوطادیم / عمر ضایع کیتکینی تو بیادیم

شکلین تنکیرم که کز یک لا ابد وطیام / یخی یعنی سوردم حیانلیق کوردیم

یخشی آطیرلا کوکولسام خوب مکین / فانیدین باقی غه من قیلسام عوض

حاسوی الله خسته کونکلوم دین کیتر / ابد کسون فانیدا نه قیلیم برسیر

ترک ایلادی اسباب عالم نی همه

حضرت ایشان نی کشمیه دا دعا جان دیلیج

شکر تعالی دنیادین حیالیم پاک ایمیش — عشق صحرا کیدا چیم برق دین چالاک ایمیش

بول عجب یر نیکه دایم زر تمهو افتاده تیت — عشق آتش خانه سیده اطلس دار ایمیش

کوید ورد دیمیم به ساعت ده یوز تیرک تیر — آن آرزومیل صلاب کوید خانه کیمیش

من غریب نی غیبی او تکوم ایرمس خوب دین — هو دیجان لغضبی دیدیم تنگ تنگ ایمیش

پادشاهیم یاد ایزد ایوزدلیک ... ایتیب — تا فنا دیم افلاک ادا بو توفان افلاک ایمیش

ای نی کو حسرت بیله یغلاب یوزنی تیرماغان — اول سبب دین اوزدی بار تیرناغ لارید ... ایمیش

وجه شی بنخانمان حسرت داکی باش یریب — اهل طالب لا ربا باشی او دینار یری فقیر اک ایمیش

هجر کوشتیدا سموم سوقان کشیلار کادا — بر کوچی تنیک کرد راهی فی المثل تریاک ایمیش

دیمه قامل خیلی ایمین شوخ بی پرهیز ایکان

# مەنسۇر
# باخشى

بسم الله الرحمن الرحيم

حمد اول خمری وکیم جام سبیلا / رب العالمین لطف ایلیک روحی فدا

باده ایله شیشهٔ دل زنگ [illegible] / اشرف بن شمس الکاس انوار الهدی

بارکه بن مینه کونر جامی [illegible] جمعی دمه / اهل تحقیق جامی [illegible] ایلمش اقرار فهم

ماسوی بر قی اول جامی دیو ایلدی عدم / زاهد ایتمای اندن آنادن [illegible] ادم

فیض [illegible] کوکلی جامیه بولنه [illegible] عجم / یوندی وای ساقی [illegible] لیک [illegible]

وهم ادکه دین قدح چون پیدا ایدر نقطهٔ خال / اندا موجود اولدی آب خضر مکیس دور زلال

نایع قطره ملوثه بولنمز بی آب زلال / ای خوش اول دم کم [illegible] سینه [illegible]

جام آلورکن [illegible] جمشید ایله پادشاهان گدا / نوح غم بویله اکر [illegible] نا بلور

کوهری نایاب [illegible] بر قطره‌سی بهر الحق اولور / خاک [illegible] ترک [illegible] دریا [illegible] بلور

جامی کر بیزه دور اول جام او جوش [illegible] بلور / بو زجهان [illegible] هر دم نثار اولدی او بونی — [illegible]

در حریک جمع بو [illegible] ایلد بر نجه / [illegible] جام [illegible] مار بجه

می صفا [illegible] تمنا ایدلک کونده زیاده / دهر [illegible] اهل [illegible]

جام [illegible] رنگ [illegible] پروانه دی [illegible] ابهندا / فیض [illegible] جاودان [illegible] ایلاب نظر

[illegible] جسمانی دی [illegible] سر / [illegible] نظر [illegible] نکار تر

[illegible] جلوه کر / جهد [illegible] اولی [illegible] ادا

مەنسۇر باخشى يۇقىرىقى قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا « بەزى مەنزۇم ۋە مەنسۇر پارچىلار » نامى ئاستىدا بىر پارچە قەسىدىسى ۋە بىر تۆتلىكنى كىرگۈزگەن. بۇ قەسىدىنىڭ ئاخىرىغا مەۋلانا لۇتفى، جەۋھەرى، ئىبنى قەمبەر، سەييىد، قاسىم سوزى قاتارلىق زامانداشلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ قوشۇپ كۆچۈرگەن.

مەنسۇر باخشى ئىجادىيىتىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى ئەنە شۇ بىر قەسىدە ۋە تۆتلىكتىنلا ئىبارەت. لېكىن بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغىنىدەك، بۇ ئىككى پارچە شېئىردىن شائىرنىڭ شېئىرىي ئىستېداتىنى كۆرۈش مۇمكىن. شائىرنىڭ بۇ قەسىدىسى بەلگىلىك دىنىي تۈس ئالغان. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ قەسىدە شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئىجادىي مىراسى بولغاچقا، بۇ قەسىدە ۋە تۆتلىك مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

# مەنسۇر باخشى

**مۇھەررىردىن :** ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 1975 ــ يىلى نەشىر قىلىنغان « تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى » ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە ، بىرىتىچ (British) مۇزېيىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن 8193 ئىنۋېنتار نومۇرلۇق بىر قول يازما ساقلانغان . مەجمۇئە خاراكتېرىدىكى بۇ قول يازمىغا « سىراجۇل ــ قۇلۇب » ، « كىتابى مەسائىل » ، « راھەتۇل ــ قۇلۇب » ، « مۇھەببەتنامە » ( خارەزمىي ) ۋە يەنە بەزى نەزمىي ۋە نەسرى پارچىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن .

بۇ قول يازما ۋ . ۋ . بارتولد تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلغان . كېيىن گ . كلاۋسون ، ئۇ . ف . سىرتقايا قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنغان .

قول يازمىدىكى بۇ ئەسەرلەر ھىجرىيە 835 ــ ( مىلادى 1431 ــ ) يىلى كۆچۈرۈلگەن « سىراجۇل ــ قۇلۇب » ، « كىتابى مەسائىل » ۋە « مۇھەببەتنامە » قاتارلىق ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە ، بۇ ئەسەرلەر مەنسۇر باخشى تەرىپىدىن يەزىد شەھىرىدە ، ئەمىر جالالىددىن ھوزۇرىدا كۆچۈرۈلگەن .

مەنسۇر باخشى ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز كۆپ ئەمەس . بەزى مەنبەلەردە ئۇ « مەنسۇر بىتىكچى » ، « دەرۋىش مەنسۇر » دەپمۇ ئاتالغان . مەنسۇر باخشى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى شاھرۇخ مىرزا دەۋرىدە ياشىغان ۋە يەزىد شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئەمىر جالالىددىننىڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن . ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن باخشى ( ئالىم ) لىرىدىن بىرى بولۇپ ، كاتىبات ئىشلىرى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان .

ۋاسلىيەت مۇلكىدە باقى بولۇپ تاپتى نەۋال .
كىمگەكىم قىلدىڭ نەزەر ھىرسۇ ھەۋادىن بولدى ساف ،
دۇنيەدىن كەچتى كۆرۈنمەس كۆزىگە مالۇ مەنال .
مۇلكۇ مال ، ئەۋلادۇ خاتۇندىن مۇنەززەھ قىل كۆڭۇل .
چۇن ھىجاب ئېرمىش ساڭا ھەق يولىدا ئەھلۇ ئەيال .
ماسىۋەللاھدىن كۆڭۈل مۇلكىنى خالىي قىلماغان ،
ئاقىبەت مەردۇد ئولوپ ، تەگدى ئاڭا سانىسىز مەلال .
يا ئىلاھى ، ئول ئەرەنلەرنىڭ ھەقىكىم سىدق ئىلە ،
ۋەسل گەنجىنى تىلەبان تاپتىلار سەندىن ۋىسال .
بارچە مۇئمىنلەر گۇناھىن قىل كەرەم بىرلە ئەفۇ ،
ھەشر كۈنىندە ئالارغە بەرمەغىل سەن ئىنفىئال .
بۇ فەقىر مەنسۇر باخشىنىڭ دۇئاسىن قىل قەبۇل ،
ئاخىرەتدە ھەق مۇھەممەد بىرلە بەرگىل ئىتتىسال .

* *

سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق ،
ساڭا قۇل بولماقىم سۇلتاندىن ئارتۇق .
سېنىڭ زىكرىڭنى ئايتسام چۆل ئىچىندە ،
بولۇر ئول چۆل ماڭا بوستاندىن ئارتۇق .

## مەنسۇر باخشى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : سۇلايمان يۇنۇس

### قەسدە

ئەي خۇدايى لەميەزەل ، ئەي پادىشاھى لايەزال ،
بارچە ئالەمنىڭ خۇداۋەندى ئېرۇرسەن بىزەۋال .
مىسلى مانەندىڭ سېنىڭ يوقدۇر ، يانا بولغۇسى يوق ،
ئوخشاماس كىمسە ساڭا پەرۋەردىگارى باكەمال .
مۇلكەتىڭگە يوق زەۋال ، ئەي ھەييۇ قەييۇمۇ ئەھەد ،
خالىقۇل ـ ئەرشۇس ـ سەماۋات ، ئەي كەرىمى باكەمال .
يا غىياسەل ـ مۇستەغىس ، سەن بارچەغە فەريادەرەس ،
ئالىمۇل ـ ئەسرارى ئالەم ، يائەلىمى زۇلجەلال . [1]
قۇدرەتىڭ بىرلە ياراتتىڭ ئەرشى ، كۇرسىيۇ قەلەم .
ھېكمەتىڭنىڭ ھۇكمىگە يەتمەپتۇرۇر ئەقلۇ خەيال .
جىننۇ ئىنسۇ ۋەھشۇ تەيرۇ مۇرۇ ماھى رىزقىنى .
يەتكۇرۇرسەن بارچەغە قۇدرەت بىلە بىقىيلۇ قال .
كىمكى ئىچتى رەھمەتىڭ دەرياسىدىن بىر جۇرئەئى ،
بارچە ئالەمدىن مۇنەززەھ بولدىيۇ بولدى زۇلال .
كىم فەنا بولدى مۇھەببەت بەھرىگە جاندىن كېچىپ ،

## سەئىدى

نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن : سۇلتان سەئىدخان ( 1495 ـ 1535 ) پەقەت دۆلەت ئەربابىلا ئەمەس ، بەلكى ، ئۆز نۆۋىتىدە زامانىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەن شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ مەشھۇر . ئۇ « سەئىدى » تەخەللۇسى بىلەن تۈركىي ۋە پارسىي تىلدا شېئىرلار يازغان .

سەئىدى شېئىرلىرىدا ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، ساپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ، ئىنسانىي پەزىلەتكە ، ئەدلۇ ئادالەتكە چوڭقۇر مەدھىيە ئوقۇلغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا باي ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە باي .

سۇلتان سەئىدخان ئۆز شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەنلىكىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز . مەزكۇر بايازغا سەئىدىنىڭ ھازىرغىچە قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى .

# سەئدى

شۇكرى لىللاھ ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە ،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسۇتەي ئەغيارغە .
سەير ئۈچۈن كىرسە گۇلىستان ئىچرە ئول سەرۋى رەۋان ،
بەندە ئولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدى رەفتارغە .
ناز ئىلە تا ئاتلانىپ شەھر ئىچرە سالدى رۇستەخىز ،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئول دىلبەرى ئەييارغە .
دوستلار ، ئەيب ئەتمەڭىز قان يىغلاسام مەن زارنى ،
بەس كىلە ئالمام نىتەي بۇدىيدەئى خۇنبارغە .
ئەي سەئىد ، ئول ياردىن تاپدىڭ مۇرادىڭنى تەمام ،
بارچەسى بولدى مۇيەسسەر ، شۇكرى بىرۇ بارغە .



## سەئىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى :   مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

### غەزەللەر①

قايسى گۇلشەننىڭ يۈزۈگدەك بىر گۇلى رەئناسى بار ،
قايسى گۇلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار .
ھۇر بىرلە جەننەتۇل ـ مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل ـ مەئۋاسى بار .
لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان ،
خۇش نىشانىدۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى بار .
بىر سۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھەيات ،
لەئلى جانبەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار .
يۈزى ئۆزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى ،
ئەي سەئىد ، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار .

① سەئىدى ، رەشىدى ، ئايازى غەزەللىرى مەھمۇد جوراسنىڭ « تارىخى رەشىدى » ( زەيلى ) ناملىق كىتاۋىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى .

# رەشىدى

**نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن :** سۇلتان ئابدۇرەشىدخان XVI ئەسىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ۋە مۇتەپەككۇر شائىردۇر .

ئۇ يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ 2 ـ سۇلتانى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىگە كەلگەندە قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنىدى . بۇ گۈللىنىش يالغۇز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ، تارىخ ، ئەخلاق ، دىپلوماتىيە ، قانۇن ، سىياسەت ، ئىقتىساد ، سودا ـ تىجارەت ، ھەربىي ئىشلار ، يېزا ئىگىلىكى ، باغۋەنچىلىك ، مىمارچىلىق ، مۇزىكا ، ئارخىتېكتورلۇق ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەنىدى .

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى بىلەن تۇنجى قېتىم رەتلىنىپ ، قېلىپلاشتۇرۇلغان ، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكا ھالىتىگە كەلدى .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ، مۇتەپەككۇر ، مۇزىكانت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ، پاساھەت ، بالاغەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى . ئۇ « رەشىدى » تەخەللۇسى بىلەن تۈركىي ۋە پارسىي تىللاردا ئاجايىپ لىرىك ، ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازغان .

# رەشدی

## رەشدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن

# غەزەللەر

ھەق يولىدا جان چېكىپ بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم ،
تەۋبە سۈيىدىن تەننىمنى شۇستۇشۇيى قىلمادىم .
ۋەھ ، نەچۈك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىمكىم مېنىڭ ،
چۈنكى خۇنابى جىگەر بىرلە ۋۇزۇيى قىلمادىم .
ئۆتدى ئۇمرۇم دۇنيەنىڭ مەسلىھەتىدىن ، ۋادەرىغ !
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تارە مۇيى قىلمادىم .
كىپچىلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن ،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم .
ئەي رەشدى ، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دىمە ،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھاي ـ ھۇيى قىلمادىم .

رەشىدىنىڭ غەزەللىرىدە سىموۋوللاشتۇرۇلغان غايىۋى ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشق ـ مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، ساداقەت ، مەردلىك ، ئۇمىدۋارلىق توغرىسىدىكى ئەجايىپ قاراشلار ۋە هايات ـ تۇرمۇش توغرىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بەزى تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە رەشىدى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر دىۋان تۈزگەنلىكى مەلۇم . ئەپسۇسكى ، بۇ دىۋانى هازىرغىچە تېپىلمىدى . مەھمۇد جۇراس يازغان «تارىخى رەشىدى » ( زەيلى ) ناملىق ئەسەردە رەشىدىنىڭ تۆت پارچە شېئىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن . هازىرغىچە مەلۇم بولغىنى ئەنە شۇ ئۈچ پارچە غەزەل ۋە بىر پارچە رۇبائىيدىنلا ئىبارەت ئىدى . يېقىندىن بۇيان بەزى باياۋزلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن رەشىدىنىڭ غەزەللىرى تېپىلىشقا باشلىدى . قولىمىزدىكى بۇ باياۋزغا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان بەش پارچە غەزىلى كىرگۈزۈلدى .

لۇتف ئېتەي دەپ ۋەئدە ئول دىلدار قىلمايدۇ ھەنۇز .
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈم ئاچىلمايدۇ ھەنۇز .
پاش بولدى ئەلگە ئەھۋالىم ، نە تەدبىر ئەيلەيىن ،
خەلق بىلدى ھالەتىمنى ، يار بىلمەيدۇ ھەنۇز .
ساقىيا ، ئىشرەت مەيىدىن جۇرئەئى لۇتف ئەيلەگىل ،
خەستە كۆڭلۈمغە خۇمارىدىن ئايىلمايدۇ ھەنۇز .
تۇبىيۇ شەمشاد قەددىن باغ ئارا كۆرمەك نەسۇد ،
سەرۋى يەڭلىغ قەددى دىلجۇيى تاپىلمايدۇ ھەنۇز .
سەبر قىلغىل ، ئەي رەشىدى ، ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدە ،
بەندەگە ئازادلىغ خەتتى پىتىلمايدۇ ھەنۇز .



دۇنيە بىر ھۇسن ئەھلىنىڭ نامېھرىبانى پىش ئەمەس ،
كىمكى سېۋسە سۇددىن كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس .
تۇت تىرىكلىكنى غەنىمەت تا پۇشەيمان بولماغىل ،
جان تەن ئىچرە نەچچە كۈن مېھمانى پىش ئەمەس .
دۇنيەغە فەرزەندى ئادەمنى ئىبەرمەكدىن غەرەز ،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس .
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلار ،
جان بېرۇردە بىر گەدايى ناتەۋانى پىش ئەمەس .
دۇنيەنى باقى تەسەررۇف قىلماغىل شەدداد دەك ،
رىندى مۇفرىت ئالىدا بۇزۇق دۇكانى پىش ئەمەس .
دۇنيە بىر كۇھنە رەباتىدۇر ، ئىمارەت قىلماغىل ،
نەچچە بىر ئىت كەم دۇكاندەك ئۇستىخانى پىش ئەمەس .
ئەي رەشىدى ، بولماغىل مەغرۇر جەھان گۇلزارىغە ،
قايىسى گۇلشەنىنىڭ گۇلى ئاخىر خەزانى پىش ئەمەس .



ئەي كۆگۆل گەرچە جەھان باغىدا قىلدىڭ مەسكەن ،
سەن خەيال ئەتمەكى بولغاي ساڭا بۇ باغى ۋەتەن .
ئاخىرۇل ـ ئۇمر جەھاندىن سەفەرى قىلغۇڭدۇر ،
جەھد ئەيلەپ قىلاكۆر نافىلەۋۇ فەرزۇ سەيەن .
دەھر بىر كۆھنە رەباتىدۇرۇر ، ئەي تەلبە كۆگۆل ،
ئىشرەتۇ غۇسسە غەمۇ دەۋر تەرەب ، رەنجۇ مەھەن .
يول شەرىئەت يولىدۇر ھەق ئانىڭدىن زىنھار ،
ئۆزگە يوللاردا خەتەر باردۇ ، كۆرۈپتۇر رەھزەن .
سەن سەفەر ئەزمىنى قىلدىڭ تىلەبان كەئبەئى ۋەسل ،
جان سەن بىرلە بارىپ ، قالغۇسىدۇر غۇسسەۋۇ تەن .

پەيەمبەرلىككە تا قىلدىڭ جەھان ئەھلى ئارا دەئۋا ،
بۇ دەئۋاغە دېدىلەر بارچە : « ئامەننا ۋە سەددەقنا »
بۇرۇن زاتىڭنى ھەق ئۆز نۇرىدىن فەيدا قىلىپ ئېردى ،
سەبەب دۇنياغە كەلمەكلىككە بولدى ئادەمۇ ھەۋۋا .
تۇفەيلىڭدۇر بەنى ئادەم ، نە ئادەم ، بەلكى ئالەم ھەم ،
تاپىلماس ئىككى ئالەمدە سېنىڭدەك گەۋھەرى يەكتا .
سېنىڭ ئۇممەتلەرىڭكە ۋەئدەئى دىدار بار ئېرمىش ،
بەھدۇللاھكى ، بار مەن ئۇممەتىڭ ، ئەي سەرۋەرى دانا .
خىجالەتدە ئەبۇجەھل لەئىن ھەيران بولۇپ قالدى ،
چۇكۆردى بۇتلارىن ئول دەم سېنىڭ ئەۋسافىڭە گويا .
جەمالى ۋەسفىنى قىلسام مۇھەببەت ئەھلىگە ناگاھ ،
بولۇپ بىخۇد بارىپ ئۆزدىن بولۇرلار ۋالەۋۇ شەيدا .
ئەدۇۋۋى خانەدانىڭ مەنزىلىدۇر جاۋىدان دەۋزەخ ،
مۇھىببى ئالۇ ئەسھابىڭ مەقامى جەننەتۇل ـ مەئۋا .
كېچە تاڭ ئاتقۇچە تەكرار ئېتەرمەن سۇرەئى ۋەل ـ لەيل ،
ئەبىر ئاسا ساچىڭدىن تا تۇشۇپدۇر باشىمە سەۋدا .
سېنىڭ كويۇڭنى دەرلەر : جەننەتۇل ـ مەئۋادىن ئارتۇقدۇر ،
زىھى دەۋلەت ئەگەر تاپسام سېنىڭ كويۇڭ ئارا مەئۋا .
ئەگەرچە بار ئىمىش فىردەۋسى ئەئلا دىلكۇشا مەنزىل ،
ۋەلې كويۇڭ رەشىدىغە ئېرۇر فىردەۋسدىن ئەئلا .

# ئايازى

گەر قەدەترا سەرۋ گويەم سەرۋرا رەفتار نىست،
گەر لەبەترا غۇنچە خانەم غۇنچەرا گۇفتار نىست [1].

## رۇبائى

ئەي پەيك، سەبا، مېنىڭ پەيامىم يەتكۈر،
يارىمغە نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۈر.
گەر سۇبھىيۇ، شام قاشىغە يەتسەڭ،
ئەلبەتتە دۇئايى سۇبھۇ شامىم يەتكۈر.

[1] تەرجىمىسى: ئەگەر سېنىڭ قەددىڭنى سەرۋىگە ئوخشاتسام، سەرۋى يۈ-رەلمەيدۇ.
ئەگەر لەۋلىرىڭنى قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاتسام، غۇنچە سۆزلىيەلمەيدۇ.

## ئايازى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

# غەزەللەر

ساقى مەيى فەرەھبەخش تۇتكىم بەھار كەلدى ،
ئىشرەت زەمانى يەتتى ، ئول گۇلئۇزار كەلدى .
بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر ، ئاچىلدى رەڭگى گۇللەر ،
تۇت جامى رۇھى پەرۋەركىم غەمگۇزار كەلدى .
كۆرسەتدى جىلۋە سۇنبۇل ، ئاچىلدى نەرگىسى گۇل ،
بولدى فىغاندا بۇلبۇل ، ئەبر ئەشكبار كەلدى .
دەۋرانى ئەيشۇ ئىشرەت بەش كۈن ئېرۇر غەنىمەت ،
چۈن چەرخى بىمۇرۇۋۋەت ناپايىدار كەلدى .
يەتكۈرسە غۇسسە گەردۈن ، چەك بادە ، بولما مەھزۇن ،
تەسكىن غەمغە گۇلگۈن مەي سازۋار كەلدى .
باشىمنى گوي مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئەرمان ،
ساھىبقىرانى دەۋران ئول شەھسەۋار كەلدى .
ئەي دەھر سەرفەرازى ئەبدۇرەشىد غازى ،
دەرگاھىڭە ئايازى ئۇممىدۋار كەلدى .

# ئايازى

**نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن :** ئايازى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ۋە مۇتەپەككۇردۇر . ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان .

ئايازى كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى ، يىرىك داستانلارنى يازغان . ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى «جەھاننامە» ناملىق يىرىك داستان ۋە بىر قانچە پارچە غەزەلدىنلا ئىبارەت .

بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك ، ئايازىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان بىر قانچە پارچە غەزىلىدىنمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ، تىلىدىكى يۇقىرى پاساھەتنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

بۇ بايازغا ئايازىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان ئۈچ پارچە غەزىلى كىرگۈزۈلدى .

كۆرۈپ شول يۈزنى ، ئەي كۆز ، مۇبتەلا قىلغان مېنى سەنسەن .
قەرارۇ سەبرۇ ھۇشىمدىن جۇدا قىلغان مېنى سەنسەن .
تەماشايى ھەزار ئەيلەپ ، كۆكۈلنى بىقەرار ئەيلەپ ،
بۇۋادىدا گىرىفتارى بەلا قىلغان مېنى سەنسەن .
تۇشۇپ ئول زۇلفى پەرچىنغە سەۋادى خەتتى مۇشكىنغە،
قاراكۈغۇ كىچەدەك بەختى قارا قىلغان مېنى سەنسەن .
نەزەر ئەيلەپ جەمالىڭغە ، كۆكۈل باغلاپ خەيالىڭغە ،
ۋىسالىڭدىن مېنى زارۇ گەدا قىلغان مېنى سەنسەن .
جەمالىڭ ئەيلەگەچ پىنھان قارا بولۇت بولۇپ گىريان ،
بۇلۇتدەك دەم ـ بەدەم ماتەم ئارا قىلغان مېنى سەنسەن .
تۇگەنمەس رەنجۇ مىھنەتكە سالىپ ئەمماكى ھەسرەتكە ،
دەرىغا ، دەردى تالىدەك دۇتا [ ھ ] قىلغان مېنى سەنسەن .
ئوشۇل ئايغەكى نەززارە بولۇپ ئىشقىدا بىچارە ،
ئايازىدەك خەلققە ① بىنەۋا قىلغان مېنى سەنسەن .

① ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن « خەلايىق » دېگەن سۆز « خەلق » دەپ ئېلىندى.

ئېيدى بەھار ئەييارمىدۇر ، ساقى لەبا ـ لەب جام تۇت ،
ئەيشۇ تەرەب دەۋرانىدۇر جامى مەيى گۇلفام تۇت .
جەمشىد فەر شاھى جەھان چۇن قىلدى ئەزمى گۇلىستان ،
جەمئىيەتى ۋەقتى زەمان خۇشدۇر بۇگۇنكىم جام تۇت .
مەئلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۇن مۇنقەلىبدۇر گەردىشى ،

.....................................................

بۇ دەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىيەتىڭ ،
لۇتف ئىلە بەزمۇ ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت .
قوي دەھر سۇبھى خۇررەمىن ، فىكرئەتمە شامى ماتەمىن ،
رۇخسار ئىلە زۇلفى غەمىن ئىشق ئىچرە سۇبھۇ شام تۇت .
تارتىپ ئەلايىقدىن ئىتەك ، ئەۋارەلىقدىن ئۆزنى چەك ،
فەقر ئىچرە قالغان قافدەك ساكىن بولۇپ ئارام تۇت .
ھەركىمكى ئىستەر نامۇ نەڭ ، غەمدىن قۇتۇلماس ھېچ رەڭ ،
ئۆزنى خەلاس ئەيلەي دېسەڭ بەس ، تەركى نەڭگۇ نام تۇت .
كۆڭلۈم قۇشىدۇر بۇلبۇلۇڭ ، ئاچقىل ئۇزارى گۇل ـ گۇلۇڭ ،
بۇ شىيۋە بىرلە سۇنبۇلۇڭ دامىغە ئەيلەپ رام تۇت .
شاھەنشەھى فەرخۇندە فەر ئەبدۇررەشىدى نامۋەر ،
ھەق لۇتف ئېتىپ فەتھى زۇفەر تا مۇلكى مىسرۇ شام تۇت .
ئەيلەپ زىيادە ھەشمەتىن ، ئەفزۇن قىلىپ جەمئىيەتىن ،
يا رەبكى ، ئۇمرۇ دەۋلەتىن كۆپ يىلۇ كۆپ ئەييام تۇت .
گاھى ئايازى سارىغە باقىل سارىغ رۇخسارىغە ،
ياخشى ـ يامانىنىڭ بارىغە لۇتفۇ كەرەمنى ئام تۇت .

# زىلەيخان بېگىم

**مۇھەررىردىن :** ھايات كۈيچىسى ، بۈيۈك شائىر شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا ھافىز شىرازى ( 1300 ـ 1389) ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى جاھان ئەدەبىياتىدا يۈكسەك شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھافىز شىرازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ، ھافىز لىرىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ئېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر . نۇرغۇن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ھافىزنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن ، بەزىلىرى خېلى بۇرۇنلا ھافىز شېئىرلىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان . ئەپسۇسكى بۇ خىل تەرجىمىلەر تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يوقالغان . ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان « باياز » ناملىق قول يازمىغا ھافىز شىرازى غەزەللىرىدىن 10 پارچىسىنىڭ تەرجىمىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن . بۇ شېئىرلارنىڭ تەرجىمانى ھەققىدە «باياز »دا ھېچنەرسە دېيىلمىگەن . لېكىن « سىلسىلە تۇز ـ زەھەب » ( ئالتۇن زەنجىرلەر ) ناملىق تەزكىرىدە : « خوجا مۇھەممەد ھاجى يۇسۇپ خوجام جاھانىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى . زىلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى . ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى . شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى . » دېيىلگەن . زىلەيخا بېگىم مىر سەيىد جېلىل قەشقەرى ئىسىملىك نامدار كىشىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئۇ كىشى زىلەيخا بېگىمنى قۇمۇلدا خوجا مۇھەممەد ھاجى يۇسۇپ (ۋاپاتى مىلادى 1600ـ يىل )كە ياتلىق قىلغان . بۇ كىتابتا ئېيتىلىشىچە ، زىلەيخا بېگىم ھافىز شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ، مۇتالىئە

# زلیخا
# بیگم

شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا ھافىز

تەرجىمە قىلغۇچى : **زىلەيخا بېگىم**

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **ئىسرايىل يۈسۈپ**

## غەزەللەر

ئەلا يا ئەييۇھەس ـ ساقى ، كېلىپدۇر رىندلەر تىلغە ،
كۆرۈندى ئاسان ئەۋۋەل ئىشق ، ۋەلېكىم تارتتى مۇشكىلغە .
سەبا ئول تۇررەنىڭ بۇيىنكى ئاچتى تۇررەدىن ئاخىر ،
كى مۇشكىن جەئد تابىدىن نە خۇنلار باغلادى دىلغە .
كى سەججادەڭنى رەڭگىن مەيدە قىل پىرى مۇغان ئايتۇر ،
كى سالىك بىخەبەر بولمايكى يەتكەي راھۇ مەنزىلغە .
كى جانان مەنزىلى ئىچرە ماڭا خۇش ئەيش چۇن ھەردەم ،
قوڭغۇرغۇ ئەيلەگەي فەرياد ئەگەر باغلانسە مەھمىلغە .
قاراڭغۇ تۈندە مەۋجدىن ۋەھم ھەم گىردابىدىن قايغۇ ،
نېچۈك بىلگەي مېنىڭ ھالىمنى مىڭ يۈك تۈشسە ساھىلغە .
ھەمە كارىم ، ئۆزۈم كامىم ( كى ) ئاخىر تارتتى بەدناملىق ،
قاچان قالغاي نىھان رازى ئەگەر كەلتۈرسە مەھفىلغە .
ھوزۇر ئىستەر ئىسەڭ ، ھافىز ، ئانىڭدىن بولماغىل غافىل ،
قاۋۇشماقلىق بۇ دۇنيادا قاچان ئول ئىشق ئەمھىلغە .

قىلغان ۋە تۈركى تىلغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ھەقتە، مۇنۇ غەزەل مىسال كەلتۈرۈلگەن:

ئەگەر ئول تۈركى شىرازى قولىغە ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندۇغە بەرگۇم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.

زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھافىز شىرازىنىڭ بۇ توققۇز بېيىتلىق غەزىلىنى يۇقىرىقى «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دېمەك، ھافىز شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ 10 غەزەل XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن قولۇمىزدا تەرجىمە قىلىنغان. ھافىز شىرازى غەزەللىرىنىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇندىن تۆت ئەسىر بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرىخىدىكى زور ۋەقەدۇر.

سۇبھەدەمدە ئاچتى خۇمارى ئىشىك مەيخانەغە ،
بۇق ـ بۇق ئاۋازى سۇراھى جان بىرۇر مەستانەغە .
مەن يىراقدىن بەزمغە كەلدىمكى ئاخىرراقدە ،
ساقىيا ، قوپ ، مەينى پۇر ئەيلەكى بۇ پەيمانەغە .
مەجنۇن ئۇلدۇم لەيلىنىڭ ئىشقىدا بۇ ئالەم ئارا ،
ئاقىلا ، قىلما نەسىھەت مەن كەبى دىۋانەغە .
چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى مەئشۇقىغە ئاشىقى ،
ئىشقىدا كۆيمەكىنىكىم ئۆرگەتتى بۇ پەرۋانەغە .
سىينە زەڭگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك دىل ،
پاكلىك بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە .
يوقدۇرۇر دۇشنام سەييادى ئەزەلكى جانىمە ،
كەلدىلەر مۇرغى ھەۋا ئالەمغە بەھرى دانەغە .
تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق ، ھافىزا ،
بەسكى ئاچماسدا ئىشكنى بۇ كىچە مەيخانەغە .



ئەگەر ئۇل تۈركى شىرازى قولىغە ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندىغە بەرگۇم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.
بەر، ئەي ساقى، مەيى باقىنى جەننەتدە تاپالمانكىم،
كى رۇكن ئاباد ياقاسىدا ئاچىپ گۇللار مۇسەللانى.
فىغان ئۇل لولىيانكىم شوخى نازۇك كار شەھر ئاشۇب،
ئېلىتتى سەبرىنى دىلدىن سالۇر تۈرك خانى ياغمانى.
بۇ ئىشقى ناتەمامىمدىن جەمالى يار مۇستەغنا،
نە ھاجەت رەڭگى خەت پەرداز سالماس رويى زىبانى.
كىم ئېسە دەھردىن رازىكى، مۇترىب، مەي سۆزىن سۆزلە،
كىشى ئاچماپدۇ مېھنەتدىن ئاچالماس بۇ مۇئەممانى.
مەن، ئۇل ھۇسنۇكى يۇسۇفدە ھۇۋەيدا ئېردىكىم، بىلدىم،
كى ئىسمەت پەردەسىدىن ئىشق چىقاردىلار زۇلەيخانى.
يامان دېدىڭگى، خۇرسەندمەن، ئەفاكەللاھ نە خۇش ئايدىڭ،
نە زىبنەت ئەيلەسەڭ تەلخ سۆز شەكەرخا ئاغزىدىن ئانى.
نەسىھەت ئال، قۇلاق، جانانى جاندىن دوستراق تۇتقاي،
سەئادەتمەند جەۋانلار كىم بۇ پەندى پىرى دانانى.
غەزەل ئايدىڭ دۇر تەشتىڭ كېلىپ ياخشى ئۇنۇڭ، ھافىز،
سېنىڭ نەزمەڭ بىلە باقمىش فەلەك ئەقدى سۇرەييانى.

خەيرى مەقدەم مەرھەبا، ئەي تايىرى قۇتلۇق قەدەم،
مۇژدەلەرنى كەلتۈرۈك ئىقبالدىن ساھىب كەرەم،
نامەنى ئاچىپ سىرىشكىم بىرلە يازغان مەن خەتىن،
شەرھى ئارزۇمەندى ھەرگىز يازماغاي ئەمدى قەلەم.
سەبر قولدىن كەتتى، نەيلەي، تۈركى ئىشق تاراج ئېتىپ،
روزى ئاخىر سوركى دەرۋىش ھالىنى، ئەي مۇھتەشەم.
گەنجىغە ئەرزىر بۇ نۇكتە، ساتقۇم ئانى رايگان،
سۇھبەتى يارانۇ ھەمدەم بىل غەنىمەت مۇغتەنەم.
گەر ھەرىمى كەئبە خاھلارسەن جەمالى بىنىقاب،
لالەئى گۇل بىل ھەمە خارۇ بەيابانىن ھەرەم.
ھەلقەدەك چىرمانسە نەچچە زۇلفى ئەفئى بەندىكىم،
مېھر ئۈزمەك ئاسان ئېرمەس، ئەي دىل، ئەفسۇن قىلمە دەم.
سۇھبەتى ئۇششاق قاچ، زاھىد سېنى بەدنام ئېتەر،
بادە دەۋرىغە نېگەھ قىلغىلكى مەجلىس مۇتتەھەم.
ئۆتتى، ئەي دىل، خارلىق كۆردۇم رەقىبنىڭ جەۋرىدىن.
يار يېتىپ كەلدى، بىھەمدۇللاھ، ئەزىزى مۇھتەرەم.
ساقىيا، مەي بەركى دىگەر بار رىندى ئىشقىغە،
چەكتى ھافىز نامەسىغە خاجە كىلكىدىن رەقەم.

بۇلبۇلى خۇشرەڭگى گۇلنىڭ بەرگىدىن مىنقار ئېتەر،
بىنەۋا بەرگى نەۋا خۇش نالەھايى زار ئېتەر.
نالە فەريادىندىن ئايدى كىمكى بۇ ۋەسل ئىچرەكىم،
ئايدى مەئشۇق جىلۋەسى جانۇ دىلىم فەرياد ئېتەر.
يا ئەگەر ئۇلتۇرمەسە يانىمدە يوقدۇر ئىئتىراز.
پادىشاھى كامرانلار كىم گەدادىن ئار ئېتەر.
نازدىن ئول دوست چىنى ئالمايىن قىلسام نىياز،
خۇش ئېرۇرمەن نازەنىنلەر ناز بەرخوردار ئېتەر.
قوپقاسەن نەققاش، ئىلكىن جانىمە ئەفشان قىلاي،
بۇ ئەجايىب نەقشلەرنى گەردىشى پەركار ئېتەر.
قىلماغىل بەدناملىق فىكرىن مۇرىدى ئىشق سەن،
خىرقەنى ئەيلەپ گەرەۋ سەنئانكى دەفئ خۇممار ئېتەر.
ۋەقتىدە شىرىن قەلەندەر خۇشما سەير ئەتۋارىدە،
زىكرى ـ تەسبىھۇ مەلەكنى ھەلقەئى زۇننار ئېتەر.
نىستىلىقدە سەير ئېتەر ئارىف مەقامى قايدادۇر،
مەھۋ ئېتىپ ئۆزلۈك ۋۇجۇدىن ئالەمى ئەسرار ئېتەر.
قەسر ئول ھۇران سىرىشتىنىڭ بامىدە ھافىز كۆزى.
شىيۋەئى «جەنناتۇ تەجرى تەھتىھەل ـ ئەنھار» ئېتەر

قىلسە مۇشكىن چىنىدىن ئۈترۈكى كاكۇل سىندۇرۇر ،
لالەكىم دىل خۇن قىلۇر بازارى سۇنبۇل سىندۇرۇر .
ئول خىرامان سەرۋى گۇلنار قىلسە گەر مەيلى چەمەن ،
سەرۋ ئاياغىغە يىقىلىپكىم ۋەلې گۇل سىندۇرۇر .
ئەبرۇيى جانان خەيالى بولدى كۆزۈمدىن يىراق ،
سەيللەر كەلدى بۇ يولغە ئەمدىكىم بۇل سىندۇرۇر .
تەگسە گۇلنىڭ پەردەسىغە سۇھبەتىدىن تازە نەم ،
غەم تىكەنىدىن دىلى مەجرۇھ بۇلبۇل سىندۇرۇر .
هافىزا ، بۇ سىررى ۋەهدەتنى قۇلۇڭدىن بەرمەگىل ،
تا خەيالى زۇهدى تەقۋانى تەۋەككۇل سىندۇرۇر .



بەردى بىنەفشە ئۆزرە تاب تۇررەئى مۇشك سايىڭىز ،
پەردەئى غۇنچەنى ئاچۇر خەندەئى دىلكۇشايىڭىز .
ئەي گۇلى خۇش نەسىمكىم بۇلبۇلىڭىزنى قوغلامىڭ ،
سىدق ئىلە نالەدىن قىلۇر ۋەقتى سەھەر دۇئايىڭىز .
مەنكىم مەلۇلى بولماسام بۇ نەفسىئى فەرىشتەدىن .
قالۇ مەقالە ئالەمى تارتادۇمەن فىراقىڭىز .
مېھرى رۇخۇڭ سىرىشتىمەن ، خاكى دۇرىڭ بىھىشتىمەن ،
ئىشقىڭۇ سەرنەۋىشتىمەن ، راھەت ماڭا رىزايىڭىز .
دەۋلەتى ئىشقى كۆرگەسەن ، فەقرى يولىدا مۇھتەشەم ،
تاجى سەرىرى سەلتەنەت سىندۇرادۇر گەدايىڭىز .
جامى مەيى ئەخرەقەكىم گەرچە مېنىڭ خورۇم ئەمەس ،
ئىن ھەممە نەقشىنى چېكىپ ئەيلەپ تەلەب ۋەفايىڭىز .
شورۇ شەرابى ئىشقىڭىز چىقسە ئاغىزدىن باش ئۇرۇپ ،
بولغۇسى پۇر ھەۋەس بۇ باش خاكىدەرى سەرايىڭىز .
شاھى نىشىن بۇ جىسمىكىم تەكيەگەھى خەيالدۇر ،
جايى شەھى دىلىم مېنىڭ فىكرى خەيالى يادىڭىز .
ئىشقى گەدايى دەلقىنىڭ قوينىدا گەنجى پۇر ئېرۇر .
پاتغىنە سەلتەنەت تاپۇر كىمكى بولۇر گەدايىڭىز .
خاسەئى ھۇسنىدە ئېرۇر ، خۇشنە چەمەندۇر ئارەزىڭ ،
ھافىزى خۇش كەلام ئېرۇر مۇرغى غەزەل سەرايىڭىز .

كىشىكى ھۆسن ۋەفا ئىچرە يارىمە يەتمەس،
سىنىڭ بۇ سۆزىمە ئىنكار كارىمە يەتمەس.
ئەگەرچە ھۆسنفۇرۇشلار كىلىپدۇ جىلۋەغەكىم،
كىشىكى ھۆسنۇ مەلاھەتدە يارىمە يەتمەس.
بەھەققى سۆھبەتى دەيرىنىڭ ئىچرە مەھرەمى زار،
كى يار يەكجىھەتى ھەق گۆلزارىمە يەتمەس.
ھەزار نەقش چىقار كىلكى سۇنئىدىنى بىرى،
كۆكۆل ئالۇرغە بۇ نەقشى نىگارىمە يەتمەس.
ھەزار نەقدىكى بازارى كائىنات ئىلتۇر،
بىرى بۇ سىككەئى ساھىب ئارىمە يەتمەس.
دەرىغ، قافىلەئى ئۆمر كەتتىلەر ئانچە.
نەئىندكى كىردى ھەۋايى دىيارىمە يەتمەس.
دىلاكى، قورقمە ھۆسۇد، خەبسىدىنكى ئىمىن بول،
يامانكى خاتىرى ئۆممىدۋارىمە يەتمەس.
چۇنان تىير مەيلكى خاكىرەھ بول ھەر كىمگە،
غۇبارى خاتىرە ئول رەھ گۆزارىمە يەتمەس.
كىيۇردى قورقامە ھافىزنى شەرھى قىسەسىكىم،
كى سەمئى پادىشەھى كامكارىمە يەتمەس.

هەم ئىيد ، مەۋسۇمى گۇل ، ساقى ، كېتۆر فىياله ،
كىم كۆردى گۇل چاغىدا مەيسىز قەدەھۇ بادە .
ۋائىز قىلۇر نەسىھەت ئاشقلاغە تۈنۇ كۈن .
كۆردۈم بۇ كۈن ئانى مەست تەقۋاسى يوق تالادە .
تاڭلا بۇ كۈن ئىكى كۈن بىل غەنىمەت گۇل ۋەقتى ،
ئاشىق ئېسەڭ تەرەب قىل تاپ شاھدانى سادە .
گۇل كەتتى ، ئەي ھەرىفلەر ، نې غافىل ئولتۇرۇرسىز ،
قىلماي سۇرۇدى نەغمە يارسىزۇ جامى بادە .
مەجلىس سەبۇھىدەكىم نە نەرسە خۇش كۆرۈنۈر .
ساقى ئۇزارى ئەكسى جام ئىچرە بولسە بادە .
مۇترىبكى چەكسە نەغمە ، شاھىدكى سەۋت قىلسە ،
ھافىزى شۇ تەرزىدەكىم بەزمىئى شاھزادە .



# مەزھەرى

سەھەر چۇ بۇلبۇلى بىدىل كەبىكى كەزدىم باغ ،
يۇرۇپكى نەكھەتى سۇنبۇل قىلاي ئىلاجى دىماغ .
نىگاھكىم گۇلى سوردى بۇزىغەكىم قىلدىم .
ئېرۇركى تۇن كېچەدە رەۋشەنىكى ھەمچۇ چەراغ .
چۇنانكى ھۇسن جەۋانلىغدا ئۆزىگە مەغرۇر ،
ئالىپدۇرۇر دىلى بۇلبۇل ھەزار گۇنە فەراغ .
ئاچىپدۇ نەرگىسى رەئنا كۆزىنى ھەيرەتدىن ،
قويۇپدۇ لالەكى سەۋدادا جانۇ دىل يۇز داغ .
تىلىنىڭ تىغىنى سەۋسەنكى سەرزەنىشدە ئاچىپ .
ئاغىز ئاچىپكى شەقايىقكى خەلقغە ئىنفاغ .
گەھى چۇ بادەپەرەستدەك سۇراھى ئىلكىدەكىم ،
گەھىيۇ ساقىئى مەستدەك ئالىپ قولىغە ئاياغ .
نىشات ئەي بۇ جەۋانلىق چۇ گۇل غەنىمەت بىل ،
كى ھافىزا ، يوق ئېرۇر جۇز رەسۇلۇ غەيرى بەلاغ .

كـىـر گـۈزدۈق . گـەرچـە بۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ ، لېكىن، شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى كـۆپـچـىلىكنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق ئۇلار- نـىـڭ ھايـاتـى ۋە ئىـجـادىـي پائالىيەتلىرى يورۇتۇلۇپ ، ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق تۇسخىلىرى مەيدانغا چىققۇسى .

## مۇھەررىردىن :

بۇنىدىن ئالتە يىل مۇقەددەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن « باياز »ناملىق بىر قول يازما تېپىلغانىدى. بۇ قول يازمىغا ئەينى دەۋردىكى قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بەشىرنىڭ : « مۇھەممەد بەشىر ئىبنى شاھ ئەردەشىر . 1229 ـ ھىجرىي » ( يەنى مىلادى 1813 ـ 1814 ـ يىللار ) دېگەن سۆزلەر چۈشۈرۈلگەن تامغىسى بېسىلغان. بۇنىڭدىن مەزكۇر « باياز » نىڭ XIX ئەسىردىن بۇرۇن تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

« باياز » غا 33 نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرى تاللانغان. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىرەر يۈز پارچە، بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. « باياز » غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن ھافىز شىرازى، ھوۋەيدا، مەشرەبتىن باشقىلىرى ھەممىسى دېگىدەك ئۇيغۇر شائىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئازغىنا شېئىرلىرىدىنمۇ روشەن كۆرىنىپ تۇرىدۇ.

« باياز »دىن مەلۇم بولغان بۇ شائىرلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي يولى بىلەن ئىجادىي پائالىيىتى قاتارلىق تەرەپلىرى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئايرىملىرى توغرىسىدا تارىخى مەنبەلەردىن بەزى يېڭى مەلۇماتلار بايقالماقتا. كۆپىنچىسىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تېخى تەتقىقات ئۈستىدە تۇرماقتا.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن « باياز »غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن مەزھەرى، رىزائى، ۋەفائى، فىراقى، ھۇزۇرى قەرارى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى قولىمىزدىكى بۇ يېڭىدىن تۈزۈلگەن « باياز » غا

تۇتىئى خەتتىڭ بولۇر ئايىنەگە ئۇلدەم شىكار ،
يوق ئەگەر بولسە يۈزىدە جەۋھەرى زەڭگى غۇبار .
ئاھۇ ۋەھشىنى سەيد ئەتمەككە پىنھان دام ئۇرار ،
بولماسا ئايىنەيۇ سۇ ئىچرە جەۋھەر بىرلە تار .
جەم ئەمەسدۇر سەنسىزىن ھەر كىم قولىدا بولسە جام ،
بولماغى مۇمكىن ئەمەس ئىسكەندەر ئول ئايىنەدار .
شاھلىغ تەبلىن قاقۇر بولسە گەدانىڭ ھىممەتى ،
ئىلكىدە جامى مەيۇ قاشىدا يا بىر گۇلئۇزار .
راھەتى بولسە ئانىڭ زەمىندە باردۇر كىبرەتى ،
گۇلنى كىم كۆردى چەمەندە بولماغاي يانىدا خار .
ئۈزمەگىل ھەرگىز مۇھەببەت رىشتەسىن ، ئەي مەزھەرى ،
يىلۇ ئايۇ كۈندە سەن ھەر دەمدە يارىڭ سارى بار .



## مەزھەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسرائىل يۈسۈپ

### غەزەللەر

ئەي زۇھۇرى ئافتابىڭدىن تۈشۈپ ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ھەر تەرەف جان ئەۋرۈلۈر ئەبدان ئارا.
ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئادەمنىكىم،
بۇ جىھەتدىندۇر زۇھۇرى كاملىڭ ئىنسان ئارا.
گەر تەجەللىئى جەمالىڭدىن چەمەندە بولماسا،
نېدۇر ئەفغان قىلماغى بۇلبۇلغە ھەم بوستان ئارا.
جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىئتىدالىڭغە تانۇق،
كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا بۇ راستدۇر يالغان ئارا.
تا سېنىڭ سەۋدايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشقە،
يۈز تۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇ جان ئارا.
ئول بەلى ھۆكمىدە بولدى جانىمە يۈز مىڭ بەلا،
دەردۇ غەم، مەھزۇن كۆڭۈلگە مېھرى ئىشقىڭ جان ئارا.
مەزھەرى، بولغىل قەنائەت كۇنجىدا، ۋەيرانە تۇت،
زاھىر ئولغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋەيران ئارا.

ئۆتتى بەھار ۋەقتىيۇ بولدى خەزان چاغى ،
ئۆتتى چەمەندە خارەلەرىيۇ فىغان چاغى .
ئۆتتى بۇ دەھر گۇللارى خۇش گوي بۇلبۇلى ،
قارغە قۇرۇق ياغاچغە قونۇپ ساڭغاغان چاغى .
باردى بۇ دەھر گۇلشەنىنىڭ سەرۋى قەدلەرى ،
بولدى بۇ باغ سەرۋىلەرىنىڭ دەۋران چاغى .
بىردەم بۇ دەھر ياخشىلارى ئۆتتى تۇرمايىن ،
باردى زەمانە ياخشىسى ، قالدى يامان چاغى .
بولدى دەرىغ ۋەقتىيۇ ھەم ۋەقت خىرمەنى ،
بۇغداي كېتىپ سامانىدىن قالدى سامان چاغى .
خۇش ۋەقت كەلدى ھەزرەتى يۇسۇف ئۇلۇسغە شاھ ،
مەئمۇر ئېتىپ ۋىلايەتى قامۇلنى خان چاغى .
ھەر كىمسەنىڭ چاغىغە باقىپ كامىنى بېرىپ ،
تۇزدى ئۇلۇسنى ئەدل بىلە كامران چاغى .
دۇنيا ئايدى : مەزارئ ئەقبى نە تېرىدىڭ ،
ھەڭگاھى كىشتزار گۇلۇ بەدەستان چاغى .
ئەي مەزھەرى ، ئەگەر بۇ زەمان بەختىڭ ئولسە يار ،
دىۋانەلىكنى ئىختىيار قىل ئاخىر زەمان چاغى .

يارسىز كۈندۈز ماڭا تۇرفە قاراڭغۇ كېچەدۇر ،
كېچە بولسام يارسىز بىدارى ئۇيقۇ كېچەدۇر .
ئەھلى خىلۋەت كېچەلەر قەدرىن بىلىپ تاڭ ئاتقۇچە ،
يار يادى بىرلە ياتسە قەدرى ئۇشبۇ كېچەدۇر .
ئاي يۈزى كۈنىنىڭ زۇھۇرى ئىككى ياندا زۇلفلار ،
ئىككى يەلدا كېچەسىدەك تۇرفە خوش بۇ كېچەدۇر .
ياردىن ئايرۇ كۆزۈم تۇفانىنىڭ سېلابىدىن ،
كارۋانلار ھەر كېچە يوللار ئارا سۇ كېچەدۇر .
يار ۋەسلىنى تىلەپ كۆڭلۈمدە قىلسام ئازمون ،
كى مۇيەسسەر بولماغۇدەك كاھ بولغۇ كېچەدۇر .
دەھرى دون مەھۋەشلەرىدىن گوللارى دىلشاد ئولۇر ،
مەزھەرى بىچارەنىڭ كۆڭلىدە قايغۇ كېچەدۇر .

بىتىسەم شەرھى فىراقىڭ ئەلەمىن كاغەزغە ،
ياقىلۇر ئاھ بىلە چىقسە يالىن كاغەزغە .
ياغادۇر ئۈستۈنىگە ئىككى كۆزۈمدىن يامغۇر .
سۇۋۇ ئوت ئىچرە نەچۈك بولدى قىيىن كاغەزغە .
سىرى ئىشقىڭنى يازالماي بۇ قامىش سارغاردى ،
قىلىبان باشى تۈبەن تۈشتى يەقىن كاغەزغە .
نەي شەكەر رىزى بولۇپ يار لەبىدىن سۆزلەپ ،
قارارىپ تۆكتى تىلىنىڭ شەكەرىن كاغەزغە .
ئىچكە پاتقۇزا ئالمايدۇ سىرىڭنى بۇ دۈۋات ،
دائىما ئاغزىن ئاچىپ يايدى سىرىن كاغەزغە .
رۇمى ئايىنە قىلۇر ساق كۆرەي دەپ يۈنى ،
خەتتۇ خالىڭنى سىزىپ ئالدى بۇ چىن كاغەزغە .
لەئلۇ لەب شەككەرىگە قونسە چىبىنلار ، قورۇغۇم ،
نە ئۈچۈن داغ تۈشەر قونسە چىبىن كاغەزغە .
يارنىڭ ۋەسفىيۇ ھىجران ئەلەمىنىڭ شەرھى ،
تا قىيامەت تۈگەمەس سىزسا قالىن كاغەزغە .
تۈشسە خۇرشىدى زوھۇرى بۇ كۆڭۈل مەزھەرىگە ،
قەلەمىدىن قۇيۇلۇر دۇررى سەمىن كاغەزغە ،

..............................................................

دەرىغ ! دەردۇ تەئەسسۇف ، فىغان ، ئاھ ماڭا ،
تىلەپ بۇجان كۆڭۈل بىرلە بولمادىم مەئزۇن .
داغى ئاڭا يانا شۇكرىكى دەھر زالىغە ،
كىرىپ يولغە كۆڭۈل بەرمەدىم بولۇپ مەغبۇن .
سەفەر قىلۇر ھەمە ئەل سىيمۇ زەر تەمەئ ئەيلەپ ،
كۆزۈم ياشى ماڭا سىيم ، سارىغ يۈزۈم ئالتۇن .
نىيەتلەرىم بار ئىدى ، ھېچ بولمادى ھاسىل ،
ئۇمىد ئىلە باش ئاقاردى ، بولۇپ جىگەرلەر خۇن .
بارۇر يولۇڭدا كېچۇرسەن ئاقىن سۇلار باردۇر ،
بۇ بەندە كۆزدىن ئاقىزغان سۇيىدۇرۇر جەيھۇن .
بۇ مەزھەرىڭنى ، ئىلاھا ، مۇقىمى دەرگەھ قىل ،
باشىن قويۇپ بۇساغاڭدا ھەمىشە تىك تۇرسۇن .



يۈرۈرمەن بىر پەرۋەش ئىشقىدا تەركى دىيار ئەيلەپ ،
غەرىبلىق شەھرىدە بىخانۇمانلىق ئىختىيار ئەيلەپ .
قويۇپ لەيلى غەمىنىڭ رەختىنى بىچارە كۆڭلۈمگە ،
بەلا دەشتىدە مەجنۇندەك ئۆزۈمنى بىقەرار ئەيلەپ .

ئىشتىكەيمەنمۇ دەپ شىرىن سۆزىنى ئول شەكەر لەبدىن ،
قۇلاق ئەتتىم ئېگىپ فەرھاددەك جىسمىم نىزار ئەيلەپ .
مۇھەببەت نەخلىنى ئۈندۈرگەلى كۆپ جۇستىجۇ قىلدىم ،
جىگەر قانىن تۆكۈپ كۆز يولىدا بەس جۇيبار ئەيلەپ .

گۇھەر ئۈممىدىدە ئاسان كۆرۈندى ئىشق دەرياسى ،
ئانى ئۈزمەك بەسى مۇشكىلدۇرۇر بولماس كەنار ئەيلەپ .
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە قىلغاچ تەجەللى ئىشق سۇلتانى ،
دىلۇ دىن قالمادى غارەت ئېتىپ ھۇشۇم فەرار ئەيلەپ .

خەتى جان بەخش لەئلى ئايەتى يۇھيىل ـ ئىزام ئىدى ،
خىزىر بىرلە مەسىھادىن نىشان يوق شەرمسار ئەيلەپ .
سەبا ، يەتكۈر شەھىم زۇلفىنى جانانىم مەشامىغە ،
پەرىشان ئەيلە يارىم شامەسىنى مۇشكبار ئەيلەپ .

ئەزىمۇلقەد ر يۇسۇف شاھى ئادىل ، خادەمى مەزھەر ،
زۇھۇرى ھەم ئىنان ئولدى ئاڭا ئۆزىنى يار ئەيلەپ .

قۇياشنىڭ پەرتەۋىدىن بولدى ئەنۋار گۇنبەزى خەزرا،
كەۋاكىب شەئشەئىدىن بولدى ئەخزەر گۇلشەنى غەبرا.
تاپۇر تەبدىل خارا لەئلىلىغە مېھرى لۇتفۇگىدىن،
زۇھۇرى تۇشسە گەر قەھرىگىدىن ئولغاي لەئل ھەم خارا.
چەمەندە گۇل يۈزۈگنى كۆرمەسە بۇلبۇل بولۇر خامۇش،
تەجەللى ئەيلەسەڭ سەھرادا بولغاي زاغلار گويا.
تەكەللۇم ئەيلەگەندە تامدى زۇلمەت ئىچرە بىر قەترە،
سىنىڭ لەئلى لەبىڭدىن ئابى ھەيۋان بولدى جان ئەفزا.
ئەلىفدەك قامەتىڭدۇر ھەرفلەردە مۇندەرىج پىنھان،
ۋەلې پىنھان ئەمەسدۇر ئەۋۋەلۇ ئاخىردا يا پەيدا.
تەبىب ئىسكەنجىبىن بۇيرۇر دەۋا بۇ خەستە كۆگلۈمگە،
مۇجەررەبدۇر چۈچۈك لەفزىڭ بىلە ئول لەئل شەككەر خا.
تالاشۇر باغبان زىيبا قەدىڭ باغ ئىچرە سەرۋەم دەپ،
ئاڭا باغ ئىچرەدۇر رەئنا، ماڭا جان ئىچرە دۇر زىيبا.
تۈنۈ كۈنلەر بىھىشت نەسىبىنىڭ يادىدا بولغۇنچە،
بۇ تۈن يارىم خەيالىڭ بىرلە بولسام نەقددۇر ئەئلا.
قەنائەت مۇلكىدە قانىئ بولۇپ، مەزھەرى، سەن شۇكر ئەت،
ئۇچۇر ھىممەت ھەۋاسىدا بولۇپ جانىڭ قۇشى ئەنقا.

ئايا ساقى ، كەتۈر مەي ، تۇرمە ئەمدى ئىنتىزار ئەيلەپ ،
مەنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا سەن كامكار ئەيلەپ .
خەرابات ئەھلىدىن بەرگىل نىشانىكىم ، ئاڭا تا مەن ،
قەدەم باشتىن قىلىپ بارغايمەن ئاندا جان نىسار ئەيلەپ ،
تەمامى ئۆمرىنىڭ يوق ئەرزىشى بىر كېچە ياتماقغە ،
ئىچىپ مەي گۇل چاغى يارى بىلە بۇسۇ كەنار ئەيلەپ .
قەدىڭ تەقلىدىن ئەيلەپ سەرۋ قالدى باغ ئارا ھەيران ،
قاچىپ كەكلىك خىرام ئەتمەكدە ئەزمى كۇھسار ئەيلەپ .
كەفى پايى مۇيەسسەر بولسە لەيلىمنىڭ خەيالىدىن ،
رىكاب ئەتسەم ئاڭا كۆڭلۈمنى مەن مەجنۇن شىئار ئەيلەپ .
بىتىپ ئېرمىش رەۋاقى نىلگۇن تاقىدا ئالتۇندىن ،
كى ھىممەت ئەھلىنىڭ ياخشىلىقىدىن يادگار ئەيلەپ .
مۇھەببەت كويىدا فەقر ئەھلىدىن گەر بىر نىشان تاپسام ،
قىلۇرمەن شاھلىغ فەقر ئەھلىدىن يۈز ئىفتىخار ئەيلەپ .
ئەگەر قول بەرسە جامى ئىچ مەيى شىرازدىن ، مەزھەر ،
ھەرىفى يەكجىھەت بىر كۇنجى مەئمەن ئىختىيار ئەيلەپ .



ئول كۆڭۈل ئېرمەسكى ئاندا بولماسا دەردۇ تەلەب ،
بىر قۇرۇق شاخىدۇرۇر كىم ئېرمەس ئول نەخلى رۇتەب .
جامى جەم بولغاي كۆڭۈل ئاندا كۆرۈرلەر سىررى غەيب ،
كىمكى مەي ئول جامدىن ئىچسە قىلۇر ئەيشۇ تەرەب .
ئول كۆڭۈل ئايىنە بولغاي جىلۋەگاھى شاھ ھۇسن ،
ئەھلى دىللار ئاڭا ئەرشۇللاھ دەپ قويدى لەقەب .
كۆيدۇرۇر ھۆلۇ قۇرۇقنى فەرق ئەتمەس ئىشق ئوتى ،
بەرقى ئاھىمدىن قۇرۇق جىسمىم ئوت ئالسە نې ئەجەب .
كۆيگەلى ئىشق ئوتىغە ئاشىق كېرەك پەرۋانەدەك ،
كۆيگەلى دەۋزەخ شەرارىغە كېرەك ئەبۇ لەھەب .
دائىمى تەبدىن ئۇلۇس ناخۇش بولۇر ، لېكىن ماڭا ،
خۇش كېلۇر گەر كەلسە يارىم قاشىدىن پەيۋەستە تەب .



كى ياخشى ئۇيقۇدىن ساچراپ قوپۇردە، دىۋە دەپ ئانى.
خەيالى سىغماس ئاشىق كۆڭلىگە ئانداقكى كۆن ئەكسى،
تۇشۇپ ئايىنەگە يۈز كۆرگەلى قويمايدۇر ئىمكانى.
ئىمارەت قىلغۇچى بولمە بۇ تۇپراقدىن كى جىسمىڭدۇر،
چىقۇر مىڭ گەنجلەر گەر كۆزلەسەڭ قالغايسەن ھەيرانى.
يوقارى ئۇچ ھۇمادەك، ئۇچماغىل كەركەس قەناتىدىن،
ئۈزۈلۈپ بارچەدىن ئۇچماقغە تۇت ھىممەت فەراۋانى.
كى قالغاي چەرخ تا ئالتىنى تەغى پەرۋازلار ئەيلە،
كۆرۈرسەن ھەر تەرەفدە مىڭ تۈمەن ئەفلاك گەردانى.
بۇ دۇنيادا ئىچىپ سۇ قىلمە خۇش كۆڭلۈڭنى گەردۇندا،
ئەگەرچە بولسە توققۇز بەھر ئالۇر كوزەغە ئىنسانى.
كىشىكىم ئابى گىلغە باغلاماي كۆڭلۈڭنى تاشدەك بىل،
يۇقارى تاشلاساڭ يانە كۆرەرسەن يەر ئارا ئانى.
ھەزەر قىل بىلمەسەڭ شۇبۇ توقۇز دەريا گۇزارىدىن
ئۆتەلمەس ھەر تەرەف ھەم خام ناكەس بىرلە نادانى.
نەيەردىن تۇشتۇڭ، ئەي سەر مەست، نې بىلگۈڭدۇر ئەنەل ھەققى،
ئەگەر مەستلەر يىقىلسە تامدىن تاڭلا بىلۇر جانى
يىقىلىپ ئۆلسە ئارىق تامدىن ئول مەرگ ئەمەسدۇركىم،
ئەگەر تۇشسە مەقامى ئۇلۇۋدىن دەرمىز ئۆلۈك ئانى.
ئەجەپ كۆرمە ئاغىر يۈكلەر تۆبەنرەك پاتسە پالچىقغە،
ئۇلاغى تەڭ ئۆلۈپ مۇشكىللىك ئىچرە قالسە چەندانى.
كۆڭۈل غافىل، ئۆزۈڭ نەفسىڭ شىكارىسەن نەچۈك يەتكەي،
مۇسافىر ئۇخلاپ ئول يولدا ئىت ئالىپ قالمەسە نانى.
كەل ئەمدى ئىشق مەۋجىغە سۆز ئۇزمەكلىكدە ئەت ئەۋەز،
كى يۈز مىڭ جىبرەئىلنى مەست ئەتمىش كۆر گۇلىستانى.

## قەسىدە

كۆڭۈللەردۇر بۇتىفل، پىرى ئىشق ئۇستاد زەباندانى،
سەبەقى دۇنيادىن ئۆرمەك يۈز فەقرلىق دىلىستانى.
ھۇنەر پىر ئۆرگەتۈر ئىلم نە ھەر تىفل ئۆرگەنۈر رەمزى.
نە ھەر تۇپراقدا ئۈنگەي گۇل، نە ھەر باغ ئىچرە رەيھانى.
كىشىكىم ئۆرگەنىپدۇر ئىشق تەئلىمىنى دانادىن،
ئىچدۇر لەۋھ مەھفۇزكىم كېلىپدۇر دادى بۇرھانى.
ئەگەر ئۆرگەتسە ھەرفى تەختەدە ئەسرار پات ئۆرگەن،
كى ناگەھ تەختەنى بىنەقش ئەيلەر ھۇكمى يەزدانى.
تانۇماي ھەر كىشى ئايىنەدە تۇتى كەبى ئەكسىن،
ئۆزى شاگىرد ئولۇپ، ئەكسى بولۇر پىرى زەباندانى.
تىزىلگ ئاينەسىگە قوي يۈزۈڭنى تاكى كۆرگەيسەن،
بۇ سۇرەتلەركى سەندە بار زى مەئنىلەردۇرۇر شانى.
ساڭادۇر، ياخشى سۇرەت ھەرفىگ ئادەم ئەيجەدىدىندۇر،
ــى سەندىن بولدى خەرج ئولماق ھىسابى چەرخ دىۋانى.
بولۇر يۈك يارلىق بىلسەڭ ئەگەر يوقلۇق مەتائىدىن،
نىشان تاپساڭ بىرىپ ئىككى جەھاننى ئالغىل ئەرزانى،
ئانىڭدەك يوق بول ئۆزلۈكدىن ئەگەر ئاينەگە باقساڭ،
تاپىلماس ئاندا ئۆز ئەكسى نەچە سەيقەل بىلە بولساڭ.
تەغى سۇرەتكەدۇر ئاينە يەئنى سۇرەتى سۇفى،
ئەگەر كىرسە خەيالىغە جەمالى ھۇرى رىزۋانى.
ئەگەر كۆز ھەقغە ئاچقانلار تۈشگە كىرسە بىر ھۇرى،

شەب رەۋانلارغە يۈزىدەك كېچەنىڭ مەھتابى يوق،
سۇبھىنىڭ خۇرشىدىغە دەم ئۇرغال ھەم تابى يوق،
يار زۇلفى تابىدىن مىسكىن كۆڭۈللەر تابى يوق،
بىخۇدۇ مەست ئەيلەرگە ئۇشبۇ فالى بار ئىكەن.

چىقماغايمەن نۇقتەدەك ھەرگىز ئانىڭ پەرگارىدىن،
كۆرگەمەن دىدارىنى پەرگار ئارا ھەر سارىدىن،
ئەيلەر ئېردىم بۇ تەمەننانى ئۇمىدىم بارىدىن،
كىم جۇدا ئەتتى مېنى ئول كۆزى قارا دىدارىدىن،
كۆزنى باغلار ئاي يۈزىدىن خەتتۇ خالى بار ئىكەن.

باغ ئارا بۇلبۇل بولۇر ئول گۇل يۈزى ئاۋارەسى،
تاغ ئارا فەرھاد ئولۇر شىرىن سۆزى ئاۋارەسى،
گۇلشەن ئىچرە بولغۇسى نەرگىس كۆزى ئاۋارەسى،
خەتتۇ خالى سارى باقمە، بول ئۆزى ئاۋارەسى،
خەتتۇ خالىدىن يۈزىنىڭ ئۆزگە ھالى بار ئىكەن.

تۆرت ئۇنسۇر بىربىرىگە مايىل ئېرمەس ئېردى ئەسل،
كارگەرلىكدىن قىلىپ ئەزدادنى مەمزۇج ھەسل،
كېچە ـ كۈندۈز، ئايۇ كۈن تىنماي يۈرىدۇر تۆرت فەسل،
ھەم بەھارۇ ھەم خەزان ھەم ھەجر ئۇتى ھەم ئەزبى ۋەسل،
ئۆرتەمەس ئىككى جەھان بۇ ئىئتىدالى بار ئىكەن.

جەھد ئەيلەپ تۇت غەنىمەت ۋەقتنى يولغە كىرىپ،

## مۇخەممەس

جانىم ئىچرە سەرۋەدەك نازۇك نىھالى بار ئىكەن،
ھەسرەتىدىن قامەتىم نۇندىن مىسالى بار ئىكەن،
نۇن ئارا جان نۇقتەسىدەك ئىككى خالى بار ئىكەن،
ھەجرىدە ھەرگىز تۈگەنمەس ماھۇسالى بار ئىكەن،
يار بىلە بارچەلەرنىڭ قىيلۇ قالى بار ئىكەن.

نىشى غەم يەتسە يۈرەككە سەبر قىل كۆرمە گىرىھ،
زەھرى ھىجران نۇش قىل تەرياكغە ئەيلەپ شەبىھ،
ۋەسل باغى مىۋەسىدىن بولما نەۋمىد، ئەي سەفىھ،
ئايۇ يىل ھەجرىدە بولساڭ تۈگمە قاشىڭدا گىرىھ،
ھەجرىدە گەر يىللار ئۆتسە بىر ۋىسالى بار ئىكەن.

مەھۋەشىكىم ئىشق ئەھلى كۆڭلىنى ئەفكار ئېتىپ،
بىرنى شادۇ بىرنى غەمكىن، بىرنى خارۇ زار ئېتىپ،
بىرنى نامەھرەم، بىرنى مەھرەمى ئەسرار ئېتىپ،
ئاشىقىغە كويىدا مىھنەت ـ مۇشەققەت يار ئېتىپ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاتۇرغە بىر خەيالى بار ئىكەن.

قىبلە ئەھلىنىڭ نىگارىم قاشىدەك مىھرابى يوق،

# رىزائى

مەزھەرى ، مەردانە ، بولغىل كۆڭلۈگە ھىممەت بېرىپ ،
ماسەۋەللاھدىن كۆڭۈل ئۈز ، بۇرنە كەتمەسدىن قېرىپ ،
كۆڭۈل ئالدى ماسەۋەللاھ بارچەسىن ئەيلەپ فەرىب ،
نە ئۈچۈنكىم بارچەسىدە ئۆز جەمالى بار ئىكەن .



ئەگەر ئۆلسەم سېنىڭ ئىشقىڭدا، جانا، ھېچ ئەجەب ئېرمەس،
ئۆلۈرمەن ئۇشبۇ دەرد ئىچرە، بۇ دەردىمگە دەۋا يوقتۇر.
يۇتۇپ قانلار، فىراقىڭ دەردى بىرلە مۇبتەلادۇرمەن،
تەرەھھۇم قىلمادىڭ بىردەم سېنىڭدەك بىۋەفا يوقتۇر.
سېنى دەپ بۇ جەھان ئىچرە كۆيەر ئىشق ئوتىغە جانىم،
بولۇپ ئالەمدە رەسۋا بىر مېنىڭدەك بىنەۋا يوقتۇر.
كى جانىم ئۆرتەنۈر، سەن يارنى يادىمغە كەلتۈرسەم،
كى بۇ دەردىمگە دەرمان قىلغۇچى غەيرى خۇدا يوقتۇر.
رىزائى ئىشق ئوتىدا مەستۇ شەيدا ۋالەۋۇ، ھەيران،
كى قىلسام نالەلەر ھەردەم ماڭا سەندىن ۋەفا يوقتۇر.



رىزائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

## غەزەللەر

ئافتابدەك ئاي يۈزۈڭگە كۆپىدۇر ئەرمانىم مېنىڭ ،
ھەر زەمان يادىمغە كىرسەڭ ئۆرتەنۇر جانىم مېنىڭ .
بىر نىگاھى قىلدىڭۇ كۆڭلۈمدىن ئالدىڭ سەبر ـ ھۇش ،
ئەمدى ھەجرىڭدە كۆيەرمەن ، قالمادى جانىم مېنىڭ .
مەن سېنىڭ يادىڭدا ھەردەم يىغلادىم شامۇ سەھەر ،
ئەرشگە يەتتى مەگەر فەريادۇ ئەففانىم مېنىڭ .
كۆرمەسەم جانىم كۆيەدۇر ، بارغالى يوق تاقەتىم .
يەتكەلى دىيدارىڭ ھېچ يوقتۇر بۇ ئىمكانىم مېنىڭ .
يىغلادىم شامۇ سەھەرلەردە ساڭا فەرياد ئېتىپ ،
يەتمەدى ھەرگىز قۇلاقىڭغە بۇ ئەفغانىم مېنىڭ .
لۇتف ئېتىپ مىسكىن رىزائى ھالىغە رەھم ئەيلەگىل ،
بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا ھېچ يوقتۇر ئەرمانىم مېنىڭ .

ۋەفائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

## غەزەللەر

جانىمدە ئەلىق يەگلىغ ئول سەرۋى مەكان ئەتمىش،
جىم نۇقتەسىدە داغىن جانىمدە نىهان ئەتمىش.
جانىمنى ھەدەف ئەيلەپ، كىرفىكلەرى سەف ئەيلەپ،
غەمزە ئۇقىن ئاتماقغە قاشىنى كەمان ئەتمىش.
مەن بىدىلى ھەيرانغە ھەم كۆزلەرى گىريانغە،
چىرماشماق ئۇچۇن جانغە زۇلفىنى يىلان ئەتمىش.
ئول دىلبەرى مەھۋەشغە، غەمزە بىلە دىلكەشكە،
چېھرەم ئۆزە قان ياشىم، ھالىمنى بەيان ئەتمىش.
يارىم ماڭا سۆز قاتىپ، غەمزە بىلە قاش ئاتىپ،
ئىشق ئوتىدە سارغاتىپ، چېھرەمنى سامان ئەتمىش.
ئىشقىڭدە كېتەر باشىم، لەئلىڭ غەمى يولداشىم،
ئول شوخ قاراقاشىم مەندىن نەگۇمان ئەتمىش
ئىشق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلە باغلايدۇر،
ئۆلتۈرگەلى چاغلايدۇر، بۇ قۇل نە زىيان ئەتمىش.
دىلخەستە ۋەفائىنى ئول كۆزلەرى مەستانە،
باغرىنى كەباب ئەيلەپ كۆڭلىن تولا قان ئەتمىش.

# ۋەفائى

خەتا بىرلە سەھۋى، ئىلاھىم، ئۆتتۇپ،
قەبۇل ئەيلە تەۋبەم، گۇناھىم ئۆتتۇپ.
مەلەكلەر ئاراسىغە سالغان فىغان،
گۇنەھ دەردىدىن كۆكدىن ئاھىم ئۆتتۇپ،
[ۋەفائى ] دەرىغ، كەتتى غەفلەت بىلەن،
پەرىشان ھەمە روزگارىم ئۆتتۇپ.
قىلىپ رەھم، قىل مەغفىرەت، ياغەفۇر،
كى تەقسىرلەرىم ھەم تەباھىم ئۆتتۇپ.
بۇ گۇمراھىغە تەۋفىق ھەمراھ قىل،
كىرەي يولۇغە خانۇمانىم ئۆتتۇپ.
نەسۇدكىم، ۋەفائى، كېتىپدۇر دىسەك،
كى غەفلەت بىلە سالۇ ماھىم ئۆتتۇپ.

[ نه بۇدۇڭ ] ۋۇجۇد بارىغەدۇر سەبەب ،
بولۇپدۇركى شاھ ئۇممەتىغە لەقەب .
نە تىل بىرلە ئايتاي ئانىڭ ۋەسفىنى ،
ئېرۇر سەييىدى ھەم ئەجەم ھەم ئەرەب .
نەسىمدە بۇيۇتىدا « ھەبلۇن مەسەد » .
قىلىپ بىئەدەبلىك لىپىك بۇ لەھەب .
شەفائەت قىلىپ ئاسىي ئۇممەت ئۈچۈن ،
قىلىپ جامى كەۋسەرنى پۇر لەب بەلەب .
تىلەپ تاپمادىلاركى مىئراجنى ،
ھەمەسىن تاپىپ [ ئېردىلەر ] بىتەلەب .
يىقىتتى ۋەفائىنى گىردابى فىسق ،
كى ئاسى قۇلۇغدۇر قوپارغىل يۆلەپ .

# فىراقى

كۆگۈل مايىل بولۇر قىلساك يۈزۈڭگە يەردە هايىل كۆپ ،
بولۇر پەراۋانە فاشىن ئىچرە شەمئ ئوتىغە مايىل كۆپ .
جۇنۇنۇم ئارتتى بوينۇڭغە هەمايىل بولغالى زۈلفۈك ،
ئەجايىبدۇر بولۇر دەۋزەخ جۇنۇن سالسە [ سەلاسىل ] كۆپ .
قاراقچى كۆزلەرىك قانىم تۆكەر ، دەرمەن گۇناهىمدۇر ،
ئۆلۈم لازىم كىشى بولسە گۇنەهلەرىگە قايىل كۆپ .
يۈزۈڭدۇر شەمئ ۋەللەيلى نىقابى ئەنبەرىك ، جانا ،
تىلەيدۇر گەر كىشى ، باردۇر بۇ مەئنىغە دەلايىل كۆپ .
دىمەگىل ، ئەي كۆگۈل ، قىلدى جەمالى خەيرىنى شەيدا ،
قىلىپدۇرمىك سىنىڭدەككىم نىلەرنى ئول شەمايىل كۆپ .
ئەجەب ئىرمەس ۋەفائىنى قولاساك كۆپ فىغانىمدىن .
ئىشىكدىن قىلۇر مەردۈلار ، قىچقىرسە سايىل كۆپ .



تېنىمدىن چىققالى يەتتى جۇدالىق جىھتىدىن جانىم ،
نىسار ئۇلغاي ئاڭا جانۇ جەھانىم بەلكى ئىمانىم .
باشىمنى بەندەۋار ئىشكىڭدە قويدۇم تا تىرىكدۇرمەن .
كى تۇفراقدىن كۆتەرسۇن لۇتف بىرلە تۆكسەمۇ قانىم .
ساغىندىم گۇل يۈزۈڭنى بىردەمى كۆرمەككە مەن مۇشتاق ،
فىراقىدا سەھەر بۇلبۇلنى ئۆرتەر ئاھۇ ئەفغانىم .
بۇ ئىقلىم ئىچرە ئىستەپ كۆرمەدىم سەندەك پەرىۋەشنى ،
يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ جان بەرگەلى بىسيار ئارمانىم .
مەلاھەتدە لەبىڭگە قەندۇ شەككەر قاندا تەڭ بولسۇن ،
نەزاكەتلىك قولۇڭغە سۇ قويالماس خان قىزى ، خانىم .
كۆزۈڭ كافىرلىغى يەتمەيدۇرۇر كىم سۈرمەدار ئەتتىڭ ،
مېنى ئۆلتۈرگەلى مايىل بولۇپ سەن شاھى ئىھسانىم ،
نەچە مۇددەتدۇررۇكىم مەن ساڭا ، ئەي دىلبەرى رەئنا ،
بولۇپ مەن ۋالەئى شەيدا تۈشۈپسەن شاھى خۇبانىم .



فىراقى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

## غەزەللەر

نىگارا ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم ،
ھەمىشە دەر بەدەر ئالەم ئارا بىخانۇمان بولدۇم .
نىتەي ئەۋۋارە بولماي بىر سىنىڭدەك غەمگۇزارىم يوق ،
كۆيۈپ فۇرقەت ئوتىدا مۇبتەلائى لامەكان بولدۇم .
قادالدى كىرپىكىڭنىڭ نەشتەرى بۇ خەستە جانىمغە ،
غەمۇ مىھنەت ئىچىدە دەرد تارتىپ لامەكان بولدۇم .
خىرامان ناز ئىلەكىم تازە گۇلدەك ئاچىلىپ چىقساڭ ،
جەمالىڭ شەۋقىنى ئولدەم كۆرۈپۇ شادىمان بولدۇم .
ساڭا بۇ ئەرزى ھالىمنى بەيان ئەيلەرگە تاقەت يوق ،
تۇتۇپ غەم لەشكەرى قويماس ياقامنى ، بىزەبان بولدۇم .
نىتەي بىچارەئى غەمكىن قىلىپدۇر دەرد ئىلە ھىجران ،
سارىغ رۇخسارە ھەجرىڭ ئوتىدىن بەرگى خەزان بولدۇم .
جەمالىڭ ھەسرەتىدە ئۆرتەنۈر شامۇ سەھەر جانىم ،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ئالەمدە رەسۋايى جەھان بولدۇم .
فىراقى خەستە دىل ئاشۇفتە بولدى ئايرىلىپ سەندىن ،
فىراقىڭ دەردىگە مەھرەم جەفاغە ھەمزەبان بولدۇم .

# ھۇزۇرى

كېچە يۇلتۇز سانارمەن ئاي يۈزۈڭنىڭ ئىشتىياقىدا ،
بۇ بىئارامۇ بىخابىڭغە رەھم ئەت ، ئەي دۇرى يەكتا .
كېچە ـ كۈندۈز ۋىسال ئىستەپ قالىپمەن تۇرفە ھەيرەتكە ،
نە ھەجرىڭدىن قۇتۇلماغلىق نەۋەسلىڭغە يېتىش پەيدا .
نە ئۇيغاغلىق مەھەلىدە جەمالىڭنى كۆرەلغۇمدۇر ،
تۈشۈمدە كۆرسەم ئېردى كاشكى يۈزۈڭنى مەن شەيدا .
سېنى مەن كۆرمەگەي ئېردىم ، بۇ ئوتدا كۆيمەگەي ئېردىم ،
مېنى مۇنداق كۆزۈم قىلدى كۆزۈڭگە ئەيلەگۈم غەۋغا .
چۇ قىلدىم دەئۋىنى ئىشقىڭ مۇڭا لازىم گۇۋاھ ئولدى ،
سارىغ چېھرەمدە قان ياشىمنى كۆر ، تەسدىقى قىل جانا .
غەرەز ئۇشبۇدۇرۇر كېچە جەمالىڭ شەمئىنى كۆرسەم ،
تاڭ ئاتقۇنچە قارارغان كۆزلەرىمنى ئەيلەسەم بىينا .
سەدەفتەك كۆكسۈم ئىچرە گەۋھەرى ئىشقىڭ قىلىپ مەنزىل ،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى ئارزۇ ئەيلەپ كۆڭۈل جويا .
ئەگەر ھالىمغە رەھم ئەيلەپ جەمالىڭ كۆرسەتۈر بولساڭ ،
غەنىمەت تۇت بۇ كۈننى سالمە ۋەسلىڭ ۋەئدەئى فەردا .

# قەرارى

## ھۇزۇرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

# غەزەل

شەرابى ئىشق ئىچكەنلەر يۈرۈر دۇنيادە مەستانە ،
كى ھەركىم ئىچسە بۇ مەيدىن ئولۇر ئول مەردۇ مەردانە .
نە دۇنيادىن ئانىڭ فىكرى ، نە ئۇقبادىن ئانىڭ زىكرى ،
قىلۇر ھەر ئىككى ئالەمدىن ئۆزىن بىر يولى بىگانە .
خۇشى يوق ماسىۋا بىرلە ، ئانىڭ زەۋقى خۇدا بىرلە ،
بولۇر يادى ئانىڭ بىرلەكى تا ئۆلگۈنچە ھەمخانە .
كىشىكىم مەئنىنى تاپتى بارىن ئۆزىنى كەم تۇتتى ،
مۇھەببەت كويىغە يەتتى ئۆزىنى قىلدى دىۋانە .
قەرارۇ سەبرى قىلماسلار مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن ،
ئانىڭ شەمئى جەمالىغە بولۇر مەنەندە پەرۋانە .
بەسى سۇلتانى ئالەمسەن غۇرۇر ئەتمە ئەمەس دەۋلەت ،
خۇدانىڭ شەۋقى زەۋقىدىن ئۇ كۆنلەر بارچە ئەفسانە .
تەمامى تەختى ـ بەختىنىكى ئۇردى بىريولى بەرھەم ،
كى ئەدھەمغە بۇ ھىممەتدىن مۇيەسسەر بولدى جانانە .
ھۇزۇرى ، ئارزۇ قىلساڭ مۇھەببەتنىڭ شەرابىنى ،
مۇكەممەل پىردىن ئىزدە ، ئىرۇر زاتى چۇ مەيخانە .

ياман كۆزدىن يىراق تۇتقاي سىنى يالغۇز ئىلالىسەن .

ئاقار ھەردەم سۇخەنگەھ تۇتى يەڭلىغ ئاغزىدىن شەككەر ،
ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ دۇررى ھەققى شاھ جەھان پەرۋەر .
يىگانە ئولتۇرۇپ گۇلدەستەدەك قىلساڭ ئەدالەتلەر ،
شەھەنشاھىم ساڭاكى شاد بولغاي رۇھى پەيغەمبەر .
جەۋاھىر خىرمەنىدە دۇررى يەكتا يادگارسەن .

ئەسالەتدە ۋۇجۇدۇ زاتى پاكىڭدۇر خانۇ خاقان ،
ئەدالەت بابىدە لاپ ئۇرماسۇن جەمشىدۇ نۇشىرۋان .
خۇدا قىلغاي ساڭا قەسد قىلغۇچىنى يەر بىلەن يەكسان .
①..........................................................

① قول يازما نۇسخىدا بۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان .

## قەرارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

## مۇخەممەس

ئىشىت ئەرزىم ھەققەت ئىچرە ئالەمنىڭ پەناھىسەن ،
تەرىقەتۇ ــ شەرىئەت گۇلشەنىنىڭ پادىشاھىسەن .
جەھان مۇلكىدە ئۆزگە شاھلەر ئەنجۇمۇ ماھىسەن ،
بىلۇرلەر خەلقۇ ــ ئالەم قۇدرە تۇللاھى ئىلاھىسەن .
بۇ دۇنيادا ھەمە بىچارەلەرنىڭ سايەگاھىسەن .

ساڭا ئەۋۋەل خۇدا يار بولدى ، ئەي شاھىنى گۇل ئەندام ،
ئەزىزلەردىن مەدەددۇر كىم ياراتقان تەڭرىدىن پەيغام .
تىلەيدۇرمەن سىنى دەۋلەتىدە بولغاي دەپكى سۇبھۇ شام ،
ئەسالەتدە سىنىڭ زاتى شەرىپىڭ قۇببەئى ئىسلام ،
شەرافەتدە جەۋاھىر كانى ئىچرە مەردى شاھىسەن .

بەناگەھ مىسلى ئىسكەندەر كېلىپ ئولتۇردۇڭ ئول تەختە ،
قامۇغ دۇشمەنلەرىڭ قالدى نەدامەت بىرلە ھەسرەتدە .
خۇدا بولغاي ھەۋادارىڭ مۇدام بولغايكى دەۋلەتدە ،
شەھەنشەھلەر شەھى سەن ئەي شەھىنشاھىم ئەسالەتدە .

## ئەمنى

مۇھەررىردىن: ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن مەلۇم بولغان «باياز» ناملىق قول يازمىغا ئەمنى تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭمۇ بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بىراق، شائىرنىڭ تەرجىمەھالى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار دىۋان تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن. لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ باش ـ ئاخىر قىسمىدىن خېلى كۆپ ۋاراقلار يوقالغان. نەتىجىدە، شائىر ئەمنىنىڭ «باياز» دا پەقەت 11 پارچە غەزىلىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ 11 پارچە غەزەلدىن شائىرنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئى ماھارەت جەھەتتە خېلىلا پىشىپ يېتىلگە، ئۆز شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەن بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىكى بەزى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ غەزەللەر XVIII ئەسىرلەر ئۆپچۆرىسىدە قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغانلىقى مەلۇم. شائىر بىر غەزىلىدە قۇمۇلنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

دېمە قامۇل خەيلى، ئەمنى، شوخ بىپەرھىز ئىكەن،

ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولبارسىدىن بىباك ئىمىش.

(ھەي ئەمنى، سەن قومۇل ئەھلىنى شوخ، بىپەرۋا ئىكەن دەپ ئەيىپلىمە، چۈنكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولۋاستىنمۇ كەپسىزدەك بولارمىش.)

بۇ ئىككى مىسرادىن شائىر ئەمنىنىڭ قومۇلغا ۋە قومۇل خەلقىغە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بىلىشكە بولىدۇ. قولىمىزدىكى بۇ «باياز» غا ئەمنىنىڭ مەزكۇر 11 پارچە غەزىلىنى كىرگۈزدۇق. جامائەتچىلىكنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ٴەمنى

.................................................................... ①

نىگارىم بەزمىدە مۇترىبنى يىغمىش نە ھەقىقەتدۇر ،
مېنىڭ رەشكىمگە بەزمىدىن ئىشتىكەن ئۈن ئېرۇر بائىس .
مېنىڭ ھەم يىغلاماغىم رەشكىلەر ئىلتىپ ئەمەستۇر ئەيب ،
رەقىبنى شىھنە قىلماقلىقغە بۇ مەھزۇن ئېرۇر بائىس .
ئەمەس تاڭ يار ئىشقىدا ئەل ئىچرە بولسام ئەفسانە ،
مېنى دىۋانە ئەيلەرگە رەقىب مەفتۇن ئېرۇر بائىس .
ئەمىن ، گەۋھەر تىلەرسەن ئىشق بەھرىدىن تەۋەككۇل قىل ،
ئاڭا بەل باغلاماقلىقغە مەيى ئەفسۇن ئېرۇر بائىس .

① باش قىسمى يوقالغان .

## ئەمنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

# غەزەللەر

يار ئۈچۈن كەلتۈر رەقىبلەر باشىمە يۈز مىڭ ھەرەج ،
قىلغانىڭدىن خاسىيەت مۇندا تولا يۈز قاتلا ھەج .
ياخشىراق غەمكىن بۇ دەۋران ئىچرە يۈرگەن يادىدا ،
بۇ قەۋى ئۇممىد ئېرۇر « ئەسسەبر مىفتاھۇل ـ فەرەج ».
تۇتماق ئەئلا راست يۈزنى قاشلارى ئوترۇسىدا ،
مەقبۇل ئېرمەسدۇر نەماز يۈز كەئبەدىن گەر بولسا كەج .
يارنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن شېرىندۇرۇر جانۇ جەھان ،
ۋەسل ئولاي دەرسەن ئەگەر ئاندىنمۇ كەچ ، مۇندىنمۇ كەچ .
قاسىدا ، ھالىمنى ئول دىلدارغە بارساڭ دىگىل ،
كۈندۈزى مەشغۇل ھەر ئان ، غەملىك بولۇرمەن بولسا كەچ .
ئىشق ئېرۇر بوز قارچاغا ، لازىم ئاڭا خۇشخۇيلۇق ،
بىلمەگەنلەر قەدرىنى دۇنياپەرەست چۇن كەلھەمەج .
تەركى ئەمىن ئەيلەدى ئەسباب ئالەمنى ھەمە ،
ھەزرەتى ئىشانى كەشمىر داد ئامى جان دىگەج .

ئەيلەسەڭ ، ساقى ، كەتۈر مەي ، مۇبتەلالىغدىن خەلاس ،
بىر يولى قىلغىل مېنى بۇ خۇد نەمالىغدىن خەلاس .
شۇكرى لىللاھ ئەھلى تەقۋا بارچە مەندىن قاچتىلار ،
مەست دەپ خۇش نەفئ بولدۇم ئاشنالىغدىن خەلاس .
خانەقانى تەرك ئېتىپ مەيخانەگە كىردىم قاچىپ ،
بولغالى مۇنداغ رىيايى پارسالىغدىن خەلاس .
تۇتماسا تا پىر ھەر تالىبغە مەي ، ئول ئىچمەسە ،
ئىختىيارىچە قاچان بولغاي فەنالىغدىن خەلاس .
ساقىيا ، بولدۇم ئەسىر زالىم خۇمار جەللادىغە .
جۇرئەئى بىرلە مېنى قىل بى نەۋالىغدىن خەلاس .
يا رەب ، ئۇشبۇ ئىلتىفاتىڭ پادىشاھلىغدىن فۇزۇن ،
قىلماغىل ھەرگىز گەدانى بۇ گەدالىغدىن خەلاس .
ئەمنا ، تۇفراق ئۆزۈڭنى ئەيلە ، بولغىل دەھر ئارا ،
ماۋۇ مەنلىك كىسرەتىدىن ، بىھەيالىغدىن خەلاس .

خالىقا ، قىلما مېنى بۇ دەرد ھېچراندىن خەلاس ،
گەردەنىمنى ھەلقەئى دارى پەرىشاندىن خەلاس .
جانۇ تەن بولغاي مۇبادا ھەجر كەتسە دەردىلىك ،
جاننى ھېجراندىن خەلاس ئەتمە ، ئانى جاندىن خەلاس .
ئاھ ، دېسەم دۇدى شەرەر ئاھىم بىلە ھەمراھ چىقار ،
كۆيمەيىن بولماس ھەمە ۋەھشى بۇ ئەفغاندىن خەلاس .
غەرق بولساڭ بەھرى غەمگە سۇبھىنىڭ ئالدىغە بار ،
نۇھ يەڭلىغ گەر تىلەرسەن مەۋج تۇفاندىن خەلاس .
مەيدە رەڭ بەرگىل مۇسەللاغە دېسە پىرى مۇغان ،
تىز رەڭ بەزمىدە بولغىل بارى ئىسياندىن خەلاس .
نەڭگۇ نامۇس كۆپ جەفا قىلدى بولۇپ نەفسىم رەفىق ،
ئەيلەگىل ، يا رەب ، مېنى ئول نامۇسۇلماندىن خەلاس .
ئەي ئەمىن قەسرىگنى قىل ئاباد گەۋھەرلەر بىلە ،
ھۇكم ئىلە بولغۇنچە يۇسۇف ئۇشبۇ زىنداندىن خەلاس .



ئۇمرۇم ئىسيان بىرلە ئۆتتى نامۇسۇلمانلىغدا ، ھەيف ،
كۈنۈ تۈن غەفلەت بىلە ئەفسۇس نادانلىغدا ، ھەيف ،
تولاراق ئۇمرۇم ھەۋايۇ نەفس ئىلە ئۆتكەچ خەراب ،
بىخەبەر مەككار قالىپمەن يۈز پۇشەيمانلىغدا ، ھەيف .
نەفس ئۈچۈن تارتىپ رىيازەت ھەر سارى قىلدىم سەفەر ،
ئىلگەرى ئۆلتۈرمەدىم دۇشمەننى ئاسانلىغدا ، ھەيف .
قىلمادى كۆڭلۈم فەرامۇش ھەيفى دۇن لەززەتلەرىن ،
ئەنكەبۇتدەك ئۇمر كەچتى چۇشمۇ ھەيرانلىغدا ، ھەيف .
ساقىيا ، تۇتقىل قەدەھ كۆڭلۈم پەراكەندە قىلاي ،
جەمئ ئۇمرۇم ئۆتمەگەي شايەد پەرىشانلىغدا ، ھەيف .
بىر كۈنى ھەسرەت بىلە يەتسە ماڭا نۇشى ئەجەل ،
ئەزم جان پەژمان ئېتەر تەندىن بۇ ھىرمانلىغدا ، ھەيف .
قىل نەۋائىدىن ئۇمىد ئىمداد ئەمنى ھەر مەھەل ،
ئۇمرۇڭ ئۆتكەرمە بۇ ئالەم ئىچرە بۇھتانلىغدا ، ھەيف .



شۇكرى لىللاھ مېھرى دۇنيادىن خەيالىم پاك ئىمىش ،
ئىشق سەھراسىدا جانىم بەرقدىن چالاك ئىمىش .
بولسا يۈزمىڭ خاجە زەر جەمھۇر ئەفلاتۇن ۋەقت ،
ئىشق ئاتەشخانەسىدە تىفل بىئىدراك ئىمىش .
كۆيدۈرۈر جىسمىمنى ھەر سائەتدە يۈزمىڭ تىر گۈزۈپ ،
ئارى ـ ئارى ، ئەھلى تۇللاب كويىدا خاشاك ئىمىش .
مەن ئىشتىپ ۋەسفىنى ئوڭۇمدا ئېرمەس غەيبدىن ،
ھۇ ، دېگەن لەفزىنى دېدىم رەڭگى ئاتەشناك ئىمىش .
پادىشاھىم يادىدا يۈزمىڭ فەلەكنى سەير ئېتىپ ،
تاپمادىم ئەفلاك ئەۋۋەل بۇ توقۇز ئەفلاك ئىمىش .
ئاينى كۆر ھەسرەت بىلە يىغلاپ يۈزىنى تىرماغان ،
ئول سەبەبدىن ئۈزدى بار تىرناغلارىدا چاك ئىمىش .
ۋەھشىيۇ بىخانۇمان ھەسرەتتە كەتتى باش بېرىپ ،
ئەھلى تالىبلار باشى ئوينار پەرى فىتراك ئىمىش .
ھەجر دەشتىدە سەمۇم سوققان كىشلەرگە دەۋا
بەرگۈچىنىڭ گەردى راھى فىل ـ مەسەل تەرياك ئىمىش .
دېمە قامۇل خەيلى ئەمىن شوخ بىپەرھىز ئىكەن ،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولبارسدىن بىباك ئىمىش .

مېنى ئىشقىڭدا گەر بولسە خەيالىڭ مۇبتەلا قىلماق ،
مېنىڭ ھەم ئارزۇم باردۇر نىگارىم جان فىدا قىلماق .
تىلەيدۇرمەن كېچە ـ كۈندۈز فىراق ئىلكىدە ئۆلمەكنى ،
خەيالىڭ زىكر ھەم بەسدۇر ماڭا شامۇ سەبا قىلماق .
كېزىپ ئالەمنى تاپماق ئاسان ئېرمەسدۇر سېنى ، ئەي گۈل ،
بەسى مۇشكىل تاپىپ مەقسۇدىن ھەركىم ئىلتىجا قىلماق .
ماڭا ئەرز ئەيلەمەك ئەرزىمنى تۇرفە مۇشكىل ئېرمىشدۇر ،
ساڭا ھاجەتلەرىمنى بارچە ئاساندۇر رەۋا قىلماق .
مۇيەسسەر بولسا يادىڭدا سېنىڭ تۈنلەردە بولماغلىق ،
سەھەرلەر ئاھ چېكىپ ئىراق تەرزىدە نەۋا قىلماق .
كۆڭۈل بەرسە ساڭا ھەركىم ئۇلۇسدىن كۆڭلىنى ئۈزگەي ،
ئەگەر ئېرمەس ئىسە فىكرى جەھان ئىچرە زىيا قىلماق .
ئەمىنگە ساقىيا ، كەلتۈر شەرابى كۇھنە مەرد ئەفكەن ،
بولۇپدۇر ئارزۇ سەججادىسىنى بورىيا قىلماق .



بولسا مەقسەد، ئەي نىگارىم، ساڭا چەۋگان ئويناماق،
ماڭا ئارزۇ گوي ئېتىپ باسمىنى ھەر يان ئويناماق.
قىلغالى گۈلگۈن ھىنا ئورنىدا ئىلكىڭنى ئەگەر،
ئويناماق بولسا ساڭا قان، ماڭا ھەم قان ئويناماق.
گۈل ئۇزارىڭنى نىھان قىلدىڭ قىلىپ زۇلفۇڭنى چىن،
چىن ئېلى يەڭلىغ دۇرۇرمۇ رەسم قالقان ئويناماق.
سۇردى مەيل ئىككى كۆزۈمگە مەردۇمى بولسۇن گۇداز،
گەر مۇرادىڭ بولسا مەندىن ساڭا پىنھان ئويناماق.
ئەيلەدىڭ بەرباد دىنىمنى ئويناي - ئويناي ئانچەكىم،
رەسم ئايىن بۇمۇدۇر، ئەي نامۇسۇلمان ئويناماق.
ئوقلارىڭنىڭ ئانچە پەيكانى مېنىڭ كۆڭلۈمدەدۇر،
لازىم ئولسە ئاختارىپ ئال ئانچە پەيكان ئويناماق.
نەچچە يالغان ۋەئدەئى ۋەسل ئەيلەدىڭ ئويناپ بولۇر،
مۇنچەمۇ ئەمىنگە، ئەي شوخ، ئەھد يالغان ئويناماق.



ماڭا ھەم بىر غۇنچەئى خۇشبۇي نەۋرۇزى كېرەك ،
ساڭا ھەم جان بەرگەلى مەندەك سىيەھ رۇزى كېرەك .
ئارزۇ ئەيلەپ سېنى سەد پارە بولدى كۆكرەكىم ،
ئانى پەيۋەند ئەيلەمەككە ياخشى دىلدوزى كېرەك .
بولدى دەردىم بىھساب ، ئەمدى ئىلاجىم يوق مېنىڭ ،
يىغلاماقدىن ئۆزگە ھېچ ئاھ جىگەر سوزى كېرەك .
ئىستەرەم مەي بىرلە ئىشرەتخانە ساقى بولغۇدەك ،
ئافتابدەك بىر پەرىۋەش مەجلىس ئەفرۇزى كېرەك .
مەندىن ئۆزگە قايدادۇر بۇ ھەيرەتى ئالەمدە ئەيش ،
كىمكى ئىستەر ئەيش ئاڭا ئاھ جىگەر سوزى كېرەك .
يوقتۇرۇر فۇرقان ئىچىدە بىر ھۇرۇفى دەرسى ئىشق ،
دەرس ئىشق ئۆرگەتكەلى پىرى دىل ئەفرۇزى كېرەك .
ئەي شەھەنشاھىم سېنىڭ ئىشكىڭدە ئىمىندەككىنە ،
سايراماققە بۇلبۇل ئورنىدا قىلادۇزى كېرەك .



دېمەس بىر قايىدا دىۋانە مېنى ئول گۇلئۇزارىم يوق ،
بۇ بائىسدىن فىراقىدا ئىشىم جۇز ئاھۇ زارىم يوق .
بولۇپمەن ھەجرىدە بىچارە ، رەڭگىمدۇر خەزان يەڭلىغ .
سارىغ قايداق بولۇرمەن سەبزە يەڭلىغ نەۋ بەھارىم يوق .
چېكىپ فەرياد يۇرۇرمەن كوھى فۇرقەت ئىچرە فەرھاددەك ،
يۇرەكىم داغىدىن ئۆزگە جەھاندا لالەزارىم يوق .
نەچە ئاھۇ فىغان چەكتىم مۇرادىم بولمادى ھاسىل ،
نىگارىمسىز نەچۈك ئەيلەي مېنىڭ سەبرۇ قەرارىم يوق .
مېنىڭ يارىمچە يۈزمىڭ ياركىشى تاپقان بىلە بولماس ،
بىھەمدۇللاھ مېنىڭ يارىمدىن ئۆزگە ھېچ يارىم يوق .
بىرەۋ كەلتۈرسە يارىمدىن ماڭا گەر خۇش خەبەر ، بەرمەي
سۆيۈنچى دەپ ئاڭا جانىمنى مەن ھەرگىز تۇرارىم يوق .
ماڭا سىنغان سەفال جەمشىد جامىدىن بەسى خۇبدۇر ،
ئالىپ ئىلكىمگە نۇش ئەتسەم قويۇپ مەي نەڭگۇ ئارىم يوق .
خۇمارى مەن ئەگەر ساقى تەرەھھم ئەيلەسەڭ مەي تۇت ،
ماڭا سىنغان سەفال [ سۇنغىل ] ، ئىچەي بولسۇن خۇمارىم يوق .
ئىلاھا ، بۇ قۇلۇڭ ئەمنىنى بار ئەتكەن خۇدايىم سەن ،
ئەدەمدىن كەلتۈرۈپ ئۆزگە مېنىڭ پەرۋەدىگارىم يوق .

# غەيرەتى

دىلبەرا، ئاي يۈزدە خالىڭ راھەتى جانىم مېنىڭ،
ئاي يۈزۈڭ ئون تۆرت كۈنلۈك ماھى تابانىم مېنىڭ.
سەرۋ قەددىڭ جانىم ئىچرە چۈن ئەلى زىينەتدۇرۇر،
قاشلارىڭدۇر كۆڭلۈم ئىچرە مەددى ئىمانىم مېنىڭ.
ئارەز ئۈزرە خەتتۇ خالۇ زۇلى ئىككى كۆزلەرىڭ،
كىشۋەرى كۆڭلۈم ئارا ھاكىمۇ سۇلتانىم مېنىڭ.
ئەبر ئىچىدە رەئد ئەمەس فەريادۇ ئەفغان ئەيلەگەن،
شۇئلەئى ئاھىم شەرارى دۇدى ئەفغانىم مېنىڭ.
قىينادى ئول يار كويىدا سەراسەر تىنمايىن،
قويمادى يا تىنغالى يا چىقمادى جانىم مېنىڭ.
خىزر يەڭلىغ سەبز خەتتىڭدىن تاپار جان تازە جان،
ئافتاب لەئلىڭ بولۇپدۇر ئابى ھەيۋانىم مېنىڭ.
ئوت تۇتاشتى كۆڭلۈم ئىچرە نەچچە يىلدۇر جانىمە،
بىر قىيا ھەم باقمادى ئول شوخ جانانىم مېنىڭ.
①..............................................

① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان.

يارىنىڭ كويىدا مەن ئەمگەلگەلى ،
كېچە ـ كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى .
تىل ئۇچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى .
يەم بېرىپ ، يۇرتۇمغا يانسام خۇبمۇكىن .

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ ئىلچى شەھىرىدىن يەركەنگە كەلگەنلىكى ، يەنە بىر قانچە مۇددەتتىن كېيىن يۇرتىغا قايتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . چۈنكى XVI — XVIII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەركەن شەھىرى سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنمۇ يەنە بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇستەھكەم ئاساسىنى ساقلاپ قالغان XVII — XVIII ئەسىرلەردە خوتەندە ئۆتكەن بىر قىسىم شائىرلار ۋە ئەدىبلەر يەنىلا يەركەندە ئىلىم تەھسىل قىلغان . بۇلاردىن نەۋبەتى ، مەھزۇن ، مىسكىن ۋە موللانىياز قاتارلىق شائىرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ . جۈملىدىن . غەيرەتىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يەركەنگە كەلگەن . ئۇنىڭ «خۇبمۇكىن» رادىفلىق مۇخەممىسى ئاپتورنىڭ يەركەندە ئۆتكەن تالىپلىق دەۋرىنىڭ بەدىئى خاتىرىسىدۇر .

شائىر غەيرەتىنىڭ بۇ مۇخەممەسدە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ پاك مۇھەببەتنى ، سەممىي ساداقەتلىكنى ئۇلۇغلايدىغان ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى ، ھەقىقىي ئىسانى مۇناسىۋەتلەرنى قەدىرلەيدىغان ئىلغار پىكىر ئىگىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇ « باياز » غا غەيرەتىنىڭ يۇقىرىدا قەيد قىلىپ ئۆتۈلگەن مۇخەممىسى كىرگۈزۈلدى . كۆپچىلىكنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە غەيرەتىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمۇ تېپىلىپ ، يورۇقلۇققا چىققۇسى .

## غەيرەتى ①

**مۇھەررىردىن :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدىن تېپىلغان «باياز» ناملىق قول يازما ئىچىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇر شائىرى غەيرەتىدۇر .

شائىر غەيرەتى تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەننىڭ ئىلچى شەھرىدە تۇغۇلۇپ ، ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان . گەرچە غەيرەتىنىڭ تەرجىمەھالى ھەققىدە تەپسىلىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ ، لېكىن ، «باياز» نىڭ تۇزۇلگەن ۋاقتى ۋە شائىر غەيرەتىنىڭ شېئىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم مەنبەلەردىن ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر بەزى يىپ ئۇچلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ . «باياز» غا غەيرەتىنىڭ «خوبمۇكىن » رادىفلىق بىر مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن . مۇخەممەس 48 كۇپلېت (240 مىسرا) بولۇپ ، غەيرەتى بۇ مۇخەممەسنى يەركەندە يازغان ۋە ئۇنى يەركەندىكى مەشۇقىسىگە بېغىشلىغان . بۇنى شائىرنىڭ :

ياركەند شەھرىدە مەنزىلگاھىمىز ،
تا تىرىكمەن ، بىر قىلىنىڭ پەرۋاھ سىز ،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆتىسىڭىز ناگاھ سىز ،
« ھو ئېلى ئەنجۇم كۆرۈنگەي ، ماھ سىز ،
ئاھ دەپ ئىشقىڭىدا ئۆلسەم خوبمىكىن .

دېگەن مىسرالىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ، شائىرنىڭ يەنە :

بولدى ئۈچ يىل ئىلچىدىن بىز كەلگەلى ،

---

① بۇ ماقالە «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىكى «شائىر غەيرەتى » ناملىق ماقالىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

شۇم رەقىبلەرنى يوق ئەتسەم خۇبمۇكىن.

قەددى زىيبانىڭ بۆلەكچە ھالى بار،
كۆزى نەرگىس ئاي يۈزىدە خالى بار،
دەردمەنلىكدە ئەجايىب ھالى بار،
بەند ئېتەرگە ساچى سۇنبۇل تارى بار،
زۇلفىدىن زۇننار ئەشسەم خۇبمۇكىن.

يارنى ئىزدەپ بارىپ مەن تاپمادىم،
ھەجر دەرياسىغە كىردىم ئاقمادىم،
ياد ئەيلەپ سەيھە تارتىپ ياتمادىم،
كۆز يۇمۇپ كىرپىكلەرىمنى ئاچمادىم،
خەس بولۇپ كۆزگە قادالسام خۇبمۇكىن.

يار تۇتسە مەھبۇبى بىزدىن بۆلەك،
تارتىشىپ ئاغرىر باغىر بىرلە يۈرەك،
جەڭ قىلۇرغە لەشكەرى ھەر كۈن بۆلەك،
گوشت سىزىپ، پوستۇم بىلە قالدى سۆڭەك،
كۆڭلۇم ئاغرىپ، ئۆيگە بارسام خۇبمۇكىن.

ئول پەرىۋەشنىڭ ماڭا قاش ئاتقانى،
دۇررۇ مەرجاندۇر قەلەم قاش ئاتقانى،
تاش ئەمەس گەۋھەر قارا قاش ئاتقانى،

## غەيرەتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

### مۇخەممەس

يارنىڭ كويىغە بارسام خۇبمۇكىن ،
يول يۈرۈپ كويىدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن ،
تەلمۈرۈپ خىزمەتدە تۇرسام خۇبمۇكىن ،
هەجر چاقماغىنى چاقسام خۇبمۇكىن ،
بارگاهىنى يارۇتسام خۇبمۇكىن .

مەھبۇبەنىڭ بىزدىن ئۆزگە يارى بار ،
سىينەسىدە ئالما بىرلە نارى بار ،
نار باغىدا ئەجايىب نارى بار ،
بىر ئىلىك سۇنسامكى ئايتۇر : نارى بار !
يانە بىر ئىلكىمنى سۇنسام خۇبمۇكىن .

بۇ كۆڭۈل كۆيگەچ ھەببىغە قاينادى ،
مۇڭداشۇرغە بولسا ياخشى جاي دىدى ،
بىر ئىلىك سۇنسام رەقىبلەر « هاي ! » دىدى ،
ئاڭلاماس دەپ ياندۇرۇپ « هاي ـ هاي ! » دىدى ،

ئىشق بارگاھىدە مەن دەر بولمىشىم،
چەرخ ئۆرۈپ ئالدىدا دەمدەر بولمىشىم،
بۇق - بۇق ئاۋازىنى قىلسام خۇبمۇكىن.

پاي بۇسىدا تۇرۇپ ياھۇ دېسەم،
ئاڭلاماي ئولتۇرسا، مەن ئاھۇ دېسەم،
روز - شەب يادىدا ئەللاھۇ دېسەم،
لائىلاھ بەلكى ئىلەللاھۇ دېسەم،
زىكرى تەسبىھدە بولسام خۇبمۇكىن.

ياردىن ئايرىلماغايسىز بىر نەفەس،
ھەجر زىندانى ماڭا بولدى قەفەس،
يارسىز ئۇشبۇ تىرىكلىكدۇر ئەبەس،
بىر نەفەسدە ئۇچقالى قىلدىم ھەۋەس،
ئىندەسە ئىلكىگە قونسام خۇبمۇكىن.

دىلبەرى قۇ - قۇ دېسە فەيلەر قاقىپ،
شۇم رەقىبلەر بارغالى قويماس باقىپ،
ھەجر دەرياسىغە بارسام مەن ئاقىپ،
بارغانىمدىن بىخەبەر بولسا رەقىب،
زەخم تىغ ئۇرماسدە يانسام خۇبمۇكىن.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا دەردمەند،
ئەقلۇ ھۇشۇ، فەھم - ئىدراكى بەلەند،

.......................................................... ①

بىر باقىپ توققۇز قاش ئاتسام خۇبمۇكىن .

مەھبۇبەنىڭ جايىگاھىدۇر ئىرەم ،
پايى گەردىدىن ماڭا يەتسە بەھەم ،
رەۋشەن ئولغاي كۆزۈمە چەكسەم رەقەم ،
شاد بولسا بۇ كۆڭۈل يوق بولسا غەم ،
باغ ئىچىدە باغ ـ باغ ئەتسەم خۇبمۇكىن .

ئولتۇرۇرلار يار زۇلفىنى سىلاپ ،
تەشنەلىكدىن تاپمايىن بىر قەترە ئاب ،
ئول ئىمامغە ئۇردى يەزىد تىغ قاداپ .
مەن تۇراي دەپ يۈز تۈمەن دەۋلەت مەئاب
كەربەلا دەشتىدە ئۆلسەم خۇبمۇكىن .

مەھبۇبەغە نە ئەجەب مايىلدۇ مەن ،
ھەرنە فەرمان ئەيلەسە قايىلدۇ مەن ،
شەمئ گۇل رۇخسارىغە ھايىلدۇمەن .
ياستانۇرغە ئىشكىدە سايىلدۇمەن ،
تەلقىن ئايتىپ سەدر تاپسام خۇبمۇكىن .

يار فىكرىدە قەلەندەر بولمىشىم ،
ئۆرتەنىپ ئوتقا سەمەندەر بولمىشىم ،

---

① بۇ بىر مىسرا ئەسلى قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن .

چەۋرۇلۇپ مەقسەدلەرىمگە يەتمەسەم .
ئۇشبۇ دەردىڭنى يامان دەپ كەتمەسەم ،
ئاخىرى ئارزۇمغا قانسام خۇبمۇ كىن .

قايدا ئېرمىش دىلبەرى مەن ئاڭلاسام ،
ئاي يۈزىنى كۆرگەلى بەل باغلاسام ،
مېھرى بارمۇ ـ يوقمۇ مەن بىر چاغلاسام ،
سىررىنى جانىمدا پىنھان ساقلاسام ،
تەڭرىگە مىڭ شۇكرى قىلسام خۇبمۇ كىن .

رەھم قىلماس مەن غەرىبنىڭ ھالىغە ،
كۆپ جەفا ئەيلەپ غەرىبنىڭ ھالىغە ،
رەھمىسى كەلمەس غەرىبنىڭ ئاھىغە ،
كىر گەلى قويماس رەقىب دەرگاھىغە ،
فۇرقەتىدە ئاھ ئۇرسام خۇبمۇ كىن ،

يار رۇخسارىن مۇباھدۇر كۆرمەكىم ،
ئارزۇ ئېردى كويىدا ئۆلمەكىم ،
زۇلفىنى قايرىپ لەبىگە سۆيمەكىم ،
خۇپ ئەمەستۇر سۆيمەكىمكى ، ئۆپمەكىم ،
مەڭزىگە سۆيمەككە ئۆپسەم خۇبمۇ كىن ،

ۋەقت پەيز ئېردى بۇ سۆز ، نې سۆز دېدىم ،
غەيبدىن كەلگەنگە مەن ئارى دېدىم ،

شۇم رەقىبلەر بىر كۆرۈپ قىلسا پىسەنت ،
سۆز دېسە شەككەر لەبىدىن تۇشسە قەند ،
پۇدېمەي ئاغزىمغە سالسام خۇبمۇ كىن .

گۇل جەبىن سىيمىن بەدەنلەر قايدادۇر ،
ئاي يۈزىنى كۆرسە جانغە پايدادۇر ،
باغى بار ئېردى ئېرەم ئۇل باغدۇر ،
بۇ غەرىبىنىڭ مەقسۇدى شول ياغدۇر ،
باغ ئېتىپ مەقسەدكە يەتسەم خۇبمۇ كىن .

دىلرەبا سورماس مېنىڭ ھالىمنى بىر ،
باغى كىرمەككە ئېرۇرمەن تەن ھەقىر ،
چەۋرۈلۈرمەن باشدىن مىڭ پىرۇ پىر ،
ئاشىق ئېرسەڭ ھەجرى دەرياسىغە كىر ،
ھەجرى دەرياسىدا ئاقسام خۇبمۇ كىن .

باقمادى دىلبەر غەرىبغە بىر قىيا ،
پايى گەردى كۆزگە بولدى تۇتىيا ،
ھەسبى ھالىمنى مېنىڭكى بىلدى يا ،
كەلمەدى نەچچەند دېدىم ئانچە : « بەيا » ،
مەن ئانىڭ قاشىمغە بارسام خۇبمۇ كىن .

خەستە جانىمنى ساڭا سەرف ئەتمەسەم ،
خىزمەتىڭدە زەررە لەب تەبرەتمەسەم ،

ھەر زەمان كۆرگەندە مەھبۇب ئايدى باز،
قىلماس ئېردى بۇ غەرىبغە ئېھتىراز،
قىشۇ ياز ئالدىدا تۇرسام خۇبمۇكىن.

لەختە ـ لەختە قان يۇتارمەن يار ئۈچۈن،
تاش باغىرلىق، بىۋەفا دىلدار ئۈچۈن،
سەگ سىفەت ئىشكىدە تۇرسام زار ئۈچۈن،
يار دېمەيدۇر، ئىئتىقادىم بار ئۈچۈن،
يار ئۈچۈن فەرياد قىلسام خۇبمۇكىن.

دىلبەرىم مەندىن بۆلەكنى كۆزلەسە،
مەن نەچۈك تاقەت تۇتارمەن سۆزلەسە،
يار ئەگەر سۆزلەپ سۆزىگە تۇرماسە،
بارمۇ سەن دەپ ھالىمە بىر سورماسە،
بۇ كۆڭۈل رەنجىنى ئايتسام خۇبمۇكىن.

①.........................................................

كۆرگەلى كەلدىم جەمالىڭنى سېنىڭ،
سەرۋ قەد، نازۇك نىھالىڭنى سېنىڭ.
سەير ئېتەرگە باغۇ راغىڭنى سېنىڭ،
ئالغالى ئالما ـ ئانارىڭنى سېنىڭ.
ئالما دەپ ئالسام ياشۇرسام خۇبمۇكىن.

---

① بىر كۇپلېت قىسقارتىلدى.

دىلرەبالارنىڭ گىرىفتارى دېدىم ،
جانىۇ تەن بىرلەكى دىلدارى دېدىم ،
ھەجر ئوتىدا شۇمچە كۆيسەم خۇبمۇكىن .

كۆزلەرىم قان يىغلادى سىزدى فىراق ،
زور قىلدى بۇغەرىبغە ئىشتىياق ،
بىر تەرەھھۇم ئەيلەبان ھالىمغە باق ،
كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ تارتتىم فىراق ،
بۇ فىراقىمنى ساۋۇتسام خۇبمۇكىن .

دىلبەرىم ئېردىكى جانىمدىن ئەزىز ،
ھەر تەكەللۇم قىلسا شەككەردىن لەزىز ،
شۇئلەسى ئالەمغە سالدى رۇستەخىز ،
پادىشاھ ئولدۇر ، گەدا ئايلىدا بىز ،
قۇللۇغىدا جان بەرسەم خۇبمۇكىن .

دىلبەرىم مەندىن يەنە ئاگاھ بول ،
مەن گەدايىڭغە ھەمىشە شاھ بول ،
جان بېرۇر ھالەتدە سەن ھەمراھ بول ،
بىزگە مۇشفىق ، غەيرىغە بەدخاھ بول ،
يا سېنىڭ ئاھىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن .

روز - شەب دىلبەر غەرىبغە قىلسە ناز ،
مىڭ جانىم بولسا ئېرۇر ئىلكىڭدە ئاز ،

يارنىڭ قەددى سەنەۋبەردەككىنە ،
قاشلارى گوياكى شەمشەردەككىنە ،
كۆزلەرى گوياكى گەۋھەردەككىنە ،
زۇلفى ئانىڭ ئىككى ئەژدەردەككىنە ،
ئەژدەر ئاغزىغە ئۇرۇنسام خۇبمۇ كىن .

مەھبۇبەنىڭ قاشلارىدۇر يا مەسەل ،
كويىدا ئاققان ياشىم دەريا مەسەل ،
ئاغرىماسلار ئاغرىقىم سەۋدا مەسەل ،
يادىدا قۇمرى سىفەت گويا مەسەل ،
ئىت كەبى پايىدا ياتسام خۇبمۇ كىن .

تائەتى تەقۋاغە ھەرگىز بولمادىم ،
ئۇمر زايىئ كەتكەنىنى تۇيمادىم ،
شۇكرى تەگرىمگە كېزىكلەپ ئۆلمەدىم ،
ياخشىلىق كۆردۇم ، يامانلىق كۆرمەدىم ،
ياخشى ئات بىرلە كۆمۈلسەم خۇبمۇ كىن .

فانىدىن باقىغە مەن قىلسام سەفەر ،
ماسىۋەللاھ خەستە كۆڭلۈمدىن كېتەر ،
ئۆكسۈمەس فانىدا رىزقىم بىر سەتەر ،
شۇكرى لىللاھ بولمادى ھەرگىز خەتەر ،
فانى ئالەمدىن تۇگەنسەم خۇبمۇ كىن .

يارنى هەر كۈندە مىڭ كۆرگۈم كېلۇر ،
كۈندە كۆرۈنۈش بەرمەسە ئۆلگۈم كېلۇر ،
قاشىن ئاتسا دىلبەرى كۈلگۈم كېلۇر ،
ياخشىلىقنى هەر زەمان بىلگۈم كېلۇر ،
ياخشىلىق قىلغاننى بىلسەم خۇبمۇ كىن .

مەهبۇبەنىڭ هۇسن گويا شەب چەراغ ،
مۇنتەزىر دۇركىم قاراماقغە فەراغ ،
ئايتادۇر غەمكىن دەرىغا داغۇ ـ داغ ،
يۈك ئاغىردۇر بارغالى يول هەم يىراغ ،
يول ياراغىنى ئەتسەم خۇبمۇ كىن .

مەهۋەشىمدىن ئۆزگەگە بارسا تىلىم ،
مىڭ تىلىم بولسۇن گۇناهىدا شىلىم ،
بۇ غەرىبغە قىلماسۇن هەرگىز ئىلىم ،
گۇل مەسەللىك سەرۋ بويلۇق دىلبەرىم ،
ئاستانەڭنى سۈپۈرسەم خۇبمۇ كىن .

مەهبۇبەنىڭ كىرفىكى مانەندى سەف ،
خەستە جانىمغە تېگىپ ئەيلەر هەدەف ،
كۆرمەسەم كۆڭلۈم ساچىلغاي هەر تەرەف ،
يىلدا بىر كۆرسەم يۈزىن دەرمەن شەرەف ،
ئارەزىن هەر كۈندە كۆرسەم خۇبمۇ كىن .

# نیازی

كەلسە ئەزرائىل ئەمانەتكە بۇدەم ،
باشىمە تۈشكەي ئۇشۇل دەم كۈھى غەم ،
ئۆرتەنىپ قورقۇنچىدىن بولغۇم ئەدەم ،
رەھم ئەيلەپ قىلماسا تەڭرىم كەرەم ،
سەيھە تارتىپ تەۋبە قىلسام خۇبمۇكىن .

①....................................

يار كەند شەھرىدە مەنزىلگاھسىز ،
تاتىرىكمەن بىر قىلىڭ پەرۋاھ سىز ،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆتسەڭىز ناگاھ سىز ،
دەھر ئىلى ئەنجۇم كۆرۈنگەي ، ماھ سىز ② ،
ئاھ دەپ ئىشقىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن .

بولدى ئۈچ يىل ئىلچىدىن بىز كەلگەلى ،
يارنىڭ كويىدا مەن ئەمگەلگەلى ،
كېچە ـ كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى ،
تىل ئۇچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى ،
يەم بېرىپ يۇرتۇمغە يانسام خۇبمۇكىن .

غەيرەتى ئەۋۋارە بولدى يارسىز ،
قالمادى ھالى ئانىڭ غەمخارسىز ،
فانى ئالەمدە ئاڭا دىلدارسىز ،
باغى جەننەتدە ئاڭا گۇلزارسىز ،
داغى مېھنەتدىن قۇتۇلسام خۇبمۇكىن ،

---

① بىر كۇپلېت قىسقارتىلدى .

② بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا « ئاي سىز » دەپ يېزىلغان . قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «ماھ سىز » دەپ ئېلىندى .

قالدۇرۇلغان . بۇ مەلۇماتنى «ئەمىر ئەبا مۇسلىم» داستانىنىڭ ئەمىر ئەزىز بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرگەندە ، شائىرنىڭ ئەمىر ئەزىز بەگنىڭ ھۇزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خۇلاسىغا كېلەلەيمىز .

نىيازى ئىجادىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئۇنىڭ ئەرۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھىرلىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە XVIII ئەسىر ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مول ئىجادى تۆھپە قوشقان ئىستىداتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز . شائىرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە مەسەلچىلىك ۋە ھەجۋىيات ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر .

نىيازى ئۆز شېئىرلىرىدا ، بولۇپمۇ غەزەللىرىدە كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغاندىن تاشقىرى ، بۇ جەھەتتە يېڭى ۋە ئۆزگىچە يول تۇتقان ، بىر خىل شېئىرىي پىكىرنى ئوخشاش بەھىردىكى ئىككى خىل (ئۇزۇن ۋە قىسقا) ۋەزىندە ، ئوخشاش قاپىيىدە يېزىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان شائىردۇر .

تۆۋەندە بېرىلگىنى شائىرنىڭ «دىۋانى نىيازى» دىكى بىر قىسىم شېئىرلىرىدۇر .

# نىيازى

موللانىياز ( تەخەللۇسى نىيازى) خوتەنلىك بولۇپ ، XVIII ئەسىردە ياشىغان . ئۇ ئۆز ھاياتىدا مول بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن يېتۈك ئالىم ، تالانتلىق شائىر ۋە قابىل ئەدەبىي تەرجىمان .

يېقىنقى يىللارغا قەدەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت «تەزكىرە ئى تۆت ئىمامى زەبىھۇللا» داستانىلا ئىدى . 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ يەنە بىر داۋانى بىلەن ، مىسكىن ، سالىھى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئەمىر ئەبامۇسلىم» داستانى ۋە ئىككى مىڭ مىسراغا يېقىن ئېپىك ۋە لىرىك شېئىرلىرى تېپىلدى . شائىر نىيازنىڭ ئىجتىھاد ۋە تالانتىنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئېسىل دۇردانىلەردۇر .

نىيازى ئۆز زامانىدىشى موللا ھەيدەر مىسكىن بىلەن بىرلىكتە نەزمىلەشتۈرگەن 15 مىڭ مىسرالىق زور ھەجىمدىكى ئېپىك داستان «ئەمىر ئەبامۇسلىم » نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بايانلار بويىچە بۇ ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1206 ـ يىلى (مىلادى 1791 ـ يىلى) خوتەندە يېزىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ ، 1780 ـ ۋە 1790 ـ يىللار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان پەيتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇغۇلغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز . تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا موللانىيازنىڭ XVIII ئەسىردىكى خوتەن ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەزىز بەگنىڭ نامىغا بېغىشلاپ «تارىخى رەشىدى » نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات

لەتافەت چار باغى ئىچرە گۇل ھۇسنۇڭ گۇمان ئەيلەب ،
بولۇر بۇ تەلبە كۆڭلۈم بۇلبۇلى ھەردەم فىغان ئەيلەب .
لەئەلدەك لەبلەرىڭ ئەينى لەتافەتتۇر تەكەللۇمدىن ،
تەكەللۇم باشلايىن ئىشقىڭ ئوتىنى مەن بايان ئەيلەب .
غەمىڭ بىرلە كۆڭۈل ، ئىشقىڭ بىلە جان بولغالى ھەمرا ،
مېنى ھەيران كەبى قىلدى بۇلارنى تەۋئەمان ئەيلەب .
ئەجەبتۇر ئىشق ئارا كۆيسەم ماڭا كۆز سالماغاي ھەرگىز ،
نەسۇد ئولغاي ساڭا ، جانا ، مېنى بىخانۇمات ئەيلەب .
نە بولغاي بىر كۆرۈپ رەھم ئەيلەسەڭ بولغاي دەۋا سەندىن ،
ماڭا ھىجران تىغى تەگمىش يۇرەك باغرىمنى قان ئەيلەب .
ماڭا جان بەرمەگەي دەپ سەن مېنى ، جانا ، گۇمان قىلما ،
مۇيەسسەر بولسە ۋەسلىڭ جان بېرۇرمەن بىگۇمان ئەيلەب .
نىيازى دەرد ئىلە مىڭ پارە بولدى ، سورمادى ھېچكىم ،
نەسۇد ئولغاي ئانىڭ ئۆلمەكلىگى ئەمدى ئايان ئەيلەب .



# نىيازى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەسقەر ھۈسەيىن

## غەزەللەر

ئارەزىڭ كۆزگۈسىنى كۆرگەچ كۆڭۈل ھەيران ساڭا ،
ئاسرادىم بۇ ئىشق سىررىن ئايغالى پىنھان ساڭا .
كىم ئېرۇر ئىشقىنىڭ زۇلمىدا مەندەك جان بېرۇر ،
غەيرىدىن دەم ئۇرسا ئىشقىڭ خۇپ ئەمەس جانان ساڭا .
ئەي كۆڭۈل ، مىڭ پارە بولماق ئىستەمەك يار ئالدىدا .
ئول تەبەسسۇم ئەيلەبان قىلغاي كۆرۈپ خەندان ساڭا .
بۇ بەلايى ئىشقىنىڭ ئوتىدا ئورتەندىم دېمە ،
مۇنچە ئوت قۇرقەت بىلە ھەجرىدە بار چەندان ساڭا .
ۋامىقۇ پەرھادۇ مەجنۇن سەن كەبى دىۋانەنى ،
ئىشق دەشتىدە تۇرۇپ كۆرگەي شىتاپ مەيدان ساڭا .
ئەي كۆڭۈل، جاننى نېتەي كۆرسۇن دەبان جانانەنى ،
ئوت تۇتاشۇر جانىغە قىلسۇن فىغان يەكسان ساڭا .
ئەي نىيازى ، جان بېرۇر ۋەقت ئولدى جانان ئالدىدا ،
ناگەھان بولسا كېرەك ئول دىلرەبا مىھمان ساڭا .

ئوت سالىپ بىر لەئلىگۇن رۇخسارى ئوت ،
ئۆرتەدى جانىمنى بۇ ھەر پارە ئوت .
ئاھلار ئۇرسام چاقىندەك ساچىلۇر ،
شۇئلەئى ھىجران ئېرۇر ھەرسارى ئوت .
زاھىدا ، قورقۇتما دەۋزەختىن مېنى ،
ئانچە بار ھەجرىڭدە مىڭ مىقدار ئوت .
مەست ئاشىقلارغا ئۇترۇ كەلمەگىل ،
بولماسۇن بۇ جامەئى دەستارى ئوت .
سەرۋى نازىمنى ئىشىت ، ئەي دەردمەند ،
ناز ئىلە جانىمنى سالماق كارى ئوت .
كۆكدە گەر كۆرسەڭ ئۇنى ئەنجۇم دىمە ،
ئاھىم ئوتىدىن فەلەك رۇخسارى ئوت .
بۇلبۇلى ئاشۇفتە قاخشار ھەجرىدىن ،
بىل ، نىيازىنىڭ ئەجەب غەمخارى ئوت .

گۇلۇ گۇل ئاچىلدى نازۇك نازەمىن ئىچكەچ شەراب ،
سارغارۇر گۇللار ھەمە كۆرگەچ جەمالى ئافتاب .
غۇنچە لەئلىنى كۆرۈپ پىنھان بولۇر بەرگ ئىچرەكىم ،
سارغارىپ گۇل ئۇزرەلەر قىلغاي جەمالىدىن ھىجاب .
رەڭ بېرۇرىمغە قىزىل تەگسە لەئەلدەك لەبلەرى ،
ماڭا گەر ئولسا بەھەم ئول مەينى مەن ئىچسەم شوراب .
لەئلىدىن مەي تاپتى رەڭ ـ رەڭ ، تاپسا مەندىن نە ئەجەب ،
رەڭ بەرەڭ مەستانە بولغۇم مەن ئىچىپ مەستى خەراب .
جامنى جانىڭ ئۈچۈن بىر قەترە بەر ، ئەي ساقىيا ،
ئاززۇمدۇر يارغە مەي بىرلە تۇتسام گۇلسەباب .
مەن تۇتارمەن ئۆزگەلەر قىلسە تەمەئ جانانە كۆر ،
ئىشقىڭ ئوتى ئەيلەگەن بۇ باغرى بىرياندىن كەباب .
ئىشق دەردىدىن نىيازى ئاھۇ ئەفغان ئەيلەسە ،
ئويغانۇر فۇرقەت بىلە بۇلبۇلغە چۈشكەي ئىزتىراب .



كۆرگەچ ئول جانان مېنى هۆكم ئەيلەدى : پەيمانە تۇت ،
بولغالى ئىشقىمدا شەيدا سەن كەبى دىۋانە ، تۇت .
دىدى : ئىشق ئىچرە سېنى كۆردۇم ئەجەب دىۋانەسەن ،
تولدۇرۇپ پەيمانەنى فەرياد قىل مەستانە تۇت .
مەن دىدىم : جانۇ دىلىم بىرلە باشىڭدىن ئۆرگۈلەي ،
جانىم ئالسۇنكىم بېرۇر نازۇك قەدىڭ پەيمانە تۇت .
قىلمە ، ئەي دىۋانە ، سەن بۇ ئىشق شىرىن ئاشكار ،
شەمئى ۋەسلىمنى كورۇپ بولغىل ماڭا پەرۋانە تۇت .
مەن تۇتاي ، ئەي نازەنىن ، پىنهان ساڭا دەردىم ئايان ،
ئەرزۇ ئەهۋالىم دېدىم كۆڭلۈگدە سەن جانانە تۇت .
دېدى : مەن بىرلە سېنىڭ بولماقغە يەتتى ئەلۋىدائ ،
ئانچە ئەفغان ئەيلەگىل كۆز ياشىدىن دۇردانە تۇت .
ئەي نىيازى ، تۇش ئەمەس ، ۋەسلىن تىلەپ قىلغىل خەيال ،
كىم خەيالى ۋەسلىدىن بولدى كۆڭۈل مەردانە تۇت .



نىگارا ، تەگمەسۇن كۆز سۇنبۇلى زۇلفۇڭغە تۇمار ئەت ،
بېرۇر نازۇك قەدىڭغە چىرماشىپ ئول كاكۇلۇڭ زىينەت .
كۆرۇپ ئىشقىڭ كويىدا زار سەرگەردان نېدىن بولماي ،
مېنى غەم دەشتىدە ئەۋۋارە قىلمىش ھەجر ئىلە فۇرقەت .
كۆڭۇل ھالىن دېمەكدىن كۆزلەرىم ھەردەم قىلۇر ئەفغان ،
دېيەلمەن ئاشكارا ھەر نېچە قىلسا ماڭا كۇلفەت .
نېتەي بۇ ئىشق ئوتىغە مەن گىرىفتارى ئەسىر ئولغان ،
مېنى ئورتەرگە بۇ ئىشقىڭ ئوتى ھەردەم قىلۇر شىددەت .
كۆرەر ئاشىقنى غەمكىن غەم بىلە ، غەمخاردۇر ئاشىق ،
نېدىن غەمدۇر ، ماڭا كۆڭلۇم ئالىپ بۇ ئىشق ئىلە ئۇلفەت .
يارىپ كۆكسۇم جۇنۇندىن جان تالاشۇر چاغدا ، ئەي جانان ،
تەرەھھۇم بىرلە قىلغىل ، ئەي نىگارىم ، رەھم ئىلە شەفقەت .
نىيازى ، ئىستەمە بىداد ئول ئاي ئازارى مىڭ بولسا .
ئەگەر پەرۋانەدەك ئۆرتەپ سېنى كۆل قىلسا قىل ھىممەت .



ناۋەك ئاتتى دىلبەرىم جانىمنى قىلماي ئېھتىيات ،
تەگدى ئانداغكىم يۈرەك باغرىمدىن ئۆتتى قات ـ قات .
ئورتەنىپ كۆڭلۈم قۇشى ھەجر ئوتىدىن بىمار ئىدى ،
ئەمدى ئۇچماقدىن ئۆتەر تاپتى ئوقۇڭدىن تۆرت قانات .
دۇشمەنى جاندۇر فىراقى بىرلە ھەجرى ئەي كۆڭۈل ،
ئالمايىن جانانە جان ، جان تاپماغاي ئاندىن نىجات .
قىمايىن ، جانا ، شەھىد مەن ئىشقى بولسام ئارزۇ ،
تىڭلاسا خىزرى ئەگەر يۈز قەتلى چۈن ئابىھەيات .
جان بېرۇر چاغدا دىدىڭ لەئلى سۈچۈك دەپ ، ئەي كۆڭۈل ،
ئاچچىغ ـ ئاچچىغ جان ئالۇر ئاغزىڭ تامشىماقدىن نەبات .
ھەرنەكىم زۇلم ئەيلەدىڭ ، مەن شادىمان كۆردۈم سېنى ،
قانچە زۇلم ئەتسەڭ بىھىلدۇر مەن ئەگەر بولسام ھەيات .
ئىشق زۇلمىدىن ، نىيازى ، جان بېرۇرسەن ئاقىبەت ،
جان تالاشىپ يارنىڭ ئالدىدا تۇرماقدىن ئۇيات .

كۆكدە گەر ئەنجۇم دېمە ، كۆرسەڭ ئەگەر ھەرسارى ئۇت ،
ئاھىم ئۇچقۇنى بىلە بولغاي فەلەك رۇخسارى ئۇت .
تەن غۇبارىم دۇدىدىن ھەربار ئۆرتەپ بۇ كۆڭۈل ،
بەر قەدىكىم يارۇتۇر بۇ ھەجر ئىلە ھەر بارى ئۇت .
كۆز ياشىمنى كۇھدەك غەلتان قىلۇرغە ئۇ نابان ،
شوخى بىپەرۋا مېنىڭ جانىمغە سالماق كارى ئۇت .
ئىشق ئارا دەۋزەخدىن ، ئەي زاھىد ، مېنى قورقۇتماكىم ،
ئانچە باردۇر كىم بۇ ئۇت ئۇل ئۇتچە مىڭ مىقدارى ئۇت ،
مەست ئاشىقلارغا ، زاھىد ، تۇرما ئۇترۇ كۆيغەسەن ،
بولماسۇن گەر ئىشقىدىن بۇ جامەئى دەستارى ئۇت .
سەرۋى نازىم ناز ئىلە تۇرسا نېدىن ئۇرتەنمەيىن ،
مىڭ بەلا جانىمغە ئەيلەر لەئلىگۇن رۇخسارى ئۇت .
ئەي نىيازى ، ئۇل گۇلى رەئناغە ئۇتدىن تىل بىلە ،
بولغاسەن فەرياد ئىلە بۇلبۇل كەبى مىنقارى ئۇت .



نېتەيكى قىلدى كۆڭۈل كۆزلەرى قارا بىلە بەھس ،
تەرىقى ئىشق بۇدۇر قىلما خۇدنەما بىلە بەھس .
بۇ ھەجر دەردى ئېرۇر بىدەۋا كۆڭۈللەرگە ،
دەۋايى دەردىڭ ئۇچۇن قىلما بىدەۋا بىلە بەھس .
جانىمغە مۇنچە نەسىم سەندىن ئولدى ، ئەي كۆڭلۇم ،
جەفانى ئانچە قىلۇر قىلما بىۋەفا بىلە بەھس .
سەبانى تاپسا سەھەر قىلغۇسى فىغان بىلە ئاھ ،
فىغانۇ نالەدە بۇلبۇل قىلۇر سەبا بىلە بەھس .
بۇ ئىشق دەشتىدە مەجنۇن كەبى گەدا بولسام ،
تەئەججۇب ئىلە قىلۇر شاھلار گەدا بىلە بەھس .
فىراق ئوتىدا قويۇپ بىنەۋاغە يۇزمىڭ داغ ،
دەۋامدۇركى قىلۇرلار يار بىنەۋا بىلە بەھس .
نىيازى ، ئەمدى ئالۇر جاننى قاش ئاتىپ جانان ،
تالاشما ھەرنە دېسە ، قىماغىل قەزا بىلە بەھس .



قىلغاي ئول جانان مېنىڭ كۆڭلۈمنى ھەيران ئاقىبەت ،
جانىمە دۇشۋارلىغ سالمىش بۇ ھىجران ئاقىبەت .
ھەر زەمان غەم تىغىدىن كۆكسۈمنى چاك ئەتمەي نېتەي ؟
ئوينا ـ ئوينا قەسدى جان قىلدى بۇ جانان ئاقىبەت .
كۆڭلۈم ئەھۋالىن دېمەك بىرلە تىلىمنى كۆيدۈرۈر ،
قىلغۇسى فۇرقەت ئوتى باغرىمنى بىريان ئاقىبەت .
ئەي كۆڭۈل ، ئەۋۋارەسەن يوق تەندە جان جانان بىلە ،
لەھزە ـ لەھزە بولغۇسى جان مۈلكى ۋەيران ئاقىبەت .
ھەجر تابىدىن ياغار كۆز مەردۇمىدىن سېلى ئەشك .
قىلماغاي ، يا رەب ، جەھان مۈلكىنى ۋەيران ئاقىبەت .
ئىشق مەيدانى ئارا ئول دىلرەبا جەۋلان قىلىپ ،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە تۇرماي بولدى پىنھان ئاقىبەت .
ھەجر دەردىن نىيازى ھالى بولدى ئۆزگەچە ،
زەئىفلىغ جىسمىم بۇيار قان بىرلە ئەفغان ئاقىبەت .

مىڭ مىڭ ئۇلسا نازەنىنلەر دىلرەباغە ئوخشاماس ،
يۈز مىڭ ئۇلسا دەردمەند بۇ مۇبتەلاغە ئوخشاماس .
گەرچە ئول لەيلى بىلە شىرىن جەمالى ئەكسىدىن ،
بولغۇسى ھەيران كەبى كۆزى قاراغە ئوخشاماس .
گەر دىبسە فەرھاد ئىلە مەجنۇن جەفانى ئىشقدىن .
ئۇيناي ـ ئۇيناي جانىمە قىلغان جەفاغە ئوخشاماس .
يەتكەچ ئوق مژگانىدىن سىينەمنى گويا قىلدىكىم
پارە ـ پارە گۇل ئاچىلغانىدەك ، ياراغە ئوخشاماس .
كۆزلەرىم ئىشقدا ياغدۇرمىش ياغىنىدەك ئەشكىنى ،
ئاھىدىن ئوتلەر چاقىندۇركىم ، ھەۋاغە ئوخشاماس .
كۆز قارادى زۇلمىدىن بۇ نەۋئىكىم تاپماس فەنا ،
ھەر نىچە ئىستەر فەنا بۇ جان فەناغە ئوخشاماس .
ئەي نىيازى ، جان كىرىپ جانانىغە ، بولدۇڭ ئۇزگەچە ،
يارغە مەھرەملىكىڭ ھەرگىز ياناغە ئوخشاماس .

كۆيمەيىن جانانىنى كۆرمەكلىك ئەبەس ،
جان ئاياپ جانانغە كۆيمەكلىك ئەبەس .
كويمەيىن ھەجرۇ فىراقى ئوتىدا ،
بىر كۆرۈپ بىھۇدە ئۆلمەكلىك ئەبەس .
جاننى جاناندىن ئاياپ ، ئەي دەردمەند ،
تەلبەدەك ھەريانە يۇرمەكلىك ئەبەس .
تارتمايىن غەم دەردۇ مىھنەت ئەي كۆڭۈل ،
ئىشق يولى ئىچرە كىرمەكلىك ئەبەس .
بولمايىن غەۋۋاس ، نىيازى ، ئاڭلاغىل ،
ئىشق بەھرى ئىچرە چۆكمەكلىك ئەبەس .



نىگارىم باشىغە قويمىش قىزىل ئالتۇندىن ئەيلەپ تاج ،
ئاڭا قۇل بولغالى شاھى جەھانلار بارچەسى مۇھتاج .
غەمىدە ئانچە يۈرسە ئىشق يولى ئىچرە يول تاپماس ،
بۇ يولدا كارۋانى ئىشقىكىم جانىنى بەرگەي باج .
قاراقچى كوزلەرىڭ مىژگان ئوقىدىن جانىنى قۇتقارماس ،
غەرەز ئىشق ئەھلىنىڭ كوڭلىنى ئالماقدىن قىلۇر تاراج .
كۆلەر ئەل ماڭاۋۇ سەن كۈلمەيىن ئەينى غەزەب بىرلە ،
مېنى ئاشۇفتە كۆرسەڭ قىل تەبەسسۇم بىرلە چېھرەڭ ئاچ .
سەھەرغە تەگرۇ بولدى ، ئەي نىيازى ، بولما سەن غافىل ،
نىگارىڭ يوللارىغە سېلى ئەشكىڭ دۇرلارىنى ساچ .



ۋەسل چاغىدە كوزۇم بولماس بۇ ئەفغاندىن خەلاس ،
نەيلەيىن بولماس كۆڭۈل بۇ دەرد ھىجراندىن خالاس .
كوزلەرىڭ ئەفغانىدىن بولما پەرىشان ، ئەي كوڭۇل ،
بۇ پەرىشان بولماغاي زۇلفى پەرىشاندىن خەلاس .
مەن نىتىپ ئوزنى خالاس ئەتكۇم بۇ ھىجران دەردىدىن ،
دەرد ھەم بولماس نىتەي بۇ باغرى بىرياندىن خەلاس .
كىم خالاس ئىستەر كۆڭۈل بىرەھم ئول جانانەدىن ،
بەس ، نىدۇر قىلسام خالاس ئوزنى ، بۇ ئوت جاندىن خەلاس .
تەلبەدەك ئۇريان قىلۇر كوز مەردۇمى قاندىن مىنى ،
قاندا رەڭ ئالغان لىباسىم بولدى ئۇرياندىن خەلاس .
يۇز بەلا جانىمغا ئەيلەر لۇتف قىلسا ، نە ئەجەپ ،
ۋەسلىدىن قىلسا نى تاڭ جانانە ھىجرانىدىن خەلاس .
ئىشق ئارا دەۋزەختىن ئارتۇغراق كۆيۈپ كۇل بولسا ھەم ،
بولماغاي ، يا رەب ، نىيازى بەندە سۇلتاندىن خەلاس .



ماڭا نامېھرىباندۇر ، ئۆزگەلەرگە مېھرىبان گۈلرۇخ ،
ئەمەستۇر مېھرىبان ھەمدەم ، ماڭا نامېھرىبان گۈلرۇخ .
ھەمىشە ئاھ ۋاۋەيلا چېكىپ ئۇن يىغلاماقدىنكىم ،
كۆڭۈلدىن دەردى چىقماس ، خاتىرىمدىن ھەر زەمان گۈلرۇخ .
سىرىشكىم رەڭگىدىن ئال ئۇلدى جىسمىم ، كورمەدى جانان ،
دەرىغا ، ھەجرىدىن قىلدى بۇ يەڭلىغ باغرى قان گۈلرۇخ .
نە بولسا مەن كەبى ئەۋۋارە ساقلار دەردىنى پىنھان ،
فىغانۇ نالەلەر قىلسام ساڭا بولماس ئەيان گۈلرۇخ .
چۇ ھەردەم دەردۇ مىھنەت ئىشقىدىن باشىمغە ياغدۇردى ،
ئۆلەرمەن فۇرقەتىدە تاپماغاي مەندىن نىشان گۈلرۇخ .
ھەياتىمغە ئەگەر بولسا مەسىھا بولغۇسى ئاجىز ،
فىغان ئەيلەي ئىشتىكىل ، قىلماغىل مەندىن گۇمان گۈلرۇخ .
تىگىپ غەمزەڭ ئوقى كۆڭلۈمنى پارە ـ پارە قىلغاندىن ،
كى تاپماس دەردىدىن كۆڭلۈم مېنىڭ ھەرگىز ئەمان گۈلرۇخ .
ئەگەرچە زەررەدۇرمەن ئىلتىفاتىڭ بولسا ئەيب ئېرمەس ،
نە بولغاي بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا ، ئەي نەۋجەۋان ، گۈلرۇخ .
كېتىپ قەھرى ، نىيازى ، ئەمدى لۇتف ئەتكەي ساڭا جانان ،
تەرەھھۇم بىرلە ياد ئەيلەر سېنى ساھىب قىران گۈلرۇخ .

يارىنىڭ كويىغە بارماغلىق مۇباھ ،
تەلمۈرۈپ ئالدىدا تۇرماغلىق مۇباھ .
گاھ نازۇ شىيۋە بىرلە ھەر زەمان ،
يارغا ئۇترۇ باقىشماغلىق مۇباھ .
يارىنىڭ ھەجرۇ فىراقى دەردىدىن ،
تا سەھەرلەر نالە قىلماغلىق مۇباھ .
دائىما يادىدا ئۇل سۇلتانى ھۇسن ،
نالە بىرلە ئاھ ئۇرماغلىق مۇباھ .
ئىشق ئارا بولسا سۇلەيمان تەختىدىن ،
ياستانىپ تۇپراقتا ياتماغلىق مۇباھ .
سەيد قىل جانا مېنىڭ كوڭلۇمنى ئال ،
قاش ياسى بىرلە ئاتماغلىق مۇباھ .
ئەي نىيازى ، سەن كەبى ئاۋارەنى ،
يار ئىتى سانىغا قاتماغلىق مۇباھ .



# مىسكىن

كۆرۈندى ناگەھان بىر ئىشۋە جەۋلان ئەيلەدى گۈلرۇخ ،
مېنىڭ قەتلىم ئۈچۈن بىلدىم بۇ مەيدان ئەيلەدى گۈلرۇخ .
ئېشىپ زەنجىرى زۇلفى تۈشتى كۆڭلۈم بوينىغە ئول دەم ،
قىلىپ كۆڭلۈمنى مەھكەم ئۆزنى پىنھان ئەيلەدىن گۈلرۇخ .
كۆڭۈلنى جاندىن ئايرۇ ئۆزنى كۆزدىن ئەيلەگەچ پىنھان ،
كۆزۈمنىڭ ئەشكىنى ھەر سارى غەلتان ئەيلەدى گۈلرۇخ .
ۋەفا ئىستەپ جەفاسىن ئانچە تاپتى دەردىدىن كۆڭلۈم ،
بۇ يەڭلىغىم جەفا جانىمغە چەندان ئەيلەدى گۈلرۇخ .
ئەجەبكىم ئىشق ئارا بولغاچ نىيازى زارۇ سەرگەردان ،
جۇنۇندىن بۇ ئۆلۈك جىسمىمنى ئۇريان ئەيلەدى گۈلرۇخ .



دەپ يازغانلىقىغا كۆرە ئۇنىڭ خوتەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ، ئۆز داستانلى-
رىنى 1791 ـ 1792 ـ يىللاردا يازغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز . شۇنىڭدەك
شائىر ئىجادىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا توغرا
كەلگەنلىكىگە قاراپ ، ئۇنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە
تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز .

مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن شائىر موللاھەيدەر
مىسكىننىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن غەزەللىرى يۇقىرىقى قول يازمىدا
ساقلىنىپ قالغان لىرىكىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، شۇنىڭدىنمۇ شائىرنىڭ
يېتىلگەن بەدىئى ئىستىدات ئىگىسى ئىكەنلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ .

# مىسكىن

مۇھەررىردىن : شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان موللاھەيدەر مىسكىننىڭ نامى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى 1987 - يىلى خوتەندىن تېپىلغان زور ھەجىملىك بىر قول يازمىدىن جامائەتچىلىككە مەلۇم بولدى . نىيازى ، ھەمدى ، موللا ئەلەم ، سالىھى ، ئەسىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭمۇ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قول يازما مىسكىننىڭ « رەۋزەتۇش - شۇھەدا » (پارسچىدىن نەزمىلەشتۈرگەن ئالتە مىڭ مىسراغا يېقىن ) ، « جەڭنامەئى ھەزرەتى ئەلى » ( 1500 مىسرادىن ئارتۇق ) ، « ئەمىر ئەبامۇسلىم » ( نىيازى بىلەن بىرلىكتە نەزمىلەشتۈرگەن ، 15 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ) قاتارلىق زور ھەجىملىك داستانلىرى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئۇنىڭ بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان .

موللا ھەيدەر مىسكىننىڭ تەرجىمە ھالىغا ئائىت قىسمەت مەلۇماتلارنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆز يازمىلىرىدىنلا بىلىش مۇمكىن . شائىرنىڭ « رەۋزەتۇش - شۇھەدا » ۋە « ئەمىر ئەبا مۇسلىم » داستانلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە

نەزم بولۇر بائىسى ئايىتايىكى بىل ،
تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز يەتتە يىل .

— « رەۋزەتۇش - شۇھەدا »

تەئرىخى مىڭۇ ئىككى يۈز ھالى ،
يەنە ئالتە ئىدى قىلاي سۆز ئەجالى .
خوتەن ئول ۋەقتى باغى قەسرى بىھىشت ،
تۇفراغى گويىيا ئەنبەر سىرىشت .

— « ئەمىر ئەبامۇسلىم » .

ئەي، سىفاتىڭ مىدھەتىدىن گەردىشى دەۋران ھەمە،
ئەرشدىن تافەرش سىنىڭ سۇنئۇگدا سەرگەردان ھەمە.
سۇنئى مەيدانىنى كەزمەككە قەدەم قويسە خىرەد،
ۋاقىف ئولماي نۇكتەئى ئەسرارىدىن ھەيران ھەمە.
چۇن جەھان فەخرى دىدى ھەمدىڭ، ئەلا ئۇھسا سەنا،
مىدھەتىڭ باغىدا گويا ھۇر ئىلە ۋىلدان ھەمە.
ۋەھدەتىڭ راھىنى نۇش ئەتكەن مەلائىك، ئىنسۇ جان،
مەستۇ مۇستەغرەق ئىرۇرلار - كەۋن ئىلە كەيۋان ھەمە.
قەھرىدىن نابۇد ئولۇر، لۇتفى جەھان بۇنياد ئىتەر،
« كۇن » دىمەك ئەمرىگدىن ئولدى بۇ جەھان زىيجان ھەمە.
بەھرى ئىسيان ئىچرە چۆمگەنلەر تۇتۇپ سەندىن ئۇمىد،
قۇللۇغۇگنى فەخر ئىتەرلەر جان چىكىپ شاھان ھەمە.
مۇدبىر ئولسۇن خاھى مۇقبىل، شاھ بولسۇن گەر گەدا،
تاشقارى ئىرمەس ئىرادەگدىن، بولار يەكسان ھەمە.
نالەئى ھەمدىڭ سەداسىنى چىكەرلەر ئەندەلىب،
ئايىنادۇرلار تەگرى باقى، ئۆزگەسى ۋەيران ھەمە.
قايسى ھەد بىرلە ئاچار مىسكىن سىنىڭ ھەمدىگغە تىل،
باش - ئاياغى جۇرمۇ ئىسيان قىلغالى نۇقسان ھەمە.

## مىسكىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

# غەزەللەر

ئالما يۈزۈڭنى ، ئەي سەنەم ، كۆرگەلى بىقەرارمەن ،
ئالما رەقىب شىكايەتىن ئاشىقى ئىنتىزارمەن .
ئالما دېسەم ، جان ئالماغىڭ رەھم ئىشىدە يوقلۇغى ،
ئالماغىنىڭ فىراقىدا سىمىنە دىلفىگارمەن .
ئالمادى بىر سۆزۈم رەقىب ، سەن رەھم قىلمادىڭ [ ماڭا ] ،
گىريە ـ گىريەلەر بىلە ھەجر ئارا زارى زارمەن .
ھىندۇيى خالىڭ ئول كۈنى قويدى كۆڭۈلگە زاغلار ،
ئالمادى جاننى پاتقىنە ، دەشت ئارا خاكسارمەن .
قەۋسۇ قۇزەھكە مەشقدۇر قاشى ھىلالىدىن نىشان ،
غەمزە ئۇقىنى گەزلەگەچ جانۇ كۆڭۈل شىكارمەن .
كىمگە قىلىپسەن ، ئەي سەنەم ، فەقىرغە رەھم قىلغالى ،
زۇلمۇ سىتەم جەفاسىغە مۇزتەرۇ خارۇ خارمەن .
ئالمادى يۈز ئاياغىدىن تىيرە نۇجۇمى مىسكىن ،
ئالما يۈزۈڭنى ، ئەي سەنەم ، كۆرگەلى بىقەرارمەن .

كېلىڭ ، كېلىڭ ، ساڭا جانۇ كۆڭۈل فىدا بولسۇن .
ھەقىر جىسمىم رەخشىڭغە خاكى پا بولسۇن .
غەمىڭ غىزاسىنى يەپ سەمرۈگەن كۆڭۈلنى تۇتۇپ ،
تىتىپ ، تىتىپ ئانى ، مېھرىڭ قۇشى غىزا بولسۇن .
سېنىڭ رىزايىڭ ئەگەر ئۆلمەكىمدۇر بىسمىل قىل ،
كۆرەگە ئەرشىڭ ئۆيىن سىينە بەرھەۋا بولسۇن .
ھەرىمى ۋەسلىڭ ئارا لۇتفى بىرلە ئەيلە غەنى ،
فىراقى كويۇڭ ئارا تابەكەي گەدا بولسۇن .
فىراق دەشتىدە قانلىغ كۆزۈم ھەرارەتىدىن ،
كويىدا سەگلەر ئىزى گەردى تۇتىيا بولسۇن .
بەقا شەرابى تۇتۇپ مەھزى ئەيلەگىل ئۇسرۇك ،
چىقىپ جەھان يۇزىدىن تەركى ماسەۋا بولسۇن ،
مۇقىمى كويۇڭ ئالۇرغە ئەگەركى يەتسە بەھەم ،
نەچەكى قەيسەرۇ خاقان ئۇلسە گەر گەدا بولسۇن .
بۇ گۈلشەن ئىچرە گۈل ئۇلسە ساچىلمايىن قالماس ،
بار ئۇلسە غۇنچەغە ئەقل ، تابىئى قەزا بولسۇن .
قەفەس شىكەنجەسىدىن مۇرغى رۇھۇڭ ، ئەي مىسكىن ،
چىقىپ ھەۋايىكى ئىشقىڭغە كەدخۇدا بولسۇن .

قەسسامى ئەزەلكىم بۇ جەھاننى ياراتىپدۇر ،
بەئزىنى فەقىر ، بەئزىنى ئەزىز ياراتىپدۇر .
زىنھار ماڭا ئەيلەمەڭ ، ئەي دوست ، مەلامەت ،
تەڭرىم مېنى ئۆز مەيلىچە فاجىر ياراتىپدۇر .
مۇختار ئېسەم بولغاي ئېردىم نادىرەئى دەھر ،
قىسمەت ئىشى مەن خەستەنى مۇنداغ خار ئېتىپدۇر .
ئىززەت تىلەسەڭ ، ئەيلە فەقىرلىقغە قەنائەت ،
تامېئنى خۇدا ئەل ئىشكىگە تاراتىپدۇر .
گەر كاتىپ ئېسەڭكىم بىتكىل تەڭرى كەلامىن .
مىسكىننى قەزا ئاسى خەتىگە قاراتىپدۇر .

يولۇقتى سەرۋ قەدلىك قاشى يا قىز .
كۆزۈم تاپتى ئىزىدىن تۇتىيا قىز .
شەكەر گۇفتارىدىن بۇلبۇل خىجىلدۇر ،
بىلەلمەنكىم ئېرۇر ئۇل تۇتى يا قىز .
مۇيەسسەر بولسە ئۇل مىس بولغاي ئالتۇن ،
نېتەي ، بولماس بەھەم ئۇل كىمىيا قىز .
كۆزۈم ئىستەر تاڭ ئاتقۇنچە ستارە ،
شەھابۇن ساقىب ئولغاي كۆكدە يا قىز .
قىز ئاتلىغ يوق جەھاندا ھېچ مەۋجۇت ،
نەھەد بولماقكىم ئۇل ماھ سىمىيا قىز .
تۇمەن ھەسرەت بىلە كۆڭلۈم تىلەگىلىك ،
نېتەي ئالماقغە بار شەرمۇ ھەيا قىز .
كى ئەي دەۋران ، ۋەفا ئىزھارىن ئەيلەپ ،
قىز ئاتلىغ دارۇنى سىنەمگە ياقىز .
قىز ئاتلىغ دەھرىدىن ئاسرا ئۆزۈڭنى ،
ئالۇر دىنىڭ ئۆيىدىن سىمىيا ، قىز .
كەل ، ئەي مىسكىن ، بول ئەمدى رىندى جامى ،
يەتۇرگەي باشگە مەي ، ساقىيا ، قىز .

ئايا بادى سەبا، ئەرزىمنى يەتكۈر گۈلئۈزارىمغە،
تەرەھھۇم ئەيلەگەي شايەد مېنىڭ ئەرزۇ نىيازىمغە.
كى ئەي ئىشق ئەھلى مەن ئۆلگۈم، كېلۇر فەرھاد ئىلە مەجنۇن،
ياراتماي قويغاسىز جارۇب ئېتىپ مەيلى مەزارىمغە.
فەلەك قەدد بولۇپ نۇنى، كۆيۈپ ئانداغ شەفەقگۇنى،
فىغانىم دەردىدىن ئوت ئالغان ئاھۇ نالە ـ زارىمغە.
ھەرىر جان پەردەسى بولغاي، سىياھ كۆز مەردۇمى نامە،
يازارغە سۇنسە كۆڭلۈم قول ئول ئايدىن شەرھى زارىمغە.
مۇقەممەرۋەشغە تالىب بۇ كۆڭۈل، جاندۇر دىرەم نەقدى،
مەلاھەت نۇتقىدە ئالغاي ئۆتۈپ دەپ نەردىبانىمغە.
جەمالىڭ لالەزارى يادىدىن گۇلگۇن سىرىشكىمدۇر،
تۇتۇپ تۇفانى قان مەۋجى ئاقىزماقنى جىھازىمغە.
ئۆزۈڭنى سەئۋەئى بىبالۇپەر قىلغايسەن، ئەي مىسكىن،
دىسەڭكىم، سىنەم ئۇستۇن يەر تۇتاي ئول شاھبازىمغە.

قاشىغە كىرسەڭ ھەر سەبا چەكسەڭ فىغان بىرلە نەۋا ،
ئىشقىڭدە ئەيلەپ جان فىدا ، ياد ئەيلەمەي مالۇ مەنال .
ئاخىر فەلەك غەددارلىق قىلدى ساڭا مەككارلىق ،
رەنجۇرى بىرەفتارلىق قىلدى نىھالىڭ بىمەجال .
شاخىڭغە يەتكۈزدى خەزان ، بىرەھىملىك قىلدى ئەيان ،
سارغارتىبان ئەندۇھۇغەم گۈلزارى رۇخسار ئېردى ئال .
تۇتتى ئەجەل جامى فەنا ، لا جەرم ئىچتى بىرغىنا ،
مەست ئولدى ئەيلەپ تەركى ھۇش ، ئويغانماغى ئەمدى مەھال .
جانى قالىپ ، سىيمىن بەدەن خىلئەت قىلىپ ياڭى كەفەن ،
چۇن ئەسبى تازى ئورنىغە تابۇتنى قىلدىلار مىسال .
تاپشۇردىلار تۇفراق ئارا ، ئالەم ماڭا بولدى قارا ،
ھەيرانۇ سەرگەردان ئولۇپ ھەردەم يېتىشتى ئۆزگە ھال .
مەن دەپ سېنى مىرزا فۇلاد ئاغزىمدا يا قەندۇ نەبات ،
تۇتماق بىلەن ئاتىڭ سېنىڭ ئىچكەندەك ئۇلغايمەن زىلال .



قاشىڭ تەماشا ئەيلەسەم كۆك ئۆزرە بىر كۈنلۈك ھىلال ،
ئايتۇر ماڭا يالغان دېدىڭ ، ئوخشاتماقىم ئېرمەس مەھال .
يوقلاپ كۆزۈڭنى ھەر سەھەر چولغاندىن .......
يۈز نۇرىدىن كەمدۇر قەمەر ، خۇرشىد نۇرىدۇر مىسال .
كۆڭلۈم خەيال ئەيلەر ئاغىزىڭىم خەستە ئەيلەر بىتەمىز ،
جان بەخشى ئەنفاسى تاپىپ گويا مەسىھادىن كەمال .
خەت زاھىر ئەيلەپ يۈز ئۆزە ، كۆك ئۆزرە ياپغۇسى قەدەھ ،
يا چەشمەئى ھەيۋان ئۆزە ئەنبەرگە يەتكەيمۇ كەمال .
قەددىڭ كۆڭۈلدە جا تۇتۇپ ، خۇنابەئى ھەسرەت يۇتۇپ ،
ھەق بەرمەمىش جەننەت ئارا تۇبىغە ئانداغ ئېئتىدال .
رەفتا ئارا كەبكىۋەرى ، يا كۆكدە مىھرى خاۋەرى ،
قويغىل قەدەم جەننەت سارى ، ئەمدى بۇيان يانماق مەھال .
ھەجرىڭدە قان [ يىغلاپ ] ئاتا ، فەرياد ئۇرۇپ ، ۋاھەسرەتا ،
بولمىش كۆزىنىڭ نۇرى كەم ، ماغدۇرى قالماي بىمەجال .
يەتمىش ئاناڭغە دەم ـ بەدەم مېھنەت بىلەن غەم ئۆزرە غەم ،
ئىشقىڭدا بولمىش قەددى خەم ، گويا يېتىشكەندەك زەۋال .
قارداشلار ھەجرىڭ ئارا ھەر كۈندە بولمىش ماجەرا ،
بۇنەۋئ قاتتىغ تۈشسە ئىش ، رەھم ئەيلە ، تاپغايمۇ كەمال .
تەبئ ئەھلى مەجلىس قۇرسەلەر ، كۇسى مۇھەببەت ئۇرسەلەر ،
سەندىن ئىشتىمەي بىر سەدا ، بەزمىگە يەتكەيمۇ كەمال .

## سالىھى

مۇھەررىردىن : ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر تۇپا ـ چاڭلىرىغا كۆمۈ-
لۈپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىپ، ئۆز ھەغدالىرى
بىلەن يۇز كۆرۈشمەكتە. شۇلاردىن بىرى ھىجىرىيىنىڭ 1272 ـ
(مىلادىيىنىڭ 1855 ـ ) يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ تەرىپىدىن
كۆچۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر قوليازما بولۇپ، بۇ قوليازما موللا
ھەيدەر (تەخەللۇسى : مىسكىن )، موللا نىياز ( تەخەللۇسى : نىيازى ) ،
موللا سالىھ ( تەخەللۇسى : سالىھى ) قاتارلىق 3 ـ نەپەر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ
ئېپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ
يىگانە قوليازمىغا موللا سالىھىنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس،
مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى ، ئېپىك شېئىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 3500
مىسرا ئەتراپىدا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

بىز موللا سالىھىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىغا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى
مەلۇماتلىرىدىن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى دەسلەپكى قەدەمدە يورۇتۇشقا
مۇۋەپپەق بولدۇق.

شائىر سالىھى ھىجرىيە 1157 ـ ( مىلادىيە 1742 ـ 1743 ـ ) يىللىرى
قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇخۇلا يېزىسىغا قاراشلىق مەڭلەي كەنتى تاقسا
مەھەللىسىدە تۇغۇلغان ۋە ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

سالىھى شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھ-
دىلىكىردىن بىرى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن

# سالىھى

## سالىھى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

# غەزەللەر

دەردىمنى تۆكەرگە دەردمەند يوق ،
ھالىمى ئۇلارشۇرگە مۇستەمەند يوق .
سەندىن يەنە تاپمايىن جەھاندا ،
باردىم يەنە رۇم ئىلە يەمەن ، يوق .
ھەريان نەزەرىمدە يۈز تۈمەن گۇل ،
سەندىن يەنە بىر گۇلى چەمەن يوق .
كۆڭلۈمدە ھەممە سىنىڭ ۋىسالىڭ ،
مەندەك يەنە ئاررزۇمەند يوق .
گەۋھەرنى تونۇر مەئانى سەرراف ،
سەندەك يەنە بىر دۇررى ئەدەن يوق ①
شەھلا كۆزى ، رويى لالە ئەھمەر ،
سەرۋ قەد ئۇل سىيمىن بەدەن يوق .

---

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ سۆز « ئەدەت » دەپ يېزىلىپ قالغان ، قاپىيە مەنە ئېتىبارى بىلەن « ئەدەن » دەپ ئېلىندى ( م ) .

مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاستە ۋە ياكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈنلەي رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. سالىھى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سالىھى شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، شېئىرىي پىكرىنىڭ رۇ-شەنلىكى، ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى، ۋەزىن ۋە شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. بۇ تۇپلامغا ئۇنىڭ بىر قىسىم غەزەل ۋە مەسنەۋىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

يار ئۇچۇن گۈل تاردىم ئەيلەپ مەشەققەت ئەمگەلىپ ،
كۆز ياشىم بىرلە سۇغاردىم پەرۋىشلەر مەن قىلىپ .
گۈل كەمالىغە يېتىشمەسدە قىلىپ يارىم سەفەر ،
مەن قالىپ يالغۇز دىيارىمدا مۇسافىر ھەم غەرىب .
بار ئىدى يارىنىڭ گۈلى ، بارى ئۇ گۈلنىڭ بۇلبۇلى ،
گۈلدىن ئايرىلغاچ قىلىپ فەريادۇ ئەفغان ئەندەلىب .
يا كۆگۈلنىڭ راھەتى يوق ، يا بەدەننىڭ قۇۋۋەتى ،
ئول گۈلى ئەسفەر كەبى چېھرەم قالىپدۇر سارغەرىپ .
يا فىراقىنىڭ شىددەتى ، ياكىم ئەجەلنىڭ مۇددەتى ،
ھەم بەدەننىڭ قۇۋۋەتى قالماي ئەجەب بولدۇم زەئىف .
ھېچ مەجالىم يوق ئۇ كۈن ياتتىم كىرىپ گۈلشەن ئارا ،
گاھى مەستۇ گاھى بىھۇش گاھى ھۇشۇمغە كېلىپ .
ئول زەمان يەتتى قۇلاغىمغە بىرەۋنىڭ شەرفەسى ،
ھەم قەدەر سالماغلىغىدىن مەن ئانى تۇردۇم بىلىپ .
بىر باسىپ ، ئىككى باسىپ ، كەلدى يېتىپ گۈلشەن ئارا ،
قول ئۇزاتتى گۈلغە ئالغاي بەرگى شاخىدىن ئېگىپ .
مەن دېدىم : « ئەي بىئەدەب ، سەن غۇنچەغە يەتكۈرمە زەئىف »
دەرمەھەل كەلدىم ھۇشۇمغە كۆز ئاچىپ كۆردۇم رەقىب .
مەن مۇنى بىلمەكلىكىمنىڭ بائىسى ئېردى سەبەب ،

ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرگەلى باغلاتتى نەيلەي دار ئىشق .

ئاخىرى ئۆلتۈرگۈدەك فۇرقەتدە ئول ھەر بار ئىشق .

ئېلتىبان ئول ھەجر فۇرقەت كۈندە مىڭ دارۇلقەزا ،

بىر يولى قەتل ئەيلەمەككە چىرلاتىپ بازار ئىشق .

دوستلار ، فۇرقەت ئەزابى شىددەتىن ئەيلەي بەيان ،

ئاھ ، نېتەي مەن بەندەنى قىلدى زەبۇن ناچار ئىشق .

خانىمانىمدىن كېچىپ ، بىخانىمان بولغاندۇمەن ،

دوستلار ، ئەيب ئەتمەگىز باشىمدا مىڭ سەۋدايى ئىشق .

خەلقى ئالەم كۆرسە ئەيب ئەتمەس جۇنۇنۇمنى كۆرۈپ ،

لەيلى ئىلە مەجنۇندەك ھەم ئۆلتۈر سەمەندى ئار ئىشق .

ھەرنە كەلسە باشىگە تارتماسغە ، سالىھ ، چارە يوق ،

[بۇ ]مەگەر تەقدىر ئىلاھى قۇدرەتىلجەببار ئىشق .

مەن مۇندا بۇكۈن تاڭلا كېتەرمەن ۋەتەنىمگە ،
بۇ گۈلنى سېپىڭلار مېنىڭ ئۇل كۈن كەفەنىمگە .
گۈل مەۋسۇمى كەتمش تېگىبان باد ئىلە سەرسەر ،
ئۇل بادى خەزان ئافەتى باغ چەمەنىمگە .
بىھراق ئىدى گۈلدىن ئەگەرچە كەفەن ئەتسە ،
گۈل غەيىبدۇرۇر خاك ئالۇدە بۇ تەنىمگە .
مەن ئەزم سەفەر ئەيلەسەم [ ئۇل ] ھىندۇنى تاشلاپ ،
ئۇل شامۇ سەمەرقەندى ، ھىراتۇ يەمەنىمگە .
بۇيى گۈلىنىڭ ئانھەزرەتى رەبىكە ئەلادۇر ،
بۇ گۈلنى قىلاي تۇھفە ئۇ زىيبا سەنەمىمگە .
يەتسە ماڭا بىر بۇيى ئەسەر قاشى قارادىن ،
باقماسمە قاراقاش ئىلە بەلكى خوتەنىمگە .
مەندەك يەنە بىر بەختى قارا تالئى شۇم يوق ،
باقساڭلا پىشانەمدىكى لەۋھى قەلەمىمە .
رەھم ئەيلەمەس ھېچ بەندەئى سورماك مېنىڭ ھالىم ① ،
قالماڭلا مېنىڭ دەرد ئىلە داغۇ ئەلەمىمگە .
مەن قۇرقەئى ئەمىنە ئەرزىمنى ئەيتسام ،
سۇلتان شەھى ھەزرەت ئۇل با كەرەمىمگە .

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئىككى مىسرا ئىككى قېتىمدىن كۆچۈرۈلۈپ قالغان ( م ) .

گۇل ئۈنۈپ يىلدىزلارى چىققان ئىدى سىينەم يارىپ .
ئەي سەبا ، مەندىن بارىپ يارىمغە ئەيتىڭ مەرھەبا ،
ھەم سىينىڭ ۋەسفىگدەدۇر بىر نەچچە سۆزلەر دىلفەرىب .
سالىھى شىئىر ئايتادۇرلار بىمەئانى سۆزلەنى ،
سۆزنى سۆز مەزمۇنىغە يەتكۈزمەيىن ئۆلگەي قەرىپ .

ئەي ، ئەلىف قەد ، ئاي يۈزلۈك مېھرىبانىم سەنمۇسەن ① ،
ئۇشبۇ كۆڭلۈمنىڭ خۇشى ئارامى جانىم سەنمۇسەن ؟
« بە » بەلا باشىمغە كەلتۈرگەن فىراقى ھەجرىدىن ،
پارە قىلغان باغرىمە نازۇك نىھالىم سەنمۇسەن ؟
« تە » تولان ئايدەك يۈزۈڭگە بەندەمەن ، شاھى جەھان ،
تاقەتىم يوق تەلمۈرۈپ ، ئارزۇم قانارىم سەنمۇسەن ؟
« سە » ② سىرىبان سىررىغە ئەمرۇ فەرمان تۇتتۇرۇپ ،
سەلتەنەت تەختى ئۆزە ③ شاھى جەھانىم سەنمۇسەن ؟
« جىم » جەمالىڭدىن جەھانغە ئوت ياقىپسەن ، ئەي سەنەم ،
جانمۇسەن ، جانانمۇسەن ، خۇرشىدى جانىم سەنمۇسەن ؟
« ھە » ④ ھەياتىم بارىچە ، سەن شاھ ، قۇلدۇرمەن ساڭا ،
ھەرنە بۇ كۆڭلۈمدىكى رازى نىھانىم سەنمۇسەن ؟
« خە » خەيالىمدا كۆرەرمەن ، كۆزدە كۆرمەكلىك مەھال ،
خالى خەتتىڭ بارچە كۆڭلۈمدە خەيالىم سەنمۇسەن ؟
« دال » دىلىمنىڭكى خۇشى ئارامى جانىم دىلبەرىم ،

---

① ئاپتور بۇ شېئىرىنىڭ ھەربىر بېيتىنى چاغاتاي يېزىقى ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە باشلىغان .

② چاغاتاي يېزىقىدىكى « ث » ھەرپى ( م ) .

③ بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « ئۆزرە » يېزىلغان ، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن « ئۆزە » ئېلىندى ( م ) .

④ بۇ بېيت چاغاتاي ئېلىپبەسىدىكى « ح » ھەرپى بىلەن باشلانغان ( م ) .

ئاھىم ئوتىدىن كۆيسە بۇ ئالەم ئەجەب ئېرمەس ،
ئوت كەتكۇسىدۇر باغى گۇلىستان ئىرەمىمگە .
سالىھى ئورۇبان فانى جەھان مۇلكىغە پەشپا ،
مەن خۇرشىد ئەمەس فانى بۇ مۇلكۇ ۋەتەنىمگە .



« سات » سەبر ئەتمەكدىن ئۆزگە ئىشق ئىلگە چارە يوق ،
سەبرسىزمەن بىقەرار ، سەبرۇ قارارىم سەنمۇسەن ؟
« زات » دەرگاھىڭدا زايىئ قويماغىل پەرۋەردىگار ،
زەبت قىل كۆز مەردۇمۇم نۇرى زىيائىم سەنمۇسەن ؟
« تە » ① تۇلان ئايدەك جەمالىڭغە بولۇپ ھەيرانۇ زار ،
تاب تاقەت قالمادى بىرەھم زالىم سەنمۇسەن ؟

..............................................②

« ئەين » ③ ئۇقۇبەت بىرلە قىلدىڭ دىنى ئىسلامىم خەراب ،
كافىرى چىن ئەھلىمۇ ، كۆزى خۇمارىم سەنمۇسەن ؟
« غەين » غەۋغا ، غۇسسە ، غەم كەلسە باشىمغە چارە يوق ،
غەم غۇبارىم ، جان فەراغىم ، دادخاھىم سەنمۇسەن ؟
« فە » فىراقىڭ ئىچرە يىغلاپ تاپمادىم ھەرگىز مۇراد ،
مەقسەدىم ھەم مەتلەبىم ، كۆڭلۈمدە فالىم سەنمۇسەن ؟
« قاف » قاراقىم سىزغۇرۇپ ، يىغلاپ يولۇڭدا زار ـ زار ،
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمۇ فىكرىم ، قىيلۇجالىم سەنمۇسەن ④ .
« كاف » گۈلزارىڭنى سەير ئەتمەكنى ئەيلەپ ئىختىيار ،

① بۇ بېيىت « ئىتقى » (ط ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن « تە » ئېلىنىدى . ( م )

② « ئىزغى » (ظ ) بىلەن باشلانغان بېيىت يوق ، كۆچۈرۈلمەي قالغان بولسا كېرەك ( م ) .

③ بۇ بېيىت « ئەين » ( ع ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ( م ) .

④ ئەسلى قوليازمىدا « فە » ( ف ) « قاف » ( ق ) ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان مىسرالارنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالمىشىپ كەتكەن ، چاغاتاي ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەندى ( م ) .

ئاھۇ زارىم ، جان فىگارىم ، دەردۇ داغىم سەنمۇسەن ؟

« زال » ① زەبۇن ئەيلەپ مېنى ھەجرى فىراقىڭ ، ۋايكىم ،
زايىل ئەتكەن ئەقلىمە شىرىن زەبانىم سەنمۇسەن ؟

« رە » رىزادۇرمەن باشىمغە نەچچە كەلسە جەۋرۇ ، زۇلم ،
سورغۇچى ئەرزى دىلىمنى رازدارىم سەنمۇسەن ؟

« زە » ② زۇلفۇڭ دامىغە تۈشتى بۇ كۆڭلۈم چىرماشىپ .
زۇلفىغە كۆڭلۈمنى قىلغان پايمالىم سەنمۇسەن ؟

« سىن » سەئادەتدۇر سېنىڭ يولۇڭدا قىلسام جان پىدا ،
سېلكىبان سۆدرەت ئېتىپ كۆڭلۈم تىنارىم سەنمۇسەن ؟

« شىن » شەھەنشاھىكى ، شەھلەر بارچەنىڭكى شاھىسەن ،
شاھى خۇبان ، ماھى تابان شەھرىيارىم سەنمۇسەن ؟ ③

---

① بۇ بېيىت چاغاتاي ئېلىپبەسىدىكى « ذ » ھەرپى بىلەن باشلانغان ( م ) .

② « ز » ھەرپى بىلەن باشلانغان بۇ بىر بېيىت ئەسلى قولىيازمىدا « خ » ھەرپى بىلەن باشلانغان بېيىتتىن كېيىنلا كۆچۈرۈلگەن ، بىز بۇنى كاتىپتىن كەتكەن سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ ، چاغاتاي ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە « د » ، « ز » ھەرپى بىلەن باشلانغان بېيىتتىن كېيىن بەردۇق ( م ) .

③ ئەسلى قولىيازمىدا مۇشۇ بېيىتتىن كېيىن ، « ئىتقى » (ط) بىلەن باشلىنىدىغان بېيىت كۆچۈرۈلگەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن « دىلبەرىم ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندەئى مۇبتەلا بولاي ، ئۈرۈلۈبان باشىدىن جانۇ تەنىم فىدا بولاي » دەپ باشلىنىدىغان بىر غەزەلنىڭ 8 مىسراسى بۇ شېئىرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان . بۇ يۇقۇرىدىكى « ئىتقى » (ط ) بىلەن باشلىنىدىغان بېيىتنى چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ، « سات » (ص) ۋە « زات » (ض) ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان بېيىتلاردىن كېيىن بەردۇق . ئارىلىققا قىستۇرۇلۇپ قالغان 8 مىسرالىق غەزەلنى چىقىرىۋەتتۇق ( م ) .

بەندەمەنۇ ساڭا قۇلمەن ، شاھۇ سۇلتان سەنمۇسەن ،
يا پەرىسەن ، ھۇرمۇسەن يا ماھى تابان سەنمۇسەن ،
قەددى ئەرئەرن ، مويىدىن ئەنبەرمۇ ، شەككەرمۇ سۆزى ،
كۆزلەرى شەھلامۇدۇر ، لەئلى بەدەخشان سەنمۇسەن .
ئارەزى رەخشان ، ساچى سۇنبۇل ، كۆزى بادامى تەر ،
ھەر سۆزى قەندىن لەزىزراق ، شەككەرئەفشان سەنمۇسەن .
مەن ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم رەھم قىل ، ئەي ماھۋەش ،
باغرى قاتتىغ سەڭگى دىل ، ئەي نامۇسۇلمان ، سەنمۇسەن .
سەجدە قىلسام ئەگمە ـ ئەگمە قاشلارىن مىھراب ئېتىپ ،
سەن ماڭا ھەم دىنۇ مەزھەب ، نۇرى ئىمان سەنمۇسەن .
ھېچ ئىنسان ئىچرە كۆرمەدىم سېنىڭدەك ھەم يەنە ،
يا بەشەرسەن يا پەرىسەن ، ھۇرى رىزۋان سەنمۇسەن .
تەلئەتىڭ چۇن ۋەززۇھادۇر ساچلارىڭ مانەندى شەب ،
ھەم شەرافەت ئەۋجىدە خۇرشىد رەخشان سەنمۇسەن .
بىر كۆرۈپ ۋەسلىڭنى جانىم بەرمەكىم ئاسان ئىدى ،
جانمۇسەن جانىمغە ؟ ئارام بەلكى جانان سەنمۇسەن .
يارۇ يار دەپ بىھۇدە ، ئەي سالىھى ، جان چەكمەگىل ،
يوقسە مەقسۇدۇڭ ئۇچۇنكىم زارۇ ھەيران سەنمۇسەن .

سەيرىگە ھەم باغۇ گۇلشەن، گۇلئۇزارىم سەنمۇسەن؟
«مىم» مەلائىكلەر مېنىڭ ھالىمغە ھەيران ھەر كېچە،
مېھرىبانىم، نۇكتەدانىم، غەمگۇزارىم سەنمۇسەن؟
«نۇن» نىيازىمدۇر مېنىڭ جانىمدىن ئۆزگە يوق نىياز،
شەمئىسەن، پەرۋانەدۇرمەن، جان نىسارىم سەنمۇسەن.
«ۋاۋ» ۋاھىكىم، قۇتۇلماس ھەجر ئوتىدىن ئۆلمەيىن،
ۋايكىم ئارامى جان يا جان گۇزارىم سەنمۇسەن.
«ھې» ھىدايەت، لۇتفۇ تەۋفىقىدىن ھەم ئۇممىدۋار،
ھۇدھۇدىغە سەير ئېتەر باغۇ بەھارىم سەنمۇسەن؟
«لام ئەلىف» ① لالە كەبى سىينەمدە يۈزمىڭ داغلار.
غەمگۇزارىم، گۇلئۇزارىم، لالەزارىم سەنمۇسەن؟
«يار» يا [ ر ] دەپ سالىھى كۆرسەڭ نەدۇر ھەم يارىدىن،
يارنى رەسۋا ئەيلەگەن يالغانچى يارىم سەنمۇسەن؟



① بۇ بېيىت چاغاتاي يېزىقنىڭ ئېلىپبەسىدىكى «لام ئەلىپ» ( لا ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ( م ).

دىلرەبا ، ۋەسلىڭنى ئىزدەپ بىنەۋا بولدۇم نېتەي ،
بۇ كۆڭۈل ئاخىر فىراقىڭدا گەدا بولدۇم نېتەي .
ئاھكىم ، ھىجران ئوتى ئاخىر مېنى قىلدى كەباب ،
ھەجرۇ فۇرقەتدە كۆيۈپ ئەمدى ئەدا بولدۇم نېتەي .
گۇلدىن ئايرىلغان كەبى بۇلبۇل مەسەللىك ئۇن چېكىپ ،
ۋادەرىغ ، مەن يار ۋەسلىدىن جۇدا بولدۇم نېتەي .
مەن فەقىر دىلخەستەگە رەھىم [ ئەيلە ] ، ئەي شاھى جەھان ،
كۆرگەلى ۋەسلىڭنى زارۇ بىقەرار بولدۇم ، نېتەي .
ھەر كۇنى مەندىن ۋەفا ، ئاندىن جەفا ئۆزرە جەفا ،
مەن فەقىر ئول بىۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي .
ئول پەرى رۇخسارىغە بولسۇن ئەگەر يۈزجان فىدا ،
جانىمە بىردۇر ئەگەر ، يۈزجان فىدا بولدۇم نېتەي .
سالىھى گۇلچېھرەنىڭ كويىدا بولمىش بىنەۋا ،
دەردۇ ھىجرانىغە گىرىفتارى بەلا بولدۇم نېتەي .



دىلبەرىم ئاي يۈزىگە مەن بەندەئى مۇبتەلا بولاي،
ئەۋرۈلۈبانكى باشىدىن جانۇ تەنىم فىدا بولاي.
دىلبەرىما، فىراقىدا سىزدى كۆزۈم قاراغىدا،
كۆل بولۇپ ئىشتىياقىدا بىر يولى مەن ئەدا بولاي.
كەچمەيىن ئول جانانەدىن، جانۇ جەھاندىن كېچەي،
دىلبەرى مىھرىباندىن قايداغ ئېتىپ جۇدا بولاي.
ھەجرىدە مەن ئوقۇپ غەزەل راك ئىلە مۇختەلىق نەئىن،
بەلكى نەۋادا قىچقارىپ خەلق ئارا بىنەۋا بولاي.
رەھمىسى كەلسە شادمەن، قەھرىغە ھەم ئىلاج يوق،
ھەرنېچە قىلسە زۇلمۇ جەۋر ھەممەسىگە رىزا بولاي.
خەستەئى تەشنەدۇ مەن مەي تۇت ماڭا ساقى سۈزۈپ،
بولمەسە كاسەنى ① بېرىك [ مەي ] تۇتغۇچى ساقىيا بولاي.
يار بىلە مەينى ئىچكەلى تاپساق ئەگەر سىنۇق سەفال،
جامىۇ جەمشىدى زەمان شەۋكەتى پادىشاھ بولاي.
يار ئىشكىدە ياتغالى يەتسە بۇ بەندەگە بەھەم،
كۆز تۇتۇبانكى خىزمەتىن قىلغالى ئىنتىزار بولاي.
سالىھى يار كويىدا، گەۋھەرنى جۇستىجويىدە،
تەرك ئېتىبانكى دۇنيانى دەر ـ بەدەر گەدا بولاي.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا «كەلسەنى» دەپ يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «كاسەنى» دەپ ئېلىندى (م).

ئەندەلىبغە خاردىن مەجنۇنغە ئەتفال تاشدىن ،
رازىدۇر يۈز جەۋرى يەتسە خار ئىلە خاراسىغە .
يۈز ۋەفا مەندىن ، ئانىڭدىن مىڭ جەفا جەۋرى سىتەم ،
مىڭ نىيازىم بار ئانىڭ بىر ناز ئىستىغناسىغە .
بادە ئىچ ، ئەي سالىھى ، ئالەم غەمىدىن بول خەلاس ،
يا ئۆزۈڭنى تاشلاغىل ئەمدى جۇنۇن دەرياسىغە .

بۇ كۆگۈل ئاشۇفته يا[ ر ]نىڭ كۆزلەرى شەھلاسىغە ،
نە ھەدىم بار كىرگەلى ①ئىزدەپ ئانىڭ مەئۋاسىغە .
ئاھۇ ۋاۋەيلا بۇ فۇرقەتدە بەسى بولدۇم خەراب ،
ئالدۇرۇپدۇرمەن كۆگۈلنى ئول قەدى زىباسىغە .
قىلمە بىھۇدە نەسىھەتنى ماڭا ، ئەي زاھىدا ،
بۇ كۆگۈل ھەيرانۇ زار ئولمىش گۈلى رەئناسىغە .
خەستە ئۇششاق ئەھلىنى تاراج ئېتەرگە ئول زەمان ،
بۇ كۆگۈل مۇلكى جەۋاب بەرسۇن قاچان نەئماسىغە .
ھەجرى شام ئەندۇھ فىراق ئەيلەپ زەئىفى ناتەۋان ،
نەچچە زار ئولسامكى كەلتۇرمەس داغى پەرۋاسىغە .
« ئاشىقى سادىقمە » دەپ لاف ئۇرماغىل ، ئەي بۇلھەۋەس ،
نە ھەدىڭ باردۇر ، نە ئىخلاس ئىشقىلىغ دەئۋاسىغە .
ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەر كىشى بۇدۇر جەزا ،
قەتل ئېتىپ ئەيلەڭ تاماشانى ئۇلۇس غەۋغاسىغە .
ۋائىزا ، مەنى ئەتمەگىل ئىلتىپ پەرى ئەيلەپ جۇنۇن ،
يوق بۇ دەۋر ئوتىغە تەسكىن يا كۆگۈل سەۋداسىغە .
بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئۇرماغىل لافۇ كەزاب ،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە .

---

① ئەسلى قولىيازمىدا « كۆرگەلى » دەپ يېزىلغان ، مەنە ئېتىبارى بىلەن « كىرگەلى » دەپ ئېلىندى ( م ) .

ئۆتۈپ فىسقۇ فۇجۇر بىرلە بۇ ئۇمر رايىگاندۇرمەن .
ياماننۇ ياخشىلىق كەلسە ئۆزىنىڭ سۇنئى تەقدىرى ،
بولۇپمەن ھەممەگە خۇرسەند ، ئەجايىب شادماندۇرمەن .
كى سۆزلەپ بىمەئانى سۆزنى ، سالىھ ، نامى شائىر دەپ ،
كۆزۈم تىيرە ، دىلىم خىرە ، ئەجەب كوتاھ زەباندۇرمەن .



نېتەي بۇ ئىككى رەنج بىرلە گىرىفتارى جەھاندۇرمەن ،
غەمى ئەندۇھۇ كۆپدۇر ، دەرد بىرلە ھەمزەباندۇرمەن .
شەھىدى كەربەلا يەڭلىغ تۆكۈپ خۇن ، بۇزغالى چېھرەم ،
گەھى ئەخزەر گەھى ئەسفەر ، بەمىسلى زەئفەراندۇرمەن .
بۇ سەر بىرلە ئىت ئۇرۇشنى ئۆلتۈرمەي قاچان قويسۇن ،
ئانىڭ ئۆلتۈرمەكىدىن مەن تۇتۇپ كۆز بىگۇماندۇرمەن .
بۇ ئىككى كېسەلۇ ئالدى ① ئاراغە مەن نېچۈك ئەيلەپ ،
چىداپ زۇلمىغە گويا رۇستەمى ساھىبقىراندۇرمەن .
خۇدانىڭ سۇنئى تەقدىرى ئىرادە ئانداغ ئېرمەستۇر ،
بىر ئاي بولسام كېسەل ، بىر ئاي داغى ئەمنى ئەماندۇرمەن .
خۇداۋەندا ، بۇ سالغان رەنجىڭىزگە يۈز تۈمەن شۈكرى ،
زىيادە مۇندىن ئۇلسە ، مەن ئۇرۇپ ئاھۇ فىغاندۇرمەن .
ئاتا يوقتۇر ، ئانام يوقتۇركى يارۇ مېھرىبانىم يوق ،
ۋەفادار دوست يارمەنۇ زەئىفۇ ناتەۋاندۇرمەن .
ياتىبدۇرمەن دىيارىمدا سىياۋۇش بىرلە كەيخۇسرەۋ ،
سىكەندەر [ بىرلە ] جەمشىدۇ فەرىدۇنى زەماندۇرمەن .
گۇنەھكار ئاسى جافى مەن ، بىشەرمۇ بىھەيا قۇلمەن ،
تىلىم يوق قۇل ، دېمەككى يوق نىشانىم ، بىنىشاندۇرمەن .
نەمازۇ رۇزە مەندىن تەرك ، زەكاتۇ ھەجكى يوقتۇر زەر ،

---

① ئەسلى قولىيازمىدا « كەسەلۇر ئالدىغە » دەپ يېزىلغان ( م ) .

كەلدىكى چەمەنگە باردى سەسەر ،
گۇلنى تۇزۇپ ئاندا قىلدى يەكسەر ① .
قورقار ئىدۇك خەزان يەلىدىن ،
پىنھان بولۇبان جەھان ئېلىدىن .
بىر كۈن كېلىبان قەزا ھۇجۇمى ،
گۇلشەننى ساۋۇردى يەل سەمۇمى .
يەتتىكى خەزان بەھار كەتتى ،
گۇلشەن ئارا گۇلئۇزار كەتتى .
يارىمدىن ئولۇپ ئول كۈن جۇدا مەن ،
فۇرقەت ئوتى بىرلە مۇبتەلا مەن .
ئۆرتەدى جانىمنى داغى ھىجران ،
ياشىم تۆگە [ دى ] تۆكەي قىزىل قان .
نەيلەي ، نە قىلاي بۇ ئىشغە چارە ،
قىلسامكى ئۆزۈمنى پارە - پارە .
ئەمدى بولايىن گەھ سۇفىيانە ،
② ....................................

گاھى سۇفىلاردەك ئەيلەسەم ھەق ،
ھەر تارى مويۇم دېمىش ئەنەلھەق .
كۆڭلۈم [ دە ] تولا ئېرۇر نەدامەت ،
چىقماس بۇ فىراق تا قىيامەت .

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز « يكر » شەكلىدە يېزىلغان ( م ) .
② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان ( م ) .

# مەسنەۋىيلەر

بىمەھر ئىكەن بۇ دەھر غەددار ،
بۇ جەرخى فەلەك ئېرۇر ستەمكار .
ياردىن مېنى ھەم جۇدا قىلىپدۇر ،
جانىمغە ستەم جەفا قىلىپدۇر .
باغ ئىچرە قىلىپ چەمەن ئۇزارلىق ،
ئول گۇلشەن ئارا جان فەزارلىق .
ۋەقتىكى يېتىپ ئىدى مۇھەييالار ،
بۇلبۇللار چېكەر ئىدى نەۋالار .
ئول مەن بولۇبان ، مەن ئول بولۇپ ھەم ،
ئاندا يوق ئېرىدى كۆڭلۈمدە ھېچ غەم .
گەھ ئويناشىپۇ گەھى كۈلۈشۈپ ،
گەھ يىلداشىپۇ گەھى سۆيۈشۈپ .
گەھ باغ ئىچىدە قىلىپ گۇزەرلەر ،
گەھ گۇلغە قىلۇر ئىدۇك نەزەرلەر .
ۋەقتى يەنە ئاپەتى زەمانە ،
كۆردى ئىكىمىزنى دەرمىيانە .
كەلدى يەنە بىزگە فىتنە باشلاپ ،
ئول باغى چەمەنگە ئوتنى تاشلاپ ،

سالىھ قىلىبان بۇ سۆزنى بۇنياد ،
دوستلار ئىشتىپ مېنى قىلىڭ ياد .

*   *

بىر كۈن ئۇل تەرەفكە مەيل ئەتتىم ،
ئۇل يارنىڭ ۋىسالىغە يەتتىم .
كۆردۈم نۇرىنىكى زار ئاشىق ،
بولدۇم ئاڭا مەنكى يار سادىق .
ئۇل سارىغە گەرچە بارمىسام ،
گۈل يۈزىنى ئاندا كۆرمىسەم .
ئۇل گۈلنى قولۇمغا ئالماس ئېردىم
مەن ئۇشبۇ بەلاغە قالماس ئېردىم .
ھەر كۈن بۇ فىراق بولۇپ زىيادە ،
بۇ جەۋرۇ جەفا ماڭا ئىرادە .
يارىم بولۇبان كۆزۈمدە نازىر ،
ھەر كېچە تۈشۈمدە ئۈيلە ھازىر .
ھەر كېچە بولۇپ بۇ ئىككى بىدىل ،
ھەر ئىشتىبانكى زار ئىلە دىل .
ھەر كېچە بىللە ئۇل ئەجايىب ،
ۋەقتىكى سەھەر كۆزۈمدە غايىب .

تۇفراق ئارا كىردى ماھى تابان ،
يەر ئاستىدا ئۆزنى قىلدى پىنھان .
بۇ دەھر بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇتماق ،
بۇ باغ ئارا گۇلشەنگە باقماق .
نې مېھرىسى بار ئانىڭدا نې كۆز ،
نې چېھرى بار لەتىق ئانىڭدا نې يۈز .
نې شەھنى قويار نەكىم گەدانى ،
نە مۇفلىسۇ نە بىۋە بىنەۋانى .

* *

نە گۇلشەن ئەمدى ماڭا نې باغ ،
نە بەھرى ماڭا نە دەشت نە تاغ .
بۇ دەردىنىڭ ھېچ دەۋاسى يوقتۇر ،
بۇ رەنجىنىڭ ھېچ شىفاسى يوقتۇر .
مەخلۇق ئىشىغە قىلىپ ئىلاجى ،
ساتىپ ئالۇر ئىدىم يىغىپ خىراجى ،
ئول تەڭرى ئەزەلدە قىلسە تەقدىر ،
بەندەسى نەھەد قىلۇرغە تەدبىر .
يارىم سېنى تاپشۇراي خۇداغە ،
ئىككىنچى رەسۇلى مۇستەفاغە .
ئەفۋ ئەت گۇناھىمنى شاد قىلغىل ،
جەننەت ئىشىكىن كۇشاد قىلغىل .

## مۇھەررىردىن:

بۇنىدىن يەتتە يىل بۇرۇن موللائىمىن ۋە موللا ياقۇپ قاتارلىق ئىككى نەپەر كاتىپ تەرىپىدىن مىلادى 1855 ـ يىلى خوتەننىڭ «شورباغ» يېزىسىدا كۆچۈرۈلۈپ تامامىلانغان «شەھرى باياز» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر قول يازما تېپىلغانىدى. بۇ قول يازما توغرىسىدا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇ «باياز» توغرۇلۇق قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەنىدى.

مانا شۇ «شەھرى باياز» ناملىق قول يازمىغا مىسكىن، موللاسالىھ، موللانىياز قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىر قاتاردا، ئەسرى، موللا ئەلەم، ھەمدى ئىسىملىك ئاپتورلارنىڭمۇ ئاز ـ تولا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇلاردىن «ئەسىرى» تەخەللۇسلۇق ئاپتورنىڭ مەزكۇر قول يازمىغا ئۈچ پارچە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن ئىككى پارچىسى ئىلگىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

موللا ئەلەم ئىسىملىك شائىرنىڭ بولسا بۇ قول يازمىغا ئۈچ پارچە غەزەل بىر مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن.

« ھەمدى » تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭمۇ بىر غەزىلى كىرگۈزۈلگەن.

زۇمۇررەد دېگەن ئاپتورنىڭ گەرچە بۇ قول يازمىغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىل 2 ـ سانىدا «ئەسىرى» تەخەللۇسلۇق ئاپتور بىلەن بىللە شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغانىدى.

يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز بول-

# ئەسىرى

ئەسرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن هوشۇر

## غەزەللەر

تا خوتەن شەھرىگە كەلدىم ساكىن ئۇلدۇم باغ ئارا ،
ئۇلتۇرۇپ پايى فەنادەك يەرتۇتۇپ تۇفراغ ئارا .
مەن كۆرەرمەن ئەلنى ، ئەل كۆرمەس مېنى ، يوقتۇر ئەجەب ،
« نۇن » مەسەللىك ياشۇرۇن يالغۇز « ئەلىف » دەك باغ ئارا .
چەھار ئۇنسۇردەك مېنىڭ جانىمغە بولدى چەھار باغ ،
جانىمە قۇشكىم ئۇچالماي تەلپۈنۇر بۇ باغ ئارا .
ھەمنەفەس بارى مۇۋافىق غەير يوق ئىكى چەراغ ،
سۇ ياغىدۇر كۆيگەلى قويماس قاتىلسە ياغ ئارا .
ئىختىلافەن سۇھبەتى ناجىنسىدىن قىل ئىختىلاف ،
ۋاي ، شەھبازىكى تۇشكەي بىر گۇرۇھى زاغ ئارا .
ئاقىلۇ غافىل ئەگەر سۇرەتدە بىر سۆز مۇختەلىف ،
ئۇيقۇلۇغ بىرلە نەفەس فەرقى ئېرۇر ئويناغ ئارا .
تالىبىكىم ئەھلى دۇنيانىڭ ئىچىدە چەۋرۇلۇر ،
تامىئ ئول يەلدۇر چىقالماي چەۋرۇلۇر قۇرساغ ئارا .
ئەھلى ئىمان جىرزەئى ئىمانىغە يەتمەس قۇتۇر ،

سىمۇ ، ئەمما ، بۇ شېئىرلار بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە .

ئەپسۇسكى ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەسىرى ، موللا ئەلەم ، ھەمدى ، زۇمۇررەد قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق نۇسخىلىرىغا ئائىت مەلۇمات يوق . شۇنداقتىمۇ بىز بۇ شائىرلارنىڭ ھازىرغىچە قولىمىزغا كەلگەن ئەسەرلىرىنى يىغىپ تۈزۈلگەن بۇ «باياز» غا كىرگۈزدۇق . بۇنىڭدىن مەقسەت ، كۆپچىلىكنى يۇقىرىقى شائىرلار ۋە ئۇلار- نىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىقىشقا تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت .

سارىغ كۆڭلەك، قىزىل تون ئىچرە كىردىڭ ئەي گۈلى رەئنا،
سارىغ چىھرەمگە قان ياشىم يۇگۇردى رەشكىدىن ئاندا.
قارا بەختى كەبى زۇلفۇڭ مىنى كۈن كۆرگەلى قويماي،
جەمالىڭ ئافتابىغە سەھاب ئولدى شەبى يەلدا.
لىباسى ئاتەشىن كىيدىڭمۇ، يا ئىشق ئەھلى جانىغە
ياقىپ ئوت كۆيدۈرۈركى ئوتغە كىردىڭمۇ خەلىل ئاسا.
دىرەمدۇر غەم، سىرىشكىم لەئل، رۇخسارىم سارىغ ئالتۇن،
قىلۇردا ئىشق بازارىدا ھۇسنۇڭ بەيئىغە سەۋدا.
سەمائى بەزم ئارا كىردىڭ بىرى بىرىنى فەرش ئەتتى،
باشىڭدىن ئۆيرۈلۈپ گەردۇن ئىزىڭدىن تەبرەنىپ غەبرا،
گەھى ئاقۇ قىزىل خىلئەت كىيىپ خۇرشىد نىسبەتلىغ،
فەلەقدىن تاشەفەقگۇندەك قىزىتتىڭ بەزم جان ئەفزا.
ئۆزۈم باشلىغ، كۆزۈم ياشلىغ، نىگارا، ياشلىغ قىلدىڭ،
زىلالى خىزر لەئلىڭ باشلىغدىن قىلمادى خۇزرا.
ئاچىلدى ھەم تىرىلدى لەبلەرىڭدىن غۇنچەدەك كۆڭلۈم،
مەسىھا مىننى مۇسامىمدىن ئەيلەدىڭ گويا.
ھەلىمغە قويدى ئوتلار جانىغە ئوتلار تۇتاشقاندەك،
لەبىدىن نەي شەكەر بولدى، دەمىدىن تۇتىئى گويا.
بۇمەجلىس ئىچرە ئۇن تارتىپ فەلەكدەك يىغلابان تۈن - كۈن،
زەبابى، چەڭۇ قانۇنى سۇراھ جام ئىلە مۇھىببا.

نەچچە يىل ياتغاي قىزىل ئالتۇن قارا تۇفراغ ئارا.
ئاقىلا، خەلقى جەھان بىھۇدەلەر ئەيبى ئەمەس،
كۆپ تەفاۋەتدۇر كۆرۈك سەرسام بىرلە ساغ ئارا.
تا سۇرەيىيا دىن سارىغە غەير ھەق مەنزۇر ئەمەس،
كۆزنى رەۋشەن قىلدى ئۇلكىم سۇرمەئى مازاغ ئارا.
زىھنىم ئولدى سەرف سەررافى سۇخەن قەدرىم بىلۇر،
سۆزدۇر بۇ سۆز نەچە نىسبەت بىلە بارماغ ئارا.
ھەم ياشىم يەتمىش، ئۆلۈم يەتمىش، دەرىغا، كەتتى ئۇمر،
ياشنى غەفلەتدە ئۆتكەردىم قارىغان چاغ ئارا.
دوستلار ديدارى شەھر ئىچرە مۇيەسسەر بولماغاچ،
لالە يەڭلىغ بولدى سەھرايى ئەسرى باغ ئارا.

ئەي فەلەك كۆپ زۇلم قىلدىڭ ئاشىقى جانبازغە ،
ئاھكىم يەتكۇرمەدىڭ ھەمرازنى ھەمرازغە .
ھۇسننى تۈن ـ كۈن قىيىن قىلماقغە قىلدىڭ ھەمنەفەس ،
تۇتىئى شىرىن زەباننى زاغى بەد ئەۋازغە .
ئەي سىپىھرى بى مۇرۇۋۋەت ، سەندەنە مىھرى نە كۆز ،
يۇسۇفى مىسرىنى ھەم ساتمىش بەھايى ئازغە .
قايدا بىلگەي ئابىھەيۋان قەدرىنى ھەيۋانى مەھز ،
لايىق ئېردى خىزر خەتلىغ تەشنە لەب دەمسازغە .
چىقسە جان شىرىن لەبى يادىدا نەغەم ، ئەي مەسىھ ،
جان ماڭا شىرىن لەبى يوق ھاجەتىم ئەئجازغە .
ھۇققەئى لەئلىدە ياقۇتى مۇفەررىھ مۇندەرىج ،
دەردلىغ كۆڭلۈم مۇقەييەددۇر مۇفەررىھ سارىغە .
ۋەسلىنىڭ باغىغە تاۋۇسى ئىرەمنى باغلادىڭ ،
كاشكى باغ ئولسە تاۋۇسى ئىرەم شەھبازغە ،
ۋەھ ، قاچان شەرئى مۇھەببەتدە رەۋا بولغاي نىكاھ ،
گىسۇيى ئەنبەر فىشانىمنى ھەبەشلىغ تازغە .
ئەي ئەسىرى ، غەيرىدىن رازى دىلىڭنى ئاسراغىل ،
غەمنى غەمخارىڭغە ئايغىل ، ئايماغىل غەممازغە .

يۈزۈڭ گۈل ، سۆزگە ئۆرۈلگەندە ئىككى لەبلەرىڭ بۇلبۇل ،
ئۆزۈڭ مىرئات ، ھۆسنۈڭ ئەكسىدىن ئۆز ھۆسنۈڭگە شەيدا .
غەرەز بۇ ھۆسنى زاھىرنى كۆرۈپ باتىلغە كۆز سالماق ،
ئەگەر ئاقىل ، ئەگەر ئامىل ، ئەگەر جاھىل ، ۋەگەر دانا .
مېنى نارى دېدى : نارى ، ئۈزۈپ قاچتىم بارىپ نارىن ،
دېدى : كەت نارىدىن نارى ، قاشىمغە كەلمە ئەي رەسۋا .
نىشان مەسنۇئىدىن مانىئغە يىللار ئىزدەگەن تالىب ،
بولۇپ لەب تەشنەلەرغە نەم يولىدىن ھەم يولى پەيدا .
بەھارى سۇنئى سەبائى بۇ باب گۈللارنى بىر خەمدىن ،
بىرىن ئەبيەز ، بىرىن ئەسفەر ، بىرىن ئەخزەر ، بىرىن ھۇمرا .
بىرىدە كۆز ، بىرىدە ھۆسن ئۇلۇپ بىر يەرگە باقتۇردى ،
بولۇپ فەرھاد ـ شىرىن ، لەيلى ـ مەجنۇن ، ۋامىقۇ ئۇزرا .
نېتەي ، ئەي دەردى ئىشق ئەھلى ، يامان كۆڭلۈم يامان مايىل ،
ئالىپدۇر جانۇ كۆڭلۈمنى ئوغۇرلاپ دىلبەرى زىيبا .
ئەسىرى سوز ئەسرى جانىغە ئاندىن يېتەر راھەت ،
ئېرۇر بۇلبۇلغە گۈل جان ، قۇمرىغە سەرۋى سىھى بالا .



## زۇمۇررەد

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىمىن تۇرسۇن

## غەزەل

ئەي رەفىق سەن ساقلاغىل كۆڭلۈڭدە بىر ئەسرارى بار ،
ياربىدىن قىلغىل ھەزەر يانىدا بىر ئەغيارى بار .
دېمەگىل دەپ سەن ئاڭا سىرىڭنى قىلساڭ ئاشكارا ،
ئول ھەم ئەيتۇر دىمە دەپ ئەنىڭمۇ ھەم بىرى يار بار .
كۈندۈزى قىلساڭ سۇخەن بول ھەر تەرەفدىن باخەبەر ،
كېچىلەر ئاھىستە بول ، يانىڭدا بىر بىدارى بار .
خەندە قىلغان بىرلە ھەركىم سەن ئاڭا بولما فەرىب ،
گۈل ئاچىلغان بىرلە ئانىڭ يانىدا بىر خارى بار .
گۈل ئۈچۈن بۇلبۇل ھەمىشە جانىنى ئىسار ئېتەر ،
ئاقىبەت بۇلبۇلنىڭ ھەم بىر خاردىن ئازارى بار .
دانىشىڭغە بولما مەغرۇر ئەي فەلان ئىبنى فەلان ،
بۇ جەھان سەھنىدە سەندەك يۈز تۈمەن ھۇشيارى بار .
سەن كۆڭۈلدىن ھەر زەمان باتىل خەيالىڭنى چىقار ،
خەيرىيەت ئەندىشە قىلغىل ساھىبى ئەسرارى بار .
ئەي زۇمۇررەد بىر خۇدادىن ئۆزگەبى تۇتما ئۇمىد ،
ھەقتىن ئۆزگە قايدا بارساڭ بىر بۇزۇق دىۋارى بار .

# زۇمۇرەد

## موللا ئەئلەم

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھوشۇر

### غەزەللەر

ئەرزى ھالىمنى قىلاي ئەمدى ئىشىت بىر ـ بىر بەيان ،
ئول كۆڭلىكى ئايرىلىپ سەندىن يانىپ كەلدىم بۇ يان .
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم قۇشى بولدى سېنىڭ دامىڭغە بەند ،
بۇ جىھەتدىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ جىسمىڭ سايان .
كۆيدۈرۈپ ئىشقىڭ ئوتى بۇ ئەقل ـ ھۇشۇ سەبرنى ،
مەن نەچۈك تاقەت قىلاي ئەتتىڭ ماڭا چارەم قايان .
بۇ مېنىڭ دەردىمگە تاپغىل بىر دەۋا ئەي غۇنچە لەب ،
كۆرسەتىپ ئايدەك يۈزۈڭنى سەن ماڭا ئۇردۇڭ زىيان .
گەر سۇئال ئەتسە كىشى سەن ھۇرنىڭ ئەھۋالىدىن ،
ئاڭلاسۇن قىلدىم مۇخەممەسدە ئاتى بىر ـ بىر ئەيان .
ئەمدى ئەئلەم تاشلاغىل زۇھدىڭنى ، كىر مەيخانەگە ،
مەي ئىچىپ ئول مەئشۇقۇڭنىڭ يادىدا قىلغىل ھەيان .

# مولائے علم

ئەي خېنىم ، مەن مەيل قىلسام سۆيگەلى سەن ماھنى ،
يوق ئەجەب ، مەندەك گەدا سۆيسە سېنىڭدەك شاھنى .
سەن كەبى سۇلتاننى سۆيمەك ھەددىم ئېرمەستۇر ۋەلى ،
بۇ بەلالىق ئىشق فەرق ئەتمەس گەداۋۇ شاھنى .
ئول خۇدا ھەققى جەمالىڭنى مۇيەسسەر قىل ماڭا ،
رەھم قىلكىم چىھرەئى زەردىم ياشۇردى كاھنى .
ئەي خېنىم ، مەن خەستەنىڭ ھالىغە سەن قىلغىل نەزەر ،
مەن سېنىڭ دەردىڭدە ھەردەم تارتادۇرمەن ئاھنى .
ئۆتكەرىپ ئۇمرۇڭنى ئەئلەم تا بۇ دەمگە يارسىز ،
ھەيف ، زايىئ كەچكۈرۈپسەن مۇنچە سالۇ ماھنى .



يۈزۈڭنى كۆردۈم ئەمدى كۆزلەرىمنى كور قىلاي قاتىل ،
بەناگاھ بولماغايلار ئۆزگە يۈزنى كۆرگەلى مايىل .
لەبىڭ يادى كۆڭۈلدىن خەلق تەئنە ئەيلەپ قاچان كەتسۇن ،
شەمالدىن غۇنچەنىڭ ھەرگىز بولۇرمۇ رەڭلەرى زايىل .
بۇ چىھرەمدىن سارىغلىق ئەمدى كەتمەس ئۆلگۈچە ھەرگىز ،
كى بولماس قالسە يۈز يىل سۇ ئارا نەقشى ھىجر باتىل .
مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەند ئەتتى سېنىڭ ئول زۇلفى قۇللابىڭ ،
نەچۈك قىلساڭ قىل ئەمدى چارە يوقتۇر ، ئەمدى مەن قايىل .
بۇ ئەئلەمنىڭ فىغانى ئوتىدىن ، ئەي گۇل ، ھەزەر قىلكىم ،
بۇ ئوتغە بول يىراق ئەمدىكى ھەرگىز بولماغاي ھايىل .



ياشى ئۇن يەتتىگە يەتكەن قەدى سەرۋى خىرامانغە،
بۇ ئالەم ئىچرە تاق تۇشكەن تىشى دۇر ھۆرۇ غۇلمانغە،
قاچان بولغۇم خەلاس ئەمدى، تۇشۇپ بۇدامى ھىجرانغە،
مېنى مەھۇ ئەيلەدى ئۇل بىۋەفانىڭ دەردى ھىجرانى.

يانۇر ۋەقتىمدە بىر ئوق بىلەن ئانداغ كۆكسۇمە ئۇردى،
كۆزىن مىژگانلارىنى تىير قىلىپ قاشىنى يا قىلدى،
يەنە ئىشق ئوتىدىن زەررە بىر ئوت باغرىمغە ياقىلدى،
ھەم ئەنجۇم ئەيلەبان بۇ خەستەئى جىسمىمنى يوق قىلدى،
ئىلاجىم يوق بۇ تەن شاھىنى قىلدىم ئەمدى قۇربانى.

كى سەندىن ئايرىلىپ ئاقتى كۆزۇمدىن قان بولۇپ ياشىم،
تىرىكمەنمۇ، ئۆلۈكمەنمۇ بىلەلمەسمەن ئۆزۇم ھالىم،
چىقىپ كەتكەي ئىدى بۇ خەستە تەندىن بۇ زەئىف جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردىمۇ ھەجر ئوتىدىن يوق بولغاي ئەفغانىم،
خەلاس ئولغانغە خوش بولغاي ئىدى سەن ھۆرنىڭ جانى.

مېنىڭ مەتلۇبىم ئولدۇر ئاي يۈزۈڭنى تۇشدە كۆرگەيمەن،
تۇشۇم تەئبىرىنى بىلمەك ئۇچۇن ئالدىڭدا ئۆرگەيمەن،
بەھانە بىرلە ئالدىڭدا تۇرۇپ دىيدار كۆرگەيمەن،
كى ئاندىن سۆك ئەجەلنىڭ نابىدىن بىر قەترە تاتغايمەن،
باشىمدىن تا ئاياغىمغە يولۇڭدا بولغامەن فانى.

## مۇخەممەس

رەقىبلەر ، ئەرزى ھالىم ئايتايىن مەن ئىشتىڭىز ئانى ،
ماڭا سالدى ئەجەب بىر مۇشكىل ئىش تەقدىرە رەببانى ،
بىرەۋنىڭ ۋەجھىدىن قىلدى مېنى مەجنۇننىڭ سانى ،
نە قىلسە قىلغۇسىدۇر بەندە بىز ، ئول بەندە سۇلتانى ،
يەرىدە كۆردۇم ئەمدى تىلەيىن بىر ئافەتى جانى .

مەن ئەمدى ئول پەرىنىڭ ۋەسفىن ئەيلەي بىرنەچە ئىزھار ،
ئىشتمەي ۋەسفىن ھەرگىز قىلماڭىزلار تەئنەلەر زىنھار ،
مېنىڭ ھالىغمە رەھم ئەيلەپ قىلىڭلار نالەئى كۆپ زار ،
باشىدىن تا ئاياغىغە دەيىن ئەئزالارىن بىر بار ،
قەدىغە سەرۋىنىڭكى ئوخشاماقىغە يوقتۇر ئىمكانى .

ساچىدىن كەسب ئېتىپ سۇنبۇل ، كۆزىدىن چەشمەئى ھەيۋان ،
قاشىنىڭ رەشكىدىن بولدى ھىلال كۆكلەر ئارا پىنھان ،
چىقىپ تۇرسە تولۇنئايدەك خىجالەتدىن مەھى تابان ،
ئۆزىن ئالدى بۇلۇت ئىچرە قىلىپ كۆپ نالەئى ئەفغان ،
لەبىدىن رەڭ ئالىپ دەريالار ئىچرە لەئلى مەرجانى .

زىيارەتغە بارىپ بولدۇم ئەسىر بىر غۇنچە خەندانغە ،

# ھەمدى

سىنىڭ ھەققىڭدە قىلدىم بىر نەچچە سۆز ئانچە لەززەتسىز ،
كېچە ـ كۈندۈز ، سەھەر ـ ئاخشام بىلە قىلدىم ئىبادەتسىز ،
نامەئقۇللۇق قىلىپ ، نامە ئىبەرمەي بىنىھايەتسىز ،
فەلەكنىڭ كارىدۇر ، مەن قىلمادىم ، تۇتماڭ ئەداۋەت سىز ،
قىلىپدىم ۋەئدە كۆپدىن كۆپ دېمەكىم ۋەئدە يالغانى .

دېسەڭلەر ئەي رەفىقلەر بۇ سۆزۈڭدىن ھەرگىز ئېرمەس سۇد ،
سىرىڭنى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئاسراماي فاش ئەيلەمەك نې سۇد ،
نېچۈك قىلغۇم بۇ ئوتنى كۆڭلۈم ئىچرە مەن چىقارماي دۇد ،
ئۆي ئىچرە ئوت سالىپدۇر مۇشكىل ئېرمىش ئاسراماغلىق دۇد ،
ئىستىمائى نىھان تۇتسە ئۆلۈم قىلغاي ئەيان ئانى .

سەن ئەمدى موللا ئەئلەم سەبر قىلغىل قىلماغىل زارە ،
قولۇڭنى يىغ قەلەمدىن ئەمدى قىلمە سەفھەنى قارە ،
ئەگەر مىڭ يىل رەقەم قىلساڭمۇ پۈتمەس بۇ ئۇزۇن نامە ،
خۇدانىڭ تەقدىرىغە رازى بولغىل يوقتۇرۇر چارە ،
ئەتا قىلغاي ئول ئاينى رەھم ئېتىپ شايەدكى سۇبھانى .

# قاسمی

هەمدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن هوشۇر

## غەزەل

ئەي دەرىغا ، ئۆتتى ئۇمرۇڭ يولغە يانغانىڭ قەنى ،
جۇرم ئىسيان هەددىن ئاشتى تەۋبە قىلغانىڭ قەنى .
سەن سەهەرلەردە هەمە قىلغان گۇناهىڭدىن يانىپ ،
نالەئى زارى بىلە هەقغە ساغىنغانىڭ قەنى .
بۇ ئۆلۈم دەۋرانە باقىدۇر يۈرۈيدۇر دەر بەدەر ،
ئاقىبەت بىزنى كېلۇر دەپ ، تەۋبە قىلغانىڭ قەنى .
ساقىلىڭغە كىردى ئاق سارغاردى تۈشتى تىشلارىڭ ،
شول ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى دەپ سەن تۇيۇنغانىڭ قەنى .
دۇنيەغە كۆڭۈلنى باغلاپ ، ئاخرەتدىن بىخەبەر ،
ئاخرەت ئەسبابىدىن بىر زەررە ئالغانىڭ قەنى .
هەر كىشى قىلسە سەفەر ئەۋۋەل ئوزۇق فكرىن قىلۇر ،
سەن سەفەرگە تەبرەنىپسەن ئوزۇق ئالغانىڭ قەنى .
شول ئۆلۈم ئاجىز قىلۇر تاپقان پۇلۇڭ مۇندا قالۇر ،
سەن ئۇزاق يولغە بارۇرسەن تۈشەئى راهىڭ قەنى .
هەمديا ، بىلگىل ئوشۇل كۈندە بەسى شەرمەندەدۇر ،
سىدق ئىلە ياخشى ئەمەل جان بىلە قىلغانىڭ قەنى .

جا » ئىسمىلىك بىر ھۆكۈمدار ھەققىدە مەرسىيە يازغان. مۇقەررەب شاھ خوجا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان. شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ۋاپاتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق.
قاسىمنىڭ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى، تىلى راۋان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ غەزەلىياتىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن.
شائىر قاسىمنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى بايازغا كىرگۈزۈشىمىزدىن مەقسەت ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئېشىنىمىزكى، شائىر قاسىمنىڭ ئەسەرلىرى كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى ئاستىدا يورۇقلۇققا چىقىپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن ئۆزىگە لايىق ئورۇن ئالغۇسى.

## قاسمى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** يېقىندا گۇما ناھىيىسىدىن بىر قول يازما تېپىلدى. بۇ قول يازمىغا ئەلشىر نەۋائى، ئايازى، ئەرشى، فۇتۇھى، زەلىلى، نەۋبەتى، ۋەفايى، ھەيرەتى ئەبدۇررەھمانى، غىياسى، ئەھمەدى ۋە قاسىمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. قول يازما باياز شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، قەسىدىلەردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار خوتەننىڭ يىپەك قەغەزگە ئارىلاشما تەرزدە خۇش خەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

بۇ قول يازمىغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن بىرى قاسىمدۇر.

شائىر قاسىمى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى كىلياڭ يېزىسىدىن بولۇپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم شېئىرلىرىدا كىلياڭنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن:

« ماڭا مەرغۇب كىلياڭ ئىچرە بۇ مەنزىلدە سائىللىق،
يەنە مەۋزىئدە شەھلىق كۇسدىن خەيلى ھەشەم بىرلە » .
« ئىلتىفات ئەيلەپ تىلىم خەتتى مۇسەللەم بەر ماڭا،
تاكى كىلياڭ ئىچرە دارخۇنلۇققا ھەد بەرگىل ماڭا » .
«كىلياڭ ئىدى بەلكى بۇ ئالەم سەدەف،
ئېردى بەلكى گەۋھەرى تاجى شەرەف ».

يۇقىرىقى مىساللار شائىر قاسىمنىڭ خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى كىلياڭ يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

« ئارسلانخان تەزكىرىسى » دە شائىر قاسىمنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر ئەينى دەۋردە گۇمىدا ئۆتكەن « مۇقەررەب شاھ خو-

هۇر يەڭلىغ سۆز تاتلىغ مىھرىبانىمغە سەلام .
سەرۋى يەڭلىغ بويى چاغلىق بويى تالىمغە سەلام .
مەست بولدۇم غەمزەسىدە قالمادى زەررە مەجال ،
غەمزەسى مەستانە ئول كۆزى خۇمارىمغە سەلام .
يىگى باغنىڭ گۈللارىدەك ئاچىلىپتۇر رەڭ بەرەڭ ،
شول قىزىلگۈلدەك ئاچىلغان گۈلئۇزارىمغە سەلام .
مەندە يوقتۇر زەررە ئى ئارام ، سەندە كامى دىل ،
جىلۋە قىلغان ھەر تەرەف كۆزى خۇمارىمغە سەلام .



## قاسمى

## غەزەل ، مۇخەممەس ، مەرسىيەلەر

### نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر سادىر

# غەزەللەر

ئىشۋە بىرلە كۆڭلۈم ئالغان دىلفىكارىم شۇمدامۇ ؟
جانىمە يۈز داغ قويغان گۇلئۇزارىم شۇمدامۇ ؟
ئۆلگەلى تۇردۇم كويۇڭدا غەم بىلەن ، ئەي بىۋەفا ،
بىر گىنە سورساڭ نە بولغاي شول نىگارىم شۇمدامۇ ؟
هيچ يەردە تاپمايىن كەلدىم بۇ دەم مەيخانەغە ،
هاسىدا ، بەرگىل خەبەر ئول بادە خارىم شۇمدامۇ ؟
ئەيلەدى بىر مەردى دىل هجران زىمستانى مېنى ،
قىلغالى كۆڭلۈم هەرىمى نەۋ بەهارىم شۇمدامۇ ؟
دىلرەبالار خاكىپايى جانۇ ئىمان مەرزەئى ،
پايىمال ئەيلەرگە جىسمىم شەهسەۋارىم شۇمدامۇ ؟
مۇنتەزىرلىق جۇش ئۇرار هەردەم جەفانى كۆڭلىنە ،
شوخ شور ئاسۇب ئول نازىك خەيالىم شۇمدامۇ ؟
تەشنەلىك دەفئىنى قىلماس كەۋسەر ئىلە سەلسەبىل ،
لەبلەر سيراب بىر كۆزى خۇمارىم شۇمدامۇ ؟

خۇش كەلدىڭ، ئەي پەرىۋەش، سەنسىز ئىدىم مۇشەۋۋەش،
ھەر بارە ئايتۇر ئېردىم يوقتۇر بۇ نەۋئى مەھۋەش.
يارۇتكى تىيرە كۆلبەم، شەمئى جەمالىڭ ئەيلەپ،
جانۇ جەھانىم ئۇلسۇن ھەر مەقدەمىڭغە پىش كەش.
مىھرايىن ئاشكارا بۇدۇر مەھەللى شادى،
گەر مەن گەدايى پىشمەن، سەن شەھ قەبايى زەركەش.
مىرئاتى جان گەدادۇر خەير ئەت يۈزۈڭ زىياسىن،
ئايىنە سافى رەۋشەن، ھەي ـ ھەي، خۇش ھۇسنى بىغەش.
ئەي ساقى، تەشنە لەبمەن، كەلتۈر مەيى مۇسەففا،
مۇترىب، تەرەننۇم ئەيلەپ يەتكۈر سەدايى دىلكەش.
قاسىم، يىغ قولۇڭنى زۇلفى سارى سۇناردىن،
جانان لەتىفۇ نازۇك، سەن تۇرفە شوخ سەركەش.



ماگا مەرغۇب كىلىياڭ ئىچرە بۇ مەنزىلدە سائىللىق ،
يەنە مەۋزىئىدە شەھلىق كۇسىدىن خەيلى ھەشەم بىرلە .
ۋە لېكىن بارغالى كۆپ جەھد ئىلە تەدبىرلەر قىلدىم ،
مۇۋافىق بولمادى تەدبىر تەقدىرى قەلەم بىرلە .
بارالماسدىن يېتەر غەم لەشكەرى باشىم ئۆزە ھەردەم ،
خىجالەت تىغىدا قەتل ئەتكەلى زۇلمۇ ـ سىتەم بىرلە .
يەقىنىدىن يىراق ئالغان نەخۇشدۇر بىر يولى ئۆلمەك ،
كى ھەر كۈن ئۆلگىچە يۈز مىڭ تۈمەن دەردۇ ئەلەم بىرلە .
كەل ، ئەي قاسىم ، فەنا جامىنى غەم دەفئى ئۈچۈن نۇش ئەت ،
يۈرۈر سەنمۇ ھەمىشە دەھر ئارا بۇ نەۋئى غەم بىرلە .



بىر غەمزەدىن شىكەستە مېنى مەست خاب قىل ،
كۆز گۈز موللا قازىيۇ جىگەرنى كەباب قىل .
سەنسىز ماڭا ھوزۇر فەراغەتمۇ يار ، ئاھ ،
ئۆلگۈنچە ئىشكىڭدە ماڭا سەن ئەزاب قىل .
مەخمۇر كۆزلەرىڭگە تىلەرمەن بۇ جامنى .
قانىم بىلە لەبا لەب فەر جۇلاب قىل .
ھەسرەت بىلەكى ئۆلتۈرەسەن ، ئەي سەنەم ، مېنى ،
بوينۇمغە يەتتە يەكرەڭ تەناب قىل .
قاسىمغە يار بولدى ئىنايەت بىلە رەقىب ،
خاھى تەھەممۇل ئەيلە خاھى ئىزتىراب قىل .



ئۆتتى دەۋر ، ئەي مۇغبەچە ، تىز ئول دەما ـ دەم جام تۇت ،
قىلمە تەئخىر ئۆتتى فۇرسەت بەزم ئىلە بىر جۇرئە تۇت .
قەترە بىل ۋەقتىڭنى خۇش دەريا سارى ئەزم ئەيلەكىم ،
تاشلا بەرگىڭ ئەي شەجەر يەتمەي خەزان شاخىڭ قۇرۇت .
يوق مەھەل ، ئەي تۈنۈ كۈن ، ئۆت سۇبھى پەردەڭ چاك قىل ،
ئاچتى يۈز خۇرشىدى ئالەم ، يۇم فەلەك كۆز ، ئىچ يارۇت .
چۇست بول مەللاھ كىشتىڭ پاتتى ھەسرەت لايىغە ،
مەۋج دەريا يەتتى ماھى تۇرمە سۇ ئۇزنى يۈرۈت .
يەتتى ھاكىم ئەھلى ئىسيان بول فۇشەيمان ۋەقتى تەڭ ،
ئىزتىراب ئەت ئەقل ، ئادىل سور ئۆزۈڭ ياقۇت سورۇت .
ۋەقت زايىئ زۇھدى باتىل ، زاھىدا ، سىدق ئەيلەكىم ،
ھىرس باغلاپ مەيغە ، قاسىم ، ئۆزگەدىن كۆڭلۈڭ ساۋۇت .



تۇمەن مىڭ ھەمدىكىم ئول شاھ سانىيغە يۈز ئەھسەند ،
سېنىڭ دەرگاھىڭە شاھۇ گەدا رىزقىغە ھاجەتمەند .
نې تاڭ ئالەم ئېلى قويسە ئاياغىڭغە دەما دەم باش ،
شەھەنشەھلەر غۇلامىڭدۇركى ئەسلىڭ پاك بىمانەند .
شىئارىڭ يوقنى بار ئەتمەك ، يوق ئەتمەك بارلارنى ھەم ،
بەھارىستان ئېرۇر سۇنئۇڭ تەفەككۇر ئەيلەسەم ھەرچەند
مۇلاھىزدىن ۋۇجۇد ئىچرە مۇھەسسەن سەن كەبى بايان ،
ھەمە مەۋجۇد ئېرۇر كەفكى دىلى ئەئما كۆرەردىن بەند .
ئېرۇر خۇش زۇھد ئېلى كۆڭلى يېتىشكەچ تائەتىڭ نۇرى ،
خەيالاتى يۈزۈڭ بىرلە ئېرۇر ئىشق ئەھلى ھەم خۇرسەند .
نېدۇر قاسىمغە بۇ ئادەت سېنى ياد ئەيلەگەن ھالەت ،
گەھى ساقۇ ، گەھى بىھۇش ، گەھى نالانۇ ، گاھى خەند .

خەبەر ئالۇرغە كىلەم ، ياردىن خەبەر بېرىلڭ ئەر ،
قولۇمدا ھەرنەكى باردۇر سۆيۈنچىگە ئالىلڭ ئەر .
خەبەرسىز ئېرسەڭىز ئەر ، ئايتىلڭ جەۋابىنى بات ،
قاياقغە تۈشسە گۇزارىم بارام ھەمە قالىلڭ ئەر .
دەر ئېرسەڭ كارىگە مۇنداغ كۆپ ئىزتىراب ئېتەسەڭ ،
ئىبارەت ئاڭلادىڭ ئەر مەئنەسىنى ھەم بىلىلڭ ئەر .
كۆتەرگەلى پۈتىنى غەملىكىم تىۋەم ئۇنامايت ،
ھىدايەت ئەھلى ، نەسىھەت بىلە ئەدەب بېرىلڭ ئەر .
ساتام بۇ ئىككى جەھاننى ھەقىقى بەيئى بىلە ،
تىۋەم بەرگەلى بىر خان كېپەك بېرىپ ئالىلڭ ئەر .
تەمام ئەرشىۋ كۇرسى ، زەمىننى سەير ئەتتىم ،
تاپالمادىم نېتەيىن كويىغە مېنى ساتىلڭ ئەر .
دېسەڭكى ؛ قاسىمى بىر يىل يولۇمدا قەئىل ئولدى ،
پەرىشتەلەرغە ئىدا قىل : نامازىغە كېلىلڭ ئەر .

مېنى بىخۇد قىلىپ تاشلاپ ئۈتىپ خۇمارە، شەھلا كۆز،
بولۇپ ئەۋۋارە ئىشقىڭ دەشتىدە مەن تەشنەلەپدۇرمەن.

ئاچىلغان گۇل مەسەللىك جىلۋە قىلغاچ ئىككى رۇخسارىڭ،
كى رۇخسارىڭنى كۆردۇم غۇنچە لەب لەئلى شەكەر بارىڭ،
كۆڭۈلنى سەيد ئېتەر بىر لەھزە قىلساڭ شەھدى گۇفتارىڭ،
لەبى لەئلىڭ ئارا كۆردۇم ئۇن ئالتە دەۋرى ئەھمارىڭ،
تىزىلغان ئۇنچىدەك ئاق تىشلارىڭنى مەن ساناپدۇرمەن.

كۆرۈپ ھەجرىڭ ئوقىغە خەستە باغرىم بىرلە چۇلغاندىم،
كەباب يەڭلىغ ھەمىشە تابەئى ئىشقىڭدا داغلاندىم،
خاب ئالۇد ئۇيقىدا ياتسام كويۇڭدا ئاھ دەپ ئويغاندىم،
ئوت ئىچرە قىل مەسەللىك ھەريانىمغە نەچچە تولغاندىم،
سەمەندەردەك ئۆزۈمنى بىلمەيىن ئوتغە سالىپدۇرمەن.

مېنى ئاشۇفتە ھال قىلدى نېتەي، ئەي دىلبەرىم، ئىشقىڭ،
قىلىپ ھۇسنۇڭ ــ جەمالىڭغە ئەجەب ئاشىق نەدىم ئىشقىڭ.
كى ئافەت سۇرەسىن يەتكۇردى جانغە بىرەھىم ئىشقىڭ،
كى يەتكۇر گەچ دىماغىمغە مۇھەببەتدىن نەسىم ئىشقىڭ.
گەھى مەستۇ گەھى ھۇشيار، گەھى يىغلاپ ــ كۇلۇپدۇرمەن.

بۇ رەڭگىمدۇر كويۇڭدا دەردلىغ بۇ دەردى مەھزۇندەك،
فىراقىمنىڭ يۇكىدىن بولدى بۇ تۈز قامەتىم نۇندەك،
كۆتەردىم ئىشق تاغىنى كۆرۈڭ فەرھادۇ مەجنۇندەك،

## مۇخەممەس

ئىشتىكىل يار مەھۋەش فۇرقەتىگدە مەن غەرىبدۇر مەن ،
نېتەي ئولكۈن كۆرۈپ تالدەك نىھالىڭ ئايلانىپدۇرمەن .
كى سۇنبۇل كاكۇلۇڭ دامىغە مەھكەم باغلانىپدۇرمەن ،
جەمالىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنىپدۇرمەن .
كۆرۈپ گۇلدەك يۈزۈڭنى ئەندەلىبدەك تەلپۈنۈپدۇرمەن .

كى بىر كۆرمەك بىلە قەتلىمغە تارتتى ئوقۇيا قاشىڭ ،
ئاتىپ باغرىمنى ئوتلۇق تىغ بىلە قىلدى يارا قاشىڭ ،
مېنى ھەجرىڭ غەمىغە قىلدى نەيلەي مۇبتەلا قاشىڭ ،
ئالىپتۇر جانۇ ئەقلىمنى كى سەييادى قارا قاشىڭ .
قىلىچ يەڭلىغ قاشىڭ ئۈستىدەدۇر باشىم ، نەھىڭدۇرمەن .

ساڭا بىلمەي يولۇقتۇم بىر كۈنى ، ئەي بىۋەفا دىلبەر ،
كى ئۆتتۈڭ جىلۋە بىرلە خەندە ئەيلەپ ئەي پەرى پەيكەر ،
قارا كىرفىكلەرىڭ سىينەمگە ئۇردى ئول زەمان نەشتەر ،
ئۇنىڭكى زەخمىدىن بۇ سۇرخ چېھرەم بولدىكىم زەئفەر ،
تۆكۈپ يەر ئۆزرە قانىمنى ساماندەك سارغارىپدۇرمەن .

مېنى قەتل ئەيلەمەككە ئۇچراغان خۇنخار شەھلا كۆز ،
سالىپ ئىشق ئوتى جانىمغە باقىپ دەۋۋارە ، شەھلا كۆز .

## مەرسىيە

ئۇل مۇقەررەب شاھ ① ئىدى فەرخۇندە فال ،
يوق ئىدى ئۆز ۋەقتىدە ئاڭا مىسال .
مەئدەنى ئەسرارى ئىلاھى ئىدى ،
مەئرىفەت ئەھلى ئۆزرە شاھى ئىدى .
باشدىن ـ ئاياغ جۇدۇ سەخاۋۇ كەرەم ،
ھەرنە ئىشى خۇب ، يوق ھېچ كۇسۇكەم ،
ھەر ئىشكىم ھەق ئاڭا ئېردى رىزا .
ئۇمرىكى بار ۋەقتىدە قىلغان ئەدا .
چۇن فەلەكى تائەت ئۆزە ماھ ئىدى .
نۇكتەئى تەۋھىددىن ئاگاھ ئىدى .
زاھىرىدا مىلك باشلىق خىلئەتى ،
فەقرۇ فەنا سەيقەلىللىغ سىيرەتى ،
كىلياك ئېردى بەلكى بۇ ئالەم سەدەف ،
ئېردى ئۇلار گەۋھەرى تاجى شەرەف .
ۋاسىلى دەرگاھى خۇداۋەندى پاك ،
بولدى ئەجەل ئىلكىدە ئاخىر ھەلاك .
رەھمەتى ھەق بولغاي ئۇلارغە نىسار ،
تابئىغە بولغاي ھەمە ئىشتا يار .
قالدىلار ئەزۋاجى ھەمە تابئى ،

① مۇقەررەب شاھ ـ ئۆز دەۋرىدە كىلياك يېزىسىدا ئۆتكەن مىگبېشى .

فىراقىم ئىچرە قان تولغاچ كۆرۈپ قەددىڭنى گۈلگۈندەك ،
چىۋىنچە يوق ۋۇجۇدۇم كوھى ھەجرىڭدە يۈرۈپدۈرمەن .

لەتافەت قامەتىڭنى مەن ئۆتەر يولۇڭ ئارا كۆردۈم ،
كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن ئافەتلەرىڭ زۇلفۇڭ ئارا كۆردۈم .
قىزىلگۈلدەك نەخۇش زىننەتلەرىڭ ھۇسنۇڭ ئارا كۆردۈم ،
كى ئىككى ئالما يەڭلىغ ئوقلارىڭ كۆكسۈڭ ئارا كۆردۈم ،
نىشانە ئوقلارىڭغە خەستە كۆڭلۈمنى تىكىپدۈرمەن .

## مۇخەممەسنىن پارچە

بۇ سۇفى ناتەۋانىڭنى سالىپ ، كۆزنىكى خار ئەتمە ،
بولۇر ـ بولماس كىشلەرنى كۆرۈپ ئۆزۈڭگە يار ئەتمە ،
جەمالىڭ شەۋقىنى كۆرسەت ئانى سەن ئىنتىزار ئەتمە ،
مەلامەت كويىدا قاسىم قۇلۇڭنى خارۇ زار ئەتمە ،
رەھىم قىلساڭ بولماسمۇ قۇلۇڭنى خار قىلغۇنچە ؟

# سادىقى

كىلىياك ئىدى بەسرە ، ئۇلار رابىئى .
چىقسە خەدىچە دەپ ئاتى تەمام ،
ياخشى سىفەت ئەيلەر ئىدى خاسۇئام .
زۇلمەتى ئىسيان ئەسرىدىن يىراق ،
نامە تەۋفىقى دىلۇ جانى ئاق .
كېچەلەرى تائەتۇ زارى بىلە .
كۈندۈزى خەير ئىشلارى كارى بىلە .
ئانچە نەماز ، روزەۋۇ خەيرۇ سەخا ،
باشدىن ئاياغ ھەمەسى سىدقۇ سەفا .
زاھىرى مەزلۇم ئىدى ، مەئنىدە ئەر ،
راھى ھەقىقەتدىن ئىدى باخەبەر .
قانچە دىسە تەئرىفى ئاندىن فۇزۇن ،
قىسسەئى شەرھىدىن ئۇزۇندىن ئۇزۇن .
تۇتتى مەيى بىخۇد ئەجەل ساقىسى ،
ئىچتى تەمام قالمادى ھېچ باقىسى .
دىن فەلەكىدە مەھى تابان ئىدى ،
بىرلەرى خۇرشىدى دەرەخشان ئىدى .
جەننەتى دىدار نەسىب ئەيلەگەي ،
جەننەتى جاۋىد قەرىب ئەيلەگەي .
ھەق سۆزىدىن قىلسا كىشى سۆز بەيان .
ياشى ئىدى چەشمەئى ئابى رەۋان .
مەنبەئى ئەسرارى ھىدايەت ئىدى ،
مەخزەنى ئەنۋارى سەئادەت ئىدى .
يا رەب ، ئۇشۇل پاكلارنىڭ ھۆرمەتى ،
قاسىمى ھەم قىل نەزەرى رەھمەتى .

سەرگۈزەشتىلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، تولۇپ تاشقان شېئىرى ھىسسىياتى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ شېئىرلىرىنى داۋاملىق توپلاپ، ئۇنىڭ بەدىئى ئەدەبىياتتىكى مېھنەت مېۋىلىرىدىن خەلقىمىزنى بەھرىمەن قىلىش بىزنىڭ داۋاملىق چىك تۇتۇپ ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىلمىي خىزمەتلىرىمىزدىن بىرى.

# مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

**مۇھەررىردىن :** مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1725 ـ 1849 ) ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن كۆپ تەرەپلىمە ئىستىداتقا ئىگە ئالىم. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تەزكىرەچىلىكى، تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئەخلاقشۇناسلىق ساھەسىدە قالدۇرۇپ كەتكەن مول ئىلمىي مىراسلىرى بار. « تەزكىرەئى ئەزىزان »، « تەزكىرەئى خاجىگان »، «زۇبدەتۇل ـ مەسائىل »، « تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف »، « ئادابۇس ـ سالىھىن »، « تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى » قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ بىر قاتار تەرجىمە ئەسەرلىرى ئىچىدە « تارىخى رەشىدى » نىڭ تەرجىمىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى شېئىرىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلغان. بۇ ئەدىبنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى مىراسلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. پەقەت ئۇنىڭ يازغان نەسرى ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن « سادىق » تەخەللۇسىدىكى ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ شېئىرلاردىن مۇھەممەد سادىق قەشقەرى-نىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىمۇ پىشقان سەنئەتكار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلەرگە ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق

ھەرنە كىم كەلسە قەزادىن باشىمە ، بولغۇم رىزا ،
بولمادى ئالەمدە ھېچ ئىش زەررە چاغلىق بىرىزا .
گەر ماڭا تەقدىر دۇرۇر دۇشمەن ئىلكىدە ئەجەل ،
بارمۇ ئۆز تەقدىرىدىن قاچىپ قۇتۇلماغلىق رەۋا .
نە ماڭا تەنھايى ئۆي بەل ئەھلۇ ئەۋلادىم بىلە ،
بولغۇمىز مىراسگەر ئان ، ئول شەھىدۇ كەربەلا .
ۋەقت ئېرۇر كىم دۇشمەن ئولغاي ھەم زەمىنۇ ئاسمان ،
بىر جەۋابى تاپماغۇم گەر ئەيلەسەم يۈز مىڭ نىدا .
خانۇمانىمدىن كېچىپمەن بەلكى جانىمدىن گويا ،
كەلتۈرۈپ يۈز ھادىسە ئەنۋائى تۈرلۈك يۈز بەلا .
تەشنە لەبدۇرمەن ئېرۇر ئەمدى ماڭا جامى ئەجەل ،
« ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەل ـ ئەتشان كېلۇر ھەر دەم نىدا »① .
سادىقا ، شاھەنشەھى ئەرشىغە يەتمىش جەبرى كۆپ ،
ئۆز كۆڭۈل دۇنيا ئېلىدىن ، بولما ھەرگىز ئاشنا .

① بۇ مىسرا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ « چەھاردىۋان » دىكى بىرىنچى غەزىلىدىن ئېلىنغان .

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرېھىم سابىت

## غەزەللەر

ئەيكى يار ، زىنھار سەن ھېچكىمگە ئازار ئەيلەمە ،
ھېچ دىلغە بەرمە رەنجىش ئانى كۆپ زار ئەيلەمە ،
ھەر جەفاكىم ھەم قىلۇرسەن تاڭلا كەلمىش يۈز ساڭا ،
ئۆزگە نەفئ ئىستەپ ، بىرەۋگە زۇلم بىسيار ئەيلەمە ،
قويماغىل بىجا قەدەم قىلما خىيانەت كىمسەگە ،
ئىككى ئالەمدە قاتىغ جانىڭغە كۆپ كار ئەيلەمە .
ھەرنە قىلساڭ قىل ، فەقرى كۆڭلىن ئازار ئەتمەگىل ،
دەر ھەقىقەت شاھ ئېرۇركىم سەن ئۇنى خار ئەيلەمە .
نەچچە دۇشمەننى ئۆزۈڭگە مەھرەمى راز ئەيلەدىڭ ،
سىررىڭ ئەيلەر فاشكىم ئەغيارنى يار ئەيلەمە .
گەر ساڭا ئەھلى ھەقىقەت كارى خۇد مەئلۇم ئەمەس ،
جانۇ دىل بىرلە ئەقىدە ئەيلە ، ئىنكار ئەيلەمە .
ھەر نەچە جەبرى جەفا يەتسە فەلەك ئەغياردىن ،
بىل ئۆزۈڭ دەردىڭنىكىم ، دۇشمەنگە ئىزھار ئەيلەمە .
سادىقا ، ئۆتكەن ئەزىزلەر رۇھىدىن يارى تىلەپ ،
ئىتلارىنىڭ ئىتلارى سىلكىدە بول ، ئار ئەيلەمە .

ئەمدى ۋەقتى شاد كەتتى ، غۇربەت ئەندۇھۇ فىراق ،
تەركى شەھرۇخانە ئەيلەپ ئەزم ئېتىڭ شامۇ ئىراق .
بىۋەفا دۇنياۋۇ دۇنغە پەشتۇپانىڭ ۋەقتىدۇر ،
تاشلاڭىز بۇ كەررەفەر ئەيۋانۇ كەيۋانۇ رەۋاق .
نەچچە شاھى ناكام ئۆتكەردى بۇ تەختۇ سەلتەنەت ،
سىزدىن ئۆتسۇن ، قالسۇنۇ بولسا بىرەۋگە ئىشتىياق .
نەچچە يىل ئىشرەت مەيىن شاد ئاب خۇش نۇش ئەتتىڭىز ،
نۇش ئېيتىڭ غەم زەھرىنى ، زىنھار قىلماڭ تۇمتەراق .
نەچچە تۈرلۈك ئافەتۇ ئەنۋائى تۈرلۈك ھادىسە
ئەمدى بۇنىڭ جانىدىن ئالىڭىم ئالۇد ئەلفىراق .
سادىقا ، بارمۇ دېگىل بۇ ۋەقتى ئىمدادى نىجات ،

.................................................................



بەخت ئەگەر يارى بىرۇر دەرۋىشنى سۇلتان ئەيلەمش ،
هەركۈنى كۈندىن زىياد ئىززەت فەراۋان ئەيلەمش .
ئەختەرى تالىئ ئەگەر ئىمداد قىلسە كىمسەگە ،
گەرچە ئول مۇرى زەئىف ، ئانى سۇلەيمان ئەيلەمش .
مەملەكەت ئىچرە شەھەنشاھ ئەيلەسە تەنلەرگە جان ،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغە جانان ئەيلەمش .
بەخت ـ تالىئ كىمسەدىن ئاراز قىلسە ناگەھان ،
گەرچە ئول شاھى جەھاندۇر خانە ۋەيران ئەيلەمش .
سادىقا ، ئۆزگىل كۆڭۆل بۇ تەختۇ ـ بەخت ئابرويىدىن ،
شۇنچە مۇفلىس لەھزەدە مۇفلىسنى سۇلتان ئەيلەمش .

هال ئەھۋال ئۆزگەچە، ئەۋزائى ئەتۋار ئۆزگەچە،
گۇفتۇ گۇفتار ئۆزگەچە، ئەفئالۇ كىردار ئۆزگەچە.
خادەمى خەيلى ھەشەمنىڭ كارى بارى ئۆزگەچە،
تابىئى مەتبۇئىلارغە رۇيى دىيدار ئۆزگەچە.
پىرۇ مۇخلىس ئۆزگەچە، ئۇستادۇ شاگىرد ئۆزگەچە،
ئاشىقانە تالىبو مەھبۇبى دىلدار ئۆزگەچە.
مەسنەدى ئىرشاد تەختۇ ـ سەلتەنەت جار ئۆزگەچە،
ھەم ئىرادەت ھەم ئىنابەت ۋىردى ئەزكار ئۆزگەچە.
پىرى شەش ھال ئۆزگەچە، ھالى مۇلاقات ئۆزگەچە،
ئىلتىفاتى خەيرباد سادىقىغە يار ئۆزگەچە.



بىۋەفاسەن ، ئەي فەلەك ، بارمۇ سېنىڭدەك زۇلمگەر ،
مەن شىكايەت ئەيلەسەم مەككارلىقىڭدىن كۆن ئۆتەر .
سەن جەھانغە تولدۇرۇپ زالىم ، جەھىل بەدبەختلىنى ،
قانچە ياخشى مەرد ، دانالار تۆنۈ كۆن قان يۇتەر .
زۇلم پىشە ، گىنەكەشلەر ئالدى دۇنيادىن ئورۇن ،
فەتھى نۇسرەتنى نەسىب ئەيلەپ ئاڭا غەمخار ئېتەر .
ياخشىلارنىڭ ياخشىسىغە بەرمەدىڭ ھەرگىز ئەمان ،
قايدا بولسا مەرد كىشىگە سەن قىلۇرسەن پۇر خەتەر .
بىرەھىمسەن بىۋەفا دۇنيا ئۆزۈڭ جەللاد كەبى ،
شاھلار ، شاھزادەلەرنىڭ ، ھەي دەرىغ ، قانىن تۆكەر .
ھەر كىشى دۇنياغە كەلدى كۆرمەدى ھەرگىز ۋەفا ،
ياخشىلارغە ئەسلى كۆن يوق كۆندىن كۆنگە دەر بەدەر .
سادىقا ، گەر ئۆشبۇدۇر غەددار فەلەكتە ئىمتىياز ،
نى ئۇمىد بار سەن فەلەكتە ، بارچەلەر قاقشاپ كېتەر .

## مەسنەۋى

تۇت ، ئەي ساقى ، ماڭا جامى دۇ بارە ،
زەمانە جەڭگىدۇر ۋەقتى نەقارە .
بارئېردى بىر نەچە سەردارى لەشكەر ،
دىيانەت بەلكى ئىمان بىخەبەرلەر .
شەرىئەتنىڭ خەرابىدىن ئىشى يوق ،
تەرىقەت ئىستەگۈچ ئەسلا كىشى يوق .
كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارغە كار ھەرفە ،
ئەداۋەت ئەيلەمەكدۇر بەغزى گىنە .
خۇدانىڭ بەندەسىگە جەبر ئەيلەر ،
بۇ باتىن كۆزلەرىنى كور ئەيلەر .
فەساد ئىشلارغە ئۇل بىسيار مايىل ،
بىرەۋنى باشلاماقغە تۇرفە كامىل .
ئەداۋەت سارىغە بەد مەسلەھەتلەر ،
سەلاھكارلارغە ھەم كاج مەسلەھەتلەر .
ئىكى شاھلار ئارا شەككاكدۇرلار ،
سالۇرغە گىنە بەس چالاكدۇرلار .
ۋەزىر ئاقىل ئېرۇر شاھلارغە نىئمەت ،
ئىكى دۇنيادا ئاندىن ئىستەراھەت ،
ئەدالەت ئاتى ئۆچمەس تا قىيامەت ،
كۆرۈر ئەجرىنى تاڭلا بىنىھايەت .
ۋەزىرى بىفەراسەت بولسە ئەۋباش ،

فىتنە ئەنگىز ئولماغىل زىنھار ، ئۆزۈڭنى سادە تۇت ،
قىل تەۋەككەلنى خۇداغە ، بارچەدىن ئازادە تۇت .
قىلمە كۆپ تەدبىر كىم رەنجىڭنى زايىئ ئەيلەمە ،
نەرملىكتىن ئالەم ئەھلى نەزدىدە ئازادە تۇت .
تۇزمە سۇھبەت ئالەم ئەھلى بىرلە ، ئىرمىش بىۋەفا ،
قەسدى جان ئەيلەر ساڭا ئاندىن بۇرۇنراق جادە تۇت .
ئىستەمە ئارايىشى دۇنيا ، ئاسايىش ھېچ ساڭا ،
ئىختىيار ئەت گۇشەئى ئارامدىن سەجادە تۇت .
سادىقا ، بۇ دەۋرىدە ئەرمەس فەزىلەت ئىئتىبار ،
ھاسىل ئەت دۇنيانى كۆپراق ياكى ئاخۇن زادە تۇت .



## رۇبائىيلار

چۈن رەقىبلەر دىللارى سەدپارە بولدى خەۋفىدىن،
ئۆرلەگەچ گەردۇ غۇبارۇ لەشكەرى سۇلتانىدىن.
بىخەبەرلەردىن كېتىپتۇر ھۇش، تەنىدىن جانلارى،
بەلكى ئازمىش دىنىدىن ئىسلام ئېلى ئىمانىدىن.

* *

ھازىر ئۇلغىل، ئەي كۆڭۈل، جانغە بەلالار كەلگۇسى،
يۈز قاتىغ ئىشلەرگە شىددەتلىك جەفالار كەلگۇسى.
نە كىشى ھالىڭغە يىغلار، نەكى تۇتقاي ماتەمىڭ،
ماتەمىڭ تۇت، يىغلاغىل، كۆپ ئەژدەھالار كەلگۇسى.

* *

ئەي كۆڭۈل، كەلگىلكى ئەمدى ئەزم جانان ئەيلەلى،
تازە ئەيلەپ ئەھدى مەھكەم، ئەھدى پەيمان ئەيلەلى.
بەسدۇرۇر بىر جانغە جانان، نەيلەي ئەمدى ئۆزگەنى،
بارچەدىن ئىلغاپ بىرەۋنى، جاننى قۇربان ئەيلەلى.

* *

تەدبىر بىلە تەقدىرى خۇدا ئۆزگە بولۇرمۇ ؟

دېسە شاھ : بۆركىنى ئال ، ئۇ كىسەر باش .
ۋەزىرى زالىم ئول خۇنخار بولسا ،
خىجالەت بابىدا مەككار بولسا .
يېتەر زۇلمى بىلە شاھلارغە بەدنام ،
نىزامى مەملەكەت تاپماس سەرەنجام .
رەئىيە خەيلى شاھدىن خۇشنۇد ئولماس ،
خەرابى مۇلك ئولۇركىم ، ئەيىۇھەنناس .
بەسى شاھلار بولۇركىم ساھىب ئىقبال ،
ۋەزىرى ئاقىلىدىن ھەم نىكۇ ھال .
سۇلەيمانغە رەۋاجى شانى شەۋكەت ،
چۇ ئاسىب بەرخىيا ساھىب كەرامەت .
ئەرەستۇدىن چىقىپ ئاتى سىكەندەر ،
ئالىپ تەدبىرىدىن ھەم بەھرى ھەم بەر .
بولۇپ نۇشىرۋان سۇلتانى ئادىل ،
ئەبۇزەر جەمھۇرى دانا سەبەب بىل .
بېرىپ سۇلتان ھۇسەينگە ياخشى ئاتى ،
نەۋائى مىر ئەلشىرى ھىراتى .
ۋەزىرى بەد بەيانغە ھاجەت ئېرمەس ،
مىسال ئەتمەك ئەيانغە ھاجەت ئەرمەس .
بۇلار ئۆز شاھىغە يەتكۇردى بەدنام ،
ئۆزى گۇمراھ ئۇلۇبان بولدى گۇم نام .
خۇدايا ، كىمغە سەردارى ۋىلايەت ،
ۋەزىر ئاقىلۇ دانانى نەسىب ئەت .
خەرابى مۇلك بولماي ھەم رەئىيەت ،
رەۋاجى شەرئىدىن ئولغاي دىيانەت .

# قىتئەلەر

جان فىدادۇر تاشەھادەتنى نەسىب ئەتكەي خۇدا ،
كىم ھۇسەينى كەر بەلايىمدىن ماڭا سۇننەت ئېرۇر .
پاك ئېتەي ئىسيان غۇبارىن ، نە ئۈچۈن غەملىك ئولاي ،
بىر كۈن ئاخىر بۇ جەھان تەنگە ئەجەل زەھمەت بېرۇر .

*    *

ئەي رەقىب ، كۆڭلى قاتىغ ، جەڭنىڭ ياراغىنى تۈزەت ،
باۋەر ئەتمەسسەن ، ساڭا يۈز مىڭ نەسىھەت بىئەسەر .
تا قاچان تاشدەك كۆڭۈللەر يۇمشاتۇر سۆزلەر دېگۈم ،
ياكى تەقدىرى ئەلەيھدىن سەفەردۇر يا خەتەر .

*    *

دەۋلەت ئىستەپ ئىستەمەڭ دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن ،
تەگسە بىر كۈن كويى سارى سايەئى دىۋار بەس ،
كۆزۈ كۆڭلۈم خۇشلۇغىن خالۇ لەبىدىن ئىستەمەڭ ،
ھەجرىدە كۆڭلۈمگە داغى دىيدەئى خۇنبار بەس .

تاشنىڭ خېتى يامغۇر سۈيى بىرلە يۇيۇلۇرمۇ ؟
بىر قۇشكىم ئانىڭ قەسدىدە بولسا ئىكى سەيياد ،
ئۇز مەيلى بىلە تۇشمەگۈچە قۇش تۇتۇلۇرمۇ ؟

*　　　*

ئەيكى ، ئەيلەرسەن بىرەۋگە ، بىرگە يۈز ئامادە بول ،
تا ئىلىك ئازاردىن يىغ غۇسسەدىن ئازادە بول .
ھەر كىشى ئازار ئېتە ئاخىر ئاڭا ئازار كۆپ ،
ياخشىلىقنى پىشە قىل ئالەم ئارا شەھزادە بول .

*　　　*

گۇناھ ئالۇدە قۇلمەن قىل شەفائەت ، يا رەسۇلىللاھ ،
غەرىبۇ بىنەۋا مەن قىل شەفائەت ، يا رەسۇلىللاھ .
خىجالەتتىن باشىن سالىپ قەۋى غەرىقى گۇناھلارغە ،
كەرەم كۆزگۈز قىلىبان رەھمۇ شەفقەت ، يا رەسۇلىللاھ .

*　　　*

ئادەمىي شەيتان يۈز چەندان يامان ئىبلىسدىن ،
بارچە خەلق ئەيلەر ھەزەر ۋەسۋاسى شەيتان شەررىدىن .
ھەق دىدى خەنناسنى شەيتان سىفەت ئىبلىسدىن ،
لېك شەيتان ئادەمىي شەيتانىنىڭ ۋەسۋاسىدىن .

# زیبائی

*         *

پەست ھىممەت بارمۇدۇر دۇشمەن كەبى دەۋران ئارا ،
بىۋەفاۋۇ پۇر جەفا بەد ئەھدى ، بەد پەيمان ئارا .

*         *

ھەم نەجىسۇ ھەم خەسىسۇ ھەم ھەرىسۇ ھەم خەبىس ،
بىمۇرۇۋۋەتۇ بىھىممەت ، بىھەيا شەيتان ئارا .
زالىمى خۇنخار ئېرۇركىم بىر دىرەم ئۇلجا ئۇچۇن ،
يۈز كىشى قەتلىنى كۆزگە ئىلماغان مەيدان ئارا .

*         *

رىزا بەردىم قەزاغە ، ھەر نەكىم كەلتۇرسە بەختىمدۇر ،
قاچانغە كۆڭلى قاتتىغ ياردىن ئازار تاپقايمەن .
قىلۇر ئېردىم ۋەفانى كۆپ تەمەئ ھەر بىرگە يۈز ئاندىن ،
كېلۇر بولدى جەفايۇ جەبرلەر بىزار بولغايمەن .

*         *

ھەر نەچچە ماڭا جەبرۇ ستەم كەلسە فەلەكدىن ،
نەچارە قىلاي ، تۇردۇمۇ ھەرگىز يانارىم يوق .
ئىش ۋەقتىدىن ئۆتتى ، نە ئىلاج ئەمدى تەۋەككۇل ،
مۇنداق تالاشۇرىنداكى ھەرگىز تۇرارىم يوق .

## زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

## غەزەللەر

### « مەسئۇد - دىلئارا داستانىدىن »

### مەسئۇد

خىلئەتى جانغە مۇنەققەش ئولدى جانان سۇرەتى ،
بولدى جانان سۇرەتى بۇ جىسىم ئارا جان سۇرەتى .
جاننى جانانغە نىسار ئەتتىم پەرىمۇ ، ھۇرمۇ ،
قالمادى ، ئەي دوستلار ، كىم مەندە ئىنسان سۇرەتى .
ئىزدەبان كەزدىم جەھاننى تاپمادىم سالىپ سۇراغ ،
زارنى سەرگەشتە ئەيلەپ قىلدى ھەيران سۇرەتى .
ئوتغە تۇشكەن قىل كەبى جانىمنى ئەتتى پىچ - پىچ ،
ھەلقە - ھەلقە ئەيلەدى زۇلفى پەرىشان سۇرەتى .
خەنجەرى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك ،
بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان سۇرەتى .
تىيرە كۆڭلۈمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەسە يوقدۇر ئەجەب ،

## زىيائى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائى XIX ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر شائىرلار- دىن بىرى . زىيائى قەشقەرنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، كامالەتكە يەتكەن . ئۇ ئابدۇرەھىم نىزارى ، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى قاتارلىق شائىرلار بىلەن زاماندىاش ، ئىجادىي پائالىيەتلەردە قەلەمداش بولۇپ ئۆتكەن . زۇھۇرىدىن ھاكىم ئوردىسىدا 14 يىل كاتىپلىق ۋەزىپىسىدە بولغان .

ئۇ « زىيائى » تەخەللۇسى بىلەن « مەسئۇد ـ دىلئارا » ، « رابىئە ـ سەئدىن » ، « ۋامىق ـ ئۇزرا » « چەھار دەرۋىش » ناملىق ئەسەرنىڭ 3 ـ قىسمى بولغان « پادىشاھى ئازادە بەخت » ھېكايىسى قاتارلىق لىرىك داستانلارنى ، « مۇھزىنۇل ـ ۋائىزىن » (1259 ـ ھىجرى ) ناملىق يىرىك ئەسەرنى يازغان . زىيائى لىرىك داستانلىرىدا ئىشقى ـ مۇھەببەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولسا ، « مۇھزىنۇل ـ ۋائىزىن » ناملىق ئەسىرىدە ۋەتەنپەر- ۋەرلىك ، پەند ـ نەسىھەت قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن .

زىيائىنىڭ مەيلى داستانلىرى بولسۇن ، مەيلى غەزەللىرى بولسۇن يۇقىرى سەنئەتكە ، مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە . تىلى راۋان ۋە پاساھەت- لىك بولۇپ ، بۇ زىيائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يۇقىرى ماھارىتىدىن دېرەك بېرىدۇ .

قولىمىزدىكى بۇ «باياز»غا زىيائىنىڭ «مەسئۇد ـ دىلئارا» ، « رابىئە ـ سەئدىن » ناملىق داستانلىرىدىكى بىر قىسىم غەزەللىرى كىرگۈزۈلدى .

## دىلئارا

تۇتاشدى بىر كۆرۈپ ئۇتلۇغ يۈزۈڭنى شۇئلەئى ھىجران،
ۋۇجۇدۇمنى كۈل ئەيلەپ، ئەيلەدىڭ تۇفراق بىلە يەكسان.
كېلىپمەن قافدىن تا ئىشقىنىڭ قافىغە بولدۇم بەند،
تىلىسماتى مۇھەببەتدىن خەلاس ئولماق ئەمەس ئىمكان.
ھەدەف قىلدى قاشىڭ يايى خەدەڭگى خەستە كۆڭلۈمنى،
ئورۇن تاپدى كۆڭۈلدە جاندەك ئول شۇئلەلىك پەيكان.
كۆڭۈل پەرۋاز ئەيلەپ بۇ زەمان سىررى كەلامىڭدىن،
چېكەر يادىڭ بىلە بۇلبۇل مەسەللىك ھەر زەمان ئەفغان.
نەچە يىل چەكسەڭ ھىجران ئىچرەكىم رەنجۇ ئۇقۇبەتنى،
كۆرۈپمەن مىڭ ئۇقۇبەت، ئاھكىم، ھەجرىڭ ئاراپىنھان.
ھۇمايۇن ئەردىم ئەمما دامى ئىشقىڭغە بولۇپمەن قەيد،
چېگىلمىش رىشتەسى جانغە قۇتۇلماغلىغ ئەمەس ئاسان.
قىلىپ بىتاب جىسمىمنى نېتەيكىم ئىشق نەيرەڭگى،
جەھاندا بارمۇدۇر مەندەك بالا دەشتى ئارا قالغان.
نەۋا ئەيلەپ مۇھەببەت بىرلە بىزنى بىنەۋا قىلدى،
كى قوزغاپ جان قۇشىنى داغى بۇ سەۋت ئىلە ئەلھان.
جەمالى پەرتەۋىدىن رەۋشەن ئەتدى تىيرە كۆڭلۈمنى،
ئانىڭدەككىم مۇنەۋۋەر ئەتدى جاھنى يۇسۇفى كەنئان.

نەييىرى ئەئزەم بولۇپ خۇرشىدى رەخشان سۇرەتى .
تەلبە راي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىلە مەجنۇن كەبى ،
ئەيلەدى ئالەم ئېلىدىن بىزنى پىنھان سۇرەتى .
رەھم ئېتىپ مەن تەلبەگە قىلسە ئۆزىنى ئاشكار ،
زاھىر ئولغاي ئول پەرىدىن لۇتفۇ ئىھسان سۇرەتى .
ئۆلگۈچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكىن ،
ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىلكى ، ئاسان سۇرەتى .
دانە ـ دانە ئەيلەسەم ئەشكىمنى چۇن ئەبرى ـ بەھار ،
كۆزدىن ئاقغان سۇ بۇلادۇر لەئلى رۇممان سۇرەتى .
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاساڭ ، مەسئۇد ، يوقتۇر ھەمدەمىڭ ،
بىدەۋا دەردىڭغە بولماي سەھت ئىمكان سۇرەتى .



## « رابىئە ـ سەئدىن » داستانىدىن

### رابىئە

بۇكۈن بارغۇمدۇرۇر چۈنكى بولۇرمەن ۋەسل يارىمغە ،
فەلەك باقماڭ بەقاسىر مەنزىلىدە يوقۇ ـ بارىمغە .
تەزەللۇم تىيرە دەۋراندىن ، قۇتۇلماي ئاھۇ ـ ئەففاندىن ،
تويۇپمەن يار ئۇچۇن جاندىنكى باقماڭ ئىنتىزارىمغە .
رەفىقۇ لەيلى مەجنۇن رۇھىگىزنى ئەيلەدىم خۇشنۇد ،
پىسەند ئەيلەڭكى ئول يارىمغە قىلغان جان نىسارىمغە .
نە ئاندا ئىختىيار ئولغاي ماڭا جان ئەيلەمەك قۇربان ،
قۇيۇبان ئەشك ياغىن ھەر زەمان ئۇتلۇغ ئۇزارىمغە .
ئەزەل لەۋھىغە يازمىش بۇ سىفەت ئاۋارەلىغ شەرھىن ،
داغى ئىشق ئوتى قويمايدۇر مىنىڭ ھەم ئىختىيارىمغە .
ئايا فەرھاد ـ شىرىن ، ئەيلەڭىز بىزگە رەفاقەتلىك ،
كى ھىجران ئوتى ھەرگىز بەرمەدى تەسكىن قەرارىمغە .
ئايا بۇلبۇلكى ، زار ئەيلەڭ بۇ تويكى بولدى شاھانە ،
تەئەججۇب ئەيلەڭىز ئىشق ئىچرە قىلغان كارۇبارىمغە .
تەماشا ئەيلەڭىز بۇ توي ئارا ، ئەي ھۇرۇ غۇلمانلار .
فىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ كېلىڭ ئەمدى كەنارىمغە .

ۋەفا مەۋجۇد ئەمەس جىنسى بەشەردىن مەن گۇمان قىلسام،
سىرىشتىدۇر تەغافۇل لايىدىن مۇشتەق ئېرۇر نىسيان.
غەمى ئىشقىڭ كۆڭۈلدە باغلانىپ ئانداغكى تۇ بەرتۇ،
بولۇپدۇر بەستە ـ بەستە كۆڭلۈم ئىچرە غۇنچە يەڭلىغ قان.
دىلئارانىڭ دىلىنى ئالدى دىلبەركىم نەۋا ئەيلەپ،
ئانىڭ يادى بولۇپدۇر بۇ كۆڭۈل تەختى ئۈزە سۇلتان.



# غەرىبى

قاراڭ ھالىمغەكىم ھەيرەت بىلە ئەي ۋامىقۇ ئۇزرا ،
كۆرۈپ ئەيلەپ تەرەھھۇم دەردۇ رەنجى بىشۇمارىمغە .
كېلىبان يار ئولۇڭ بىزگە ھەمە ئەرۋاھى ئاشىقلار ،
مەدەت ئەيلەڭ ماڭا لۇتىف ئەيلەبان ئول يان بارارىمغە .
ئايا دەرد ئەھلى ، ھەسرەتلىك سۆزۈمنى ئەيلەڭىز ئەۋراد ،
پۈتۈڭ باشىمغە كەلگەن دەردنى لەۋھى مەزارىمغە .



كېيىن، « فۇزۇلى » دېگەن تەخەللۇس ئورنىغا ئۆز تەخەللۇسنى ئالماشتۇرغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

يېڭىدىن تېپىلغان بۇ غەزەللەر غەربىي ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ فۇزۇلى بىلەن بولغان ئەدەبىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

# غەرىبى

**مۇھەررىردىن** : تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غەرىبى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى . ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى قاتارلىق نامايەندىلار بىلەن زامانداش بولۇپ ئۆتكەن .

غەرىبىنىڭ « بەھرام ـ دىلئارام » ۋە « كاسىپلار مۇنازىرىسى » ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن . غەرىبى ئەسەرلىرىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد ئەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ . جۇملىدىن ، لېنىنگراد قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان « نىزارى گۈللىياتى » نىڭ فوتو نۇسخىسى غەرىبىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا بىزنى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى .

مەزكۇر نۇسخىغا غەرىبىنىڭ يۇقىرىدا تەلقىن قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلۈشتىن تاشقىرى ، شۇ نۇسخىنىڭ ھاشىيەسىگە شائىرنىڭ تەخەللۇسى بىلەن 41 پارچە غەزەل كۆچۈرۈلگەن . تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە بۇ غەزەللەر مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى مۇھەممەد سۇلەيمان ئوغلى فۇزۇلىنىڭ غەزەللىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتى . غەرىبى بۇ غەزەللەرنى فۇزۇلى دىۋانىدىن تاللاپ ئالغان ۋە ئەسلى ۋەزىن ، قاپىيە ، رادىفىنى-ئەينەن ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان . ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئايرىم كۇپلېت ، مىسرا ۋە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە بېيىتىشقا تىرىشقان . غەرىبىنىڭ فۇزۇلى غەزەللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندىن

پايى بەند ئۆلدۈم سەرى زۇلفى پەرىشانىڭ كۆرۈپ ،
نۇتقدىن قالدىم لەبى لەئلى دۇر ئەفشانىڭ كۆرۈپ .
ئوتغە ياقتىم شەمئىدەك جانىم باقىپ رۇخسارىڭە ،
ئاسمانغە دۇدى دىل چەكتىم خىرامانىڭ كۆرۈپ .
ئاقتۇر ھەريان كۆزۈم ئەشك ئۆززە باغرىم پارەسى ،
جامەئى گۇلگۇن بىلە رەخش ئۆززە جەۋلانىڭ كۆرۈپ .
ھەر زامان كەچمەسكى دىل تىغىڭدىن ئولماس چاك ـ چاك ،
ئاچىلۇر ھەر دەم تۇتۇلغان كۆڭلۈم ئىھسانىڭ كۆرۈپ .
بەندى غەم ، زىندانى مىھنەت قەيدىدىن تاپسام خەلاس ،
ئاھكىم ، تۈشتۈم يەنە چاھى زەنەخدانىڭ كۆرۈپ .
ئەي غەرىبى ، ئانچەكىم تۇتتۇڭ نىھان ھالى دىلىڭ ،
ئاقىبەت فەھم ئەتتى ئەل چاكى گەرىبانىڭ كۆرۈپ .



# غەرىبى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھەسەن سىلىم

## غەزەللەر ①

زىھى زاتىڭ نىھانۇ ئول نىھاندىن ماسىۋا پەيدا ،
بەھارى سۇنئۇگە ئەمۋاج پەيدا ، قەئر نا پەيدا .
جەھان ئەھلىغە تا ئەسرارى ئىلمىڭ قالماغاي مەخفى ،
قىلىپدۇر ھىكمەتىڭ كۇففار ئىچىندە ئەنبىيا پەيدا .
گەھى تۇفراغقە ئەيلەر ھىكمەتىڭ مىڭ مەھلىقا پىنھان ،
گەھى سۇنئۇڭ قىلۇر تۇفراغدىن مىڭ مەھلىقا پەيدا .
دەمادەم ئەكس ئالۇر مىرئاتى ئالەم قەھرۇ لۇتفۇگدىن ،
نىدىنكىم گەھ كۇدۇرەت زاھىر ئەيلەر ، گەھ سەفا پەيدا .
بەلەندۇ پەست ئالەم شاھىدى فەيزى ۋۇجۇدۇگدا ،
ئەمەس بىھۇدە بولماغلىقدا بۇ ئەرزۇ سەما پەيدا .
نىشانى شەفقەتىگدۇركىم بولۇر ھەمدىڭ ئۇچۇن ، يا رەب ،
غەرىبى تىيرە تەبئىدىن كەلامى جانفەزا پەيدا .

---

① بۇ غەزەللەر لېنىنگراد قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان « نىزارى كۇللىياتى » نىڭ فوتو نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى .

بولۇر قەددىم دۇتا ئىشقىڭ يولىدا بىر بەلا كۆرگەچ ،
تەرىق ئەھلىغە ئادەتدۇر تەۋازۇئ ئاشنا كۆرگەچ .
نىھان ئىشقىمنى مەئلۇم ئەتسە ئالەم دۇدى ئاھىمدىن ،
ئەجەب يوقكىم ، گۇمانى گىنج ئېتەر خەلق ئەجدىھا كۆرگەچ .
غەمىڭ ھەر لەھزەكىم جانىم تىلەر ، كۆڭلۈم قىلۇر ئەفغان ،
بەئەينە ئۇيلەكىم فەرياد ئېتەر ئىتلەر گەدا كۆرگەچ .
مەنى مەھزۇنغە ئەل ھەم جەۋرى قىلماقدىن تۆكەر قانىم ،
كىم ئەيلەر جەۋر مەنئىن ، پادىشاھىم ، سەن رەۋا كۆرگەچ .
غەرىبىنى ياشۇر ، ئەي رەشك ، مەھۋەشلەر جەفاسىدىن ،
كى مەھۋەشلەر قىلۇرلار مىڭ جەفا ، بىر مۇبتەلا كۆرگەچ .



سەبا ، ئەغياردىن پىنهان غەمىم يارىمغە ئىزهار ئەت ،
خەبەرسىز يارنى هالى خەرابىمدىن خەبەردار ئەت .
مىنى رەشك ئوتىغە پەرۋانەدەك ، ئەي شەمئ ، كۆيدۈرمە ،
يىتەر خۇرشىدى رۇخسارىڭ چەراغى بەزم ئەغيار ئەت .
كۆڭۈل ، غەم تۈنلەرىن تەنها كەچۇرمە ئىستەبەر هەمدەم ،
ئەجەل خابىدىن ئەفغانلار قىلىپ مەجنۇنى بىدار ئەت .
گىرىفتارى غەمى ئىشقىڭ بولۇپ ئازادەلىغ كۆردۈم ،
غەمى ئىشقىڭ بىلە مۇندىن بەتەر ، يا رەب ، گىرىفتار ئەت .
چۇ يوق ئىشق ئاتەشى بىر شۇئلە چەكسە تاقەتىڭ ، ئەي نەي ،
باش ئاغرىتمە ، دەمى ئىشق قۇرماغىل ، كۆپ نالەئى زارئەت .
غەرىبى ، قىلماغىل كۆپ فىكر دۇنيانىڭ مەئاشىدىن ،
نە ۋەجهلەكى بولسە كۈن كىچەر فىكرى شەبى تار ئەت .



خەتتى رۇخسارىڭ ئېتەر لۇتفدە رەيھان بىلە بەھس ،
ھۇسن سۇرەتدە جامالىڭ گۇلى خەندان بىلە بەھس .
كويۇڭە زوھد ئېلى جەننەتنى مۇناسىپ دېسەلەر ،
نە مۇناسىپ قىلايىن بىر نەچە نادان بىلە بەھس .
قىلسە جان لەئل بىلە فەيز يەتۇرمەك بەھسىن ،
جانىبى لەئلىنى ـ تۇت ، ئەي كۆڭۈل ، ئەت جان بىلە بەھس .
ۋەسفى ھۇسنۇڭنى قىلۇر خەستە غەرىبى ، نە ئەجەب ،
ھۇسن ئارا ئەيلەسە خۇرشىدى دەرەخشان بىلە بەھس .

كىرىپ مەيخانەغە مۇغبەچچە بىرلە كىمكى خۇ ئەيلەر ،
بولاي كافىر ئەگەر جەننەتغە كىرمەك ئارزۇ ئەيلەر .
دەما دەم قەترە ـ قەترە قان ياشىمدۇر كىم چىقار كۆزدىن ،
ۋە يا پەيكانلارىڭكىم ئاتەشى دىل ئانى سۇ ئەيلەر .
دىسەم : كىمدۇر فەرىشان ئەيلەگەن ئاشىقلار ئەھۋالىن ،
سەبا زۇلفى پەرى روييۇم ئاچىپ ئايتۇركى : بۇ ئەيلەر .
مەگەر دىۋانەدۇر سەۋدايى ئەبرۇسى بىلە زاھىد
باقىپ مىھراب ئىچىندە ئۆز ـ ئۆزىلە گۇفتىگۇ ئەيلەر .
غەرىبى زۇلفىغە باغلاندى ئانداغ ، خەستەھال ئولدى ،
كى گويا زەئىف ئانى ھەم زۇلفىغە بىر تار مۇ ئەيلەر .

شىفايى ۋەسل قەدرىن ھەجر ئارا بىمارلاردىن سور،
زىلالى زەۋق ـ شەۋقىن تەشنەئى دىيدارلاردىن سور.
كۆزى ياشلارنىڭ ئەھۋالىن نە بىلسۇن مەردۇمى غافىل،
كەۋاكىب سىررىنى شەب تا سەھەر بىدارلاردىن سور.
خەبەرسىز بولمە فەتتان كۆزلەرىڭ جەۋرىدىن، ئەي زالىم،
خەبەرسىز مەستلەر بىدادنى ھۇشيارلاردىن سور.
غەمىڭدىن شەمئىدەك كۆيدۇم، سەبادىن سورمە ئەھۋالىم،
بۇ ھالىمنى شەبى ھىجراندا بولغان يارلاردىن سور.
مۇھەببەت لەززەتىدىن بىخەبەردۇر زاھىدى غافىل،
غەرىبى، دەردى ئىشقىن دەردى ئىشقىڭ بارلاردىن سور.



مۇقەۋۋەس قاشلارىڭگىم ئوسمە بىرلە رەڭ تۇتمىشلار ،
قېلىچلار دۇركى كۆپ قان تۆكمەكىدىن زەڭ تۇتمىشلار .
قىلۇر تەغيىر سۇرەت ئوسمەدىن تاراج ئېتەرلەر دىل ،
بولانچى قاشلارىڭگىم رەسمىدە نەيرەڭ تۇتمىشلار .
فەزايى ئۇمردىن گويا ئەمەسدۇر غۇنچەدەك ۋاقىق
كىشىكىم ئۆزنى دۇنيا شۇغلىدىن دىلتەڭ تۇتمىشلار .
سەھەر بۇلبۇللار ئەفغان ئەيلەمەس بىھۇدە گۇلشەندە ،
غەربى نالەئى دىلسوزغە ئاھەڭ تۇتمىشلار .



كۆگۈلدە مىڭ غەمىم باردۇركى پىنھان ئەيلەمەك بولماس ،
بۇ ھەم بىر غەمكى ئەل تەئىندىن ئەفغان ئەيلەمەك بولماس .
نە مۇشكىل دەرد ئىرۇر ھەجرىڭگە يوق ئالەمدە دەرمانى ،
نە مۇشكىل دەرد ئىمىش ئىشقىڭگە دەرمان ئەيلەمەك بولماس .
فەنا كوينغە كۆپ ئەزم ئەتمە ، ئەي دىل ، چەكمە زەخمەتكىم ،
بۇ تەدبىر ئەيلەمەكدىن دەفئى ھىجران ئەيلەمەك بولماس .
غەرىبى ، قەيدى ئالەم ئىچرە سەن دەم ئۇرمە ئىشقىدىن ،
كەمالى جەھل ئىلە دەئۋايى ئىرفان ئەيلەمەك بولماس .

فىغانكىم باغرىمە ئۇل لالە رۇخ قان بولغانىن بىلمەس ،
جىگەر پەرگالەسىدە داغى پىنھان ئولغانىن بىلمەس .
پەرى رويۇم دىلىم جەمئ ئەيلەمەس رۇخسارى دەۋرىدە ،
مەگەر زۇلفى كەبى ھالىم پەرىشان ئولغانىن بىلمەس .
قىلۇر تەقسىر ئېتىپ بىر لۇتف ھەر دەم كۆڭلۈم ئالماقدا ،
ۋەفا رەسمىن بىلۇر دىشۋار ، ئاسان ئولغانىن بىلمەس .
غەرىبى خەستەنى دۇشمەن سۆزىدىن دوست جەۋر ئەيلەر ،
ئىتاب ئەيلەر غەزەبدىن قۇلغە بۇھتان ئولغانىن بىلمەس .



مېنى زىكر ئەتمەس ئەل ئەفسانەئى مەجنۇنغە مايىلدۇر ،
نېچۈك ئوخشار ماڭا دەردى ئانىڭ ، دەرمانغە ، قايىلدۇر .
بەيابانلاردە مەجنۇندىن غەمۇ دەردىم سوئال ئەتمەك ،
نەبىلسۇن بەھر ھالىن ئولكى مەنزىلگاھى ساھىلدۇر .
فىراق ئەييامى سېلابى سىرىشكىمدىن خەبەر تاپماس ،
شەبى ھىجراندا ئاھۇ نالەشىمدىن يار غافىلدۇر .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .



قانىمنى تۆكسە خەنجەرىڭ ئۇل ئاستان ئىچەر ،
ئۇل يەرگە مەن ئەسىركى ، تۇپراغى قان ئىچەر .
ئەھلى زەمانە قانىغە كۆپ تەشنەدۇر زەمىن ،
كىمنىڭ قانىنى تۆكسە فەلەك ئۇل زەمان ئىچەر .
مەي ئىچمەيىن ئاچىلماس ئىمىش بابى مەئرىفەت ،
سەۋگەندلەر بۇ بابدا پىرى مۇغان ئىچەر .
غەمزەڭ ھەمىشە قان ئىچەر ئەل چەشمىدىن نىھان ،
زاھىد كەبىكى بادەنى ئەلدىن نىھان ئىچەر .
مەيدىن ئەگەرچە تەۋبە بىرۇر ئەل غەرىبىغە ،
ئەي يار ، سەن قەدەھ تۇتار ئۇلساڭ رەۋان ئىچەر .



غەمدىن ئۆلدۈم دېمەدىم ھالى دىلى زار ساڭا،
ئەي گۈلى تازە، رەۋا كۆرمەدىم ئازار ساڭا.
ئىچ مەيى نابكى باغرىمدىن ئېتەي پارە كەباب،
ئاتەشى ئىشق ئارا ئۇشىشاق چېكەر خار ساڭا.
مەيى گۈلگۈندا ئەمەس نەرگىسى مەستىڭ ئەكسى،
قەدەھ ئولمىش كۆز ئاچىپ ئاشقى دىدار ساڭا.
مەن گىرىفتارغە ئازادەلىغ ئولماس غەمدىن،
ھېچكىم ئولماسۇن، ئەي سەرۋ، گىرىفتار ساڭا.
لەئلى نابىڭ ھەۋەسىدىن جىگەرىم خۇن بولدى،
ئاھ، قان بولدى ياشىم، قىلمادى ئىزھار ساڭا.
باغ ئارا غۇنچەۋۇ گۈل دېسە غەرىبى تۆكمىش،
شەۋقىدىن خۇنى دىلى دىدەئى خۇنبار ساڭا.

يا رەب ، ھەمىشە لۇتۇف ئىلە بول رەھنەما ماڭا ،
كۆرسەتمە ئول يولىكى كىرەكمەس ساڭا ، ماڭا .
قەيتىپ ئەيلە ئاشنالىغىم ئاندىنكى غەيرىدۇر ،
رەھم ئەيلە ئاشنالارىڭ ئەت ئاشنا ماڭا .
تايدۇرمە كويۇڭ ئىچرە كۆزۈم خىرە ، پايى لەڭ ،
شەرئى ھەبىبىڭ ئەيلەگەسەن مۇقتەدا ماڭا .
ھەر نې ساڭا مۇراد ئىسە ، ئولدۇر ماڭا مۇراد ،
يوقتۇركى سەندىن ئۆزگە يەنە مۇددەئا ماڭا .
يوق مەندە بىر ئەمەل ساڭا شايىستە ، ئاھ ، ئەگەر
قىلغان گۇنەھغە بۇيرۇسە [ ئاخىر ] جەزا ماڭا .
دىل ئىزتىراب خەۋف ۋەلى بار ئۇمىدكىم ،
لۇتفۇڭ بېرۇر بىشارەتى ئەفۇ ئەتا ماڭا .
چاھى ھەۋادا قويمە غەرىبىنى كۆپ ئەسىر ،
يا رەب ، ھىدايەت ئەيلە تەرىقى فەنا ماڭا .

مىنىڭدەك ھېچكىم زارۇ پەرىشان ئولماسۇن، يا رەپ،
ئەسىرۇ دەردى ئىشقۇ داغى ھىجران ئولماسۇن، يا رەب.

..........................................................................

قىلىپ ئەندىشەسىن قەتلىمغە، مەن ھەم بۇدۇر ئەندىشىم،
كى بۇ ئەندىشەدىن ئول مەھ پۇشەيمان ئولماسۇن، يا رەب.
جەفاۋۇ جەۋرىغە مۇئتاد ئەيلەرمەن دىلۇ جاننى،
جەفاسىغە ھەدۇ جەۋرىغە پايان ئولماسۇن، يا رەب.
دېمەنكىم ئەدل يوقتۇر زۇلم كۆپ ھەرجان ئىلە ئولسە،
كۆڭۇل تەختىغە ئاندىن ئۆزگە سۇلتان ئولماسۇن، يا رەب.
غەرىبى بولدى گەنجى ئافىيەت مەيخانە كۇنجىدە،
مۇبارەك مۇلكىدۇر، ئول مۇلك ۋەيران ئولماسۇن، يار رەب.



غەم دىياردىن ئەجەل پەيكى گۇزار ئەتمەس ماڭا ،
يوق بىلىپ باردىم مەگەركىم ئىئتىبار ئەتمەس ماڭا .
يار جەۋر ئەتمەس ، ماڭا ، ئەغيار تەئنى قەتل ئېتەر ،
ۋاي ، ئەغيار ئەيلەگەن ئىهسانىنى يار ئەتمەس ماڭا .
كۆيدۇرۇر ھەر لەھزە ئەيشىم رەختىنى ئاھىم ئوتى ،
قايسى ناھەق زۇلمىدۇر كىم روزگار ئەتمەس ماڭا .
ئىشق زەۋقى خۇش ماڭا ، تەركى نەسىھەت قىل رەفىق ،
مەنكى تەرياكى ۋۇجۇدۇم ، زەھر كار ئەتمەس ماڭا .
نەقد جان تاراج غەمدىن ئاسراماق دىشۋار ئېرۇر ،
ئىشق تا سەڭگى مەلامەتدىن ھىسار ئەتمەس ماڭا .
لەئلى يادىدىن غەرىبى كۆزلەرى راھى ئەدەم ،
لەئل جان بەخشى ئەدەم نې ئاشكار ئەتمەس ماڭا .

ئەي ، ناۋەكى غەمزەڭ سىپەھرى سىنەئى ئەھباب ،
زۇلفۇڭ خەمى ئەرباب ۋەفا سەيدىغە قۇللاب .
مىھرابنى قاشىڭ خەمىغە ئوخشاتىبان ئەل .
ۋاجىب بۇ جىھەتدىن بىلەدۇر سەجدەئى مىھراب .
سۇبھ ئىچرە فەلەككە يېتەدۇر مەۋج سىرىشكىم ،
غەرق ئەيلەدى ئەنجۇملارىنى سېل ئىلە گىرداب .
جەمئىيەت ئەسبابىغە كۆڭلۈڭنى بۇيۇرمە ،
كىم تەفرىقەدۇر خاتىرى جەمئىيەتى ئەسباب .
چۇن ئاقىبەتى كارى ئەجەل زەھرىنى چەكمەك ،
غەفلەتدە غەرىبى نەدۇرۇر مۇنچە شەكەر خاب .

ئەلگە ئەيلە بىسەبەب مىڭ ئىلتىفات ئول نۇش لەب ،
ئىلتىفات ئەتمەس ماڭا مۇتلەق ، نېدۇر بىلمەن سەبەب .
جەۋر ئولۇر ئادەت ، غەزەب ۋەقتىكى ئادەتدۇر بۇ ئىش ،
جەۋرىن ئاز ئەيلەر ماڭا ، ئول ماھ چۇن ئەيلەر غەزەب .
جەۋرىنى كۆڭلۈم چېكەر كۆرگۈزگۈسى رۇخسارىنى ،
كامى دىل كۆز تاپسە ، نېدىن دىل چېكەر رەنجۇ تەئەب .
يار بىداد ئەيلەمەس ، ئۇششاق فەرياد ئەتمەيىن ،
ھەر نەچە رۇزى مۇقەددەر بولسە ۋاجىبدۇر تەلەب ،
مۇترىبا ، چەكمە سۇرۇدۇڭنى ، غەرىبى يىغلاتۇر ،
سىپلى ئەشكىم ئاقتۇر گەر بولسە بىناۋۇ تەرەف .

مۇنهەرىفدۇر ، ساقىيا ، ئەندۇھى دۇنيادىن مىزاج ،
بادە تۇت ، ئەندۇھۇ غەمگە مۇندىن ئۆزگە يوق ئىلاج .
فەقر مۇلكىدە مۇقىم ئولغىل گەر ئىستەرسەڭ كەمال ،
سەلتەنەت تەرك ئەيلەگىلكىم ئاندا كۆپدۇر ئىھتىياج .
بىسەرۇ پا ئولكى ، تەختۇ تاجغە قەيد ئولماغىل ،
كىم ئاياغقە بەند ئېرۇر تەختۇ بەلادۇر باشقە تاج .
كەسب تەجرىد ئىختىيار ئەتكىم دىمارى ئىشق ئارا ،
فەقر بازارىدا ئەسبابى فەنادىندۇر رەۋاج .
بىر پەرى زۇلفىن تۇتۇپ خالىدىن ئەتسە كامى دىل ،
گويىيا چىن مۇلكىنىڭ ئالدىڭ بەنددىن ئالدىڭ خىراج .
ئەي غەرىبى ، مەن مەلامەت مۇلكىنىڭ سۇلتانىمەن ،
بەرقى ئاھىم تاجۇ زەر سىيمى سىرىشكىم تەختى ئاج .

ئەي ، غۇبارى قەدەمىڭ ئەرشى بەرىن باشىغە تاج ،
شەرەفى زاتىڭگە ئۇ نامى مۇراتىب مىئراج .
خازىنى گەنجى شەفائەت سېنى قىلمىش ئىزىد ،
ھېچكىم يوقكى ساڭا ئولمادى ئاخىر مۇھتاج .
ئەلگە تەقلىدى سۇلۇكۇڭدا يېتەر فەيزى نەجات ،
تائەتىڭ مۇئىسىيەت ئەمرازىغە دەتىبىر ئىلاج .
مۇنتەھا شەرئىڭ ئېرۇر بارچە رۇسۇل مەسلۇكى ،
بەھرىسەن سايىرى ئەرباب رىسالەت ئەمۋاج .
ئاقىبەت خەۋفى غەرىبى دىلىنى چاك ئەتتى ،
تۇت قولۇم دائىرەئى خەۋفدىن ئەتكىل ئىخراج .



هۆبابى ئەشك ئارا جىسمىم خەلايىقدىن نىھان ئەتمىش.
غەمى ئىشقىڭ مېنى ئالەمدە بىنامۇ نىشان ئەتمىش.
كۆتەرمىش خاكدىن تۇغيانى ئەشكىم خار ئىلە خاشاك،
باشىم ئۆزرە مەلامەت قۇشلارىغە ئاشيان ئەتمىش.
بۇكۇپ مېھنەت يۈكى قەددىمنى، چىقمىشدۇر تەنىمدىن جان.
تەۋافى كويۇڭ ئەتمەك قەسدىغە تەييى مەكان ئەتمىش.
مەگەر تەركىبى ئىيسا گەردى خاكى دەرگەھىڭدىندۇر،
كى چىقمىش خاكدىن، قەدر ئىلە ئەزمى ئاسمان ئەتمىش.
قادالغان ئوقلارىڭ گويا ئېرۇر جان باغىغە ئىشقىڭ،
بەلا سەرچەشمەسىدىن ھەر تەرەف سۇلار رەۋان ئەتمىش.
غەرىبىنىڭ مىزاجى مۇنھەرىفدۇر كىم بۇ كۇن ئاخشام،
مەگەر فۇرسەت تاپىپ بىر شەررى ھالىدىن بەيان ئەتمىش.



ئەي كۆكۈل، ئۇل خەنجەرى مىژگاننى ئەيلەرسەن ھەۋەس،
جانغە قەسد ئەتتىڭ بەقائى مۇردەدىن ئۈممىد كەس.
ھالى زارىمدىن سېنى فەريادىم ئاگاھ ئەيلەدى،
شۈكرى لىللاھ، ئۇلكى فەريادىم ماڭا فەرياد رەس.
بىر ـ بىرى ئۈستىگە سانچىلدى تەنىمدە ئوقلارىڭ،
مۇرغى رۇھۇم قەيدىغە گويا ياسالدى بىر قەفەس.
تەئنەئى ئەھلى مەلامەتدىن نە غەم ئىشق ئەھلىغە،
شۇئلەنى دەف ئەيلەيەلگەيمۇ ھۇجۇمى خارۇ خەس.
ئەي غەرىبى، گەر ساڭا جەمئىيەتى دىلدۇر مۇراد،
باغلا دىلدارىڭغە كۆڭلۈڭ غەيرىدىن پەيۋەند كەس.



بۇ جەھان تەختىگە مەغرۇر ئولماغىل ئول بىسەبات ،
فەقىر كويىدا مۇقىم ئولغىلكى تاپقايسەن نەجات .
سەبىت ئىتەلمەس لەبلەرىڭ ۋەسفىن تەمامى ئۇمر ئارا ،
خىزر ھەيۋاندىن قەلەم ، گەر تاپسە زۇلمەتدىن دۇۋات .
مەن گەدايىڭ ، سەن غەنى ، بەرگىل زەكاتى ھۇسنىكم ،
شەرئى ئىچىندە ھەم ماڭا ھەم ساڭا ۋاجىبى زەكات .
مەزھەرى ئاسارى قۇدرەتدۇر ۋۇجۇدى كامىلىڭ ،
فەيز فىترەتدىن غەرەزسەن ، سەن تۇفەيلىڭ كائىنات .
ئىشق ئارا تۇشدۇڭ ، غەرىبى ، چەكمەدىڭ دۇنيا غەمىن ،
ئىشق ئارا تۇشكەن تاپار دامى تەئەللۇقدىن نەجات .



تەشنەئى جامى ۋىسالىڭ ئابى ھەيۋان ئىستەمەس ،
مايىلى مۇرى خەتىڭ مۇلكى سۇلەيمان ئىستەمەس .
زۇلمەتى زۇلفۇڭ گىرىفتارى دەم ئۇرماس دەۋرىدىن ،
تالىبى شەمئى رۇخۇڭ خۇرشىدى تابان ئىستەمەس .
ئەيلەمەس مەيلى بىھىشت ئەفتادە خاكى دەرگەھىڭ ،
ساكىنى كۇنجى غەمىڭ سەيرى گۇلىستان ئىستەمەس .
جەۋرىدىن مەنئى ئەتمە ئاشىقنىكى ئەينى لۇتف ئېرۇر ،
دوست ئەسبابى كەمالى تاپسە نۇقسان ئىستەمەس .
ئىشق كۆڭلۈمنى يىقىتغاي دەپ ، غەرىبى ، غەم يېمە ،
ھېچ سولتانىكىم ئۆزىنى مۇلكىنى ۋەيران ئەيلەمەس .



رەفىقا ، قىلماغىل ئەسباب جەمئ ئەيلەرگە نادانلىغ ،

تەرىقى فەقر تۇتكىم ، قەفر ئېرۇر ئالەمدە سۇلتانلىغ .

مۇرادىڭ سەلتەنەت گەر بولسە ، بىل نەفسىڭگە تابىئ سەن ،

نە هاسىل سەلتەنەت تەختىدە قىلماق بەندە فەرمانلىغ .

نېچۈك تالىئدۇرۇر ئالەمدە ئاغاز ئەتمەدىم بىر ئىش ،

ئول ئىش ئەنجامىدىن تا قىلمادىم ئاخىر پۇشەيمانلىغ .

پەرىشانلىغدىن ، ئەي خەلقى جەھان ، خاتىرنى جەمئ ئەيلەڭ ،

كى مەن جەمئ ئەيلەدىم ھەر يەردە بولسە بىر پەرىشانلىغ .

ماڭا ھەر زۇلمىكىم ئول كافىر ئەيلەر ، كىمسە مەنئ ئەتمەس ،

غەرىبى كۇفر ئالۇرمۇ گەر دېسەم : يوقتۇر مۇسۇلمانلىغ .



رۇزگارىم بولدى دەۋرانى فەلەكدىن ئىنقىلاب ،
قان ئىچەر بولدۇم ئاياقىڭ ئۈزدى بەزمىمدىن شەراب .

لەئلىڭ ئىلە بادە بەھس ئەتمىش زىھى گۇمراھلىغ ،
ئولدى ۋاجىب ئەيلەمەك ئول بىئەدەبدىن ئىجتىناب .

شۇئلەئى ئاھىمدە كۆيدۈردۇم دىلى سەرگەشتەنى ،
بىر ئوت ئولدۇم چەرخدەك گەردىدە ئولدى دىل كەباب .

كۆزگە پەيكانىڭ خەيالىدا ساچار ھەريان سىرىشك ،
دۇرغە تولدۇرغان سەدەفدۇر قەترە ئاندا دۇررى ناب .

بولدى ئاھىم ماھى رۇخسارىغە ئانداغكىم بۇلۇت ،
ئاھكىم ، ئالماس جەمالىدىن ھەنۇز ئول مەھ نىقاب .

بولمادى ئول ئايغە رەۋشەن كۆيگەنىم ھىجران كۈنى ،
تا سەھەر ـ شەب شەمئ ئۆرتەنسە نە بىلسۈن ئافتاب .

كىم ئەمەس مەندىن رەقىب ئازارى ئول ئاي كويىدە ،
ئەي غەرىبى ، جەننەت ئىچرە بار ئىكەن مۇنداغ ئەزاب .

لەھزە ـ لەھزە لەبى يادىدا كېلۇر ئەفغانلار .
قەترە ـ قەترە ساچىلۇر دىيدەلەرىمدىن قانلار .
قەترە ـ قەترە دىمە قاندۇركى چىقار چەشمەمدىن ،
دەم بەدەم كۆڭلۈم ئوتىدىن ئېرىگەن پەيكانلار .
قاشلارىڭ ياسىغە مەيل ئەتكەن ئۇچۇن ئىشق ئەھلى ،
يەتكۇرۇر باشىغە غەمزە ئوقىدىن ئېھسانلار .
يار كويىدا دىمەك ئىتلەرى غەۋغا قىلادۇر ،
كېچەلە قاقشالادۇر ئەھلى ۋەفادىن جانلار .
سورماغىل زۇھد ئېلىدىن ئىشق يولىنىڭ رەسمىن ،
نە بىلۇر ئەھلى خىرەدلەر رەۋىشى نادانلار .
ئاتلانىپ چىقسە جەھان خەيلىنى تاراج ئەتكەي ،
بەلكى ئىسلام ئېلىدىن ئولجالادى ئىمانلار .
يىغلا ، بىچارە غەرىبى ، تىلەسەڭ ئەيشى ۋىسال ،
ۋەسل زەۋقىدە گەدالىق قىلادۇر سۇلتانلار .

شەۋق ئىلە بارى جەھان چەككەن كىشى رەھمەت چېكەر ،
ئەھلى شەۋق ئولدۇركى ئاندىن دامەنى ھىممەت چېكەر .
سەرۋ قامەتلەر ، سۇمەن رۇخسارلار تۇپراغىدۇر ،
ھەر سۇمەنكىم ئاچىلۇر ، ھەر سەرۋكىم قامەت چېكەر .
كۈن چېكەر يەردىن فەلەككە رەھگۇزارىن گەردىنى ،
تۇتىيا ئەتمەككە كۆكدىن يەرغىچە مىننەت چېكەر .
دىلنى خالى قىلسە زۇلفۇڭكىم خەيالى غەيرىدىن ،
نې ئەجەب ، كەشق ئەھلى بىرلە ئۇمر ئارا خىلۋەت چېكەر .
ئەيكى ، قىلدىڭ غەيرى بىرلە بەزم پىنھان گاھ ـ گاھ ،
ئانى ياد ئەتكىم غەرىبى ئاڭلاسە ھەسرەت چېكەر .

قىل سەبا ، كۆڭلۈم پەرىشان ئۇلغانىن جانانغە ئەرز ،
هالىن ئايت ، بۇ مۇلك ۋەيران ئۇلغانىن سۇلتانغە ئەرز .
بولغۇسى سۇرەت پەرەستلەردەك بارى سۇرەت پەرەست ،
قىلسەلەر جەننەتدە تەسۋىرىڭ چىكىپ غۇلمانغە ئەرز .
خەلق كۇفر ئەهلىغە ئىمان ئەرز ئېتەرمەن دەم ـ بەدەم ،
كۇفرى زۇلفۇڭ ئەيلەرەم كۆكسۇمداقى ئىمانغە ئەرز .
تەندە جانىم بىر پەرىنىڭدۇر ، ئەمانەت ساقلارەم ،
ئۇل زەماندىنكىم ئەمانەت قىلدىلار ئىنسانغە ئەرز .
ئەي غەرىبى ، ئاهۇ ئەشكىڭ ئەسرۇ پىنهان ئەيلەمە ،
كۆڭلۈڭ ئىچرە هەرنە باردۇر ئۇل گۇلى خەندانغە ئەرز .

مېنىڭكىم بىرلەبى خەندان ئۇچۇن گىريانلىغىم باردۇر ،
پەرىشان تۇررەسى دەۋرىدە سەرگەردانلىغىم باردۇر .
باشىم تەختىراۋاندۇر ، تاجى زەررىن شۇئلەئى ئاھىم ،
كورۇڭكىم دەۋلەتى ئىشق ئىچرە نې سۇلتانلىغىم باردۇر .
سىرىشكىم كۆر مېنىڭ ، ئەي ئەبر ، ئۆزۈڭدىنكىم خەيال ئەتمە ،
ھەۋايى ئىشق ئارا يۈز سەنچە ئەشك ئەفشانلىغىم باردۇر .
يۇمۇلماس ئەشك تۇغيانىدا ئانىسىز چەشمە خۇنبارىم ،
خەيالى سۇرەتى جانانغە خۇش ھەيرانلىغىم باردۇر .
غەرىبى ، جامى مەي تەرك ئەيلەدىم زۇھد ئەھلى پەندىدىن ،
تەفەككۇر ئەيلەسەم ، بۇ ئىشدا كۆپ ھەيرانلىغىم باردۇر .



دەھر ئەسبابىغە ھەرگىز قىلمە كۆڭلۈڭ ئىرتىبات ،
سەن بىر ئەۋۋارە مۇسافىرسەن ، بۇ بىر ۋەيران رەبات .
ئەھلى ئىرفان بۇ جەھان كەيفىييەتىن تەھقىق ئېتەر ،
كىم نىشاتىدىن بولۇر يۈز غەم ، غەمىدىن يۈز نىشات .
ئىشق دەۋرانى ماڭا تاپشۇردى مەجنۇن نەۋبەتىن ،
ئىشق ئارا خالى ئەمەس ئەھلى ۋەفادىن بۇ بىسات .
بۇ چەمەندە غۇنچەلەر گۇللار سېنى مەغرۇر ئېتەر ،
ئەي كۆڭۈل ، ھەرگىز جەھان باغىغە بولمە ئىنبىسات .
ئەي غەرىبى ، ئەھلى دەۋران بىرلە ئۇمرۇڭ قىلمە سەرج ،
بىۋەفادۇر ئەھلى دەۋران ، تۇت تەرىقى ئېھتىيات .



گەھ كۆزدە ، گەھ كۆڭۈلدە خەدەڭگىڭ مەكان تۇتار ،
قانلىغنى قايدە بولسە مۇقەررەركى قان تۇتار .
دىل چەكسە ، نې ئەجەب ، تەنۇ جاننى يولۇڭ ئارا ،
خارۇخەس ئېلتەر ئانداكى قۇش ئاشيان تۇتار .
خۇرشىد خىرمەنىغە ئۇرار شۇئلە ـ شۇئلە ئوت ،
ئاھىمكى لەھزە ـ لەھزە يولى ئاسمان تۇتار .
زىكرى لەبىدە زۇلفۇغە جان تاپدى دەست رۇس ،
ئانىڭ كەبى فۇسۇن ئوقۇماقدىن يالان تۇتار .
مەيل ئەيلەسە ، غەرىبى ، تاماشايى قامەتىڭ ،
كۆزدىن سىرىشك سەل يولىنى رەۋان تۇتار .



ئەي ، غەمىڭ ئۇقلارىغە سىينەئى ئەھباب ھەدەف ،
مۇنتەزىر خەنجەرى مىژگانىڭە جانلار سەف ـ سەف .
خاكى دەرگاھىغە ھەر سۇبھى سۇرەر كۈن يۈزىنى ،
بۇ جىھەت بىرلە ئاڭا ھاسىل ئۇلۇپدۇر بۇ شەرەف .
ساڭا رەڭ ـ رەڭ كۆرۈنۈر مالۇ جەھان ، بولمە غۇرۇر ،
خاكدۇر كىم ئانى گەھ لەئلى قىلۇر گاھى خەزەف .
سالدى دەرياغە سەبا خەنجەرى غەمزەڭ ۋەھمىن ،
تىشلىپ كۆكسى تۆكەر دۇررىنى دەرياغە سەدەف .
جەھد قىلغىلكى غەرىبى ، تىلە مەقسەد يولىنى ،
قىلماغىل جەھل ئىلە ئەۋقاتى شەرىفىڭنى تەلەف .



تەنىمدە تىغى زەخمى چەشمى خۇن ئەفشانغە ئوخشايدۇر ،
قادالغان ئوقلارى دەۋرىدە دۇر مىژگانغە ئوخشايدۇر .
گۇداز ئەتكەن كۆكۈلدە ئىشق ئوتى پەيكانىنى كۆردۈم ،
سەدەفدە گەۋھەر ئولغان قەترەئى بارانغە ئوخشايدۇر .
شىكاف ئولغان دىلىم غەمزەڭ خەيالى مەنزىل ئەتمىشدۇر ،
قاراقچىلار ياتاغى مەنزىلى ۋەيرانغە ئوخشايدۇر .
ھەياتى جاۋىدان فەھم ئەيلەدىم لەئلىڭ خەيالىنى ،
بۇزۇغ كۆڭلۈم ئارا ئول چەشمەئى ھەيۋانغە ئوخشايدۇر .
تەنىمدىن چەكمەگىل ئول قاشى يا پەيكانىن ، ئەي ئەھباب ،
غەرىبى جىسمى ئىچرە بىر ئوتى بىر جانغە ئوخشايدۇر .

مەقسەدىم بۇدۇركى جەۋلانىڭ كۆرۈپ بولسام ھەلاك ،
گەردى نەئلى باد پايىڭ ئۇرسەلەر جىسم ئۈزرە خاك .
چۇن جەفا مۇئتادىمەن ، بىلمەن نەدۇر جەۋرۇ جەفا ،
بىلمەسە مىھرۇ ۋەفا رەسمىن ، جەفا كارىم ، نە باك .
ھەر كۇدۇرەتدىن مېنى پاك ئەتتى سېلى خۇنى دىل ،
شۇكرى لىللاھ ، ئاتەشى ئىشقىڭ مېنى كۆيدۈردى پاك .
ئاھ ، بىلمەن نەيلەيىم جانىمدە راھەت قالمادى ،
كۆزلەرىم نەمناك ، سىينەم چاك ، كۆڭلۈم دەرد ناك .
مەست جان بەردى غەرىبى ، چەشم مەستىن ياد ئېتىپ ،
قەبرە باشىغە ئېكىڭ ، ئەھبابلار ، بىر نەچچە تاك .



بەقا مۇلكىن تىلەرسەڭ فانى ئەت بارىڭنى دۇنيادەك ،

جەھاندىن دامەنىڭ چەك ئافتابى ئالەم ئارادەك .

تەئەللۇق زۇلمەتىن تەجرىد خۇرشىدىغە قىل مەتلەئ ،

ئەگەر ئالەم ئارا كۆن كۆرمەك ئىستەرسەن مەسىھادەك .

كۆڭۈل ھەر سۇرەتى شىرنىغە بەرمە ، ئىچ مەيى مەئنى ،

ھەزەر قىل تاشغە تىشەڭ ئۇرماغىل فەرھادى شەيدادەك .

قىلىپ مەن كائىنات ئەسبابىنىڭ بارى تەماشاسىن ،

نەدامەتسىز تەنەئئۇم يوق ، تەسەررۇفسىز تەماشادەك ،

غەرىبى قىلمە تەغيىرى تەبىئەت ئىلسالار باغرىڭ ،

قەرار ئەت ھەر ھەۋادىن بولمە شور ئەڭگىز دەريادەك .

جەمالىڭ ھەسرەتىدىن باشىمە تۈن ئانچۇنان ئۆردۇم ،
كى تاڭ ئاتقۇنچە پەژمۇردە تەنىم تۇفراقغە تاپشۇردۇم .
پۈكۈلدى قەددىم ، ئاھىم كۆككە يەتتى ، ئەي كۆڭۈل ، ۋەھم ئەت ،
بۇ ھىجران ئىچرە ئەشكىم سېلىنى باشىمدىن ئاشۇردۇم .
تەجەررۇد سەيرىدە سايەمدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر ھەمرەھ ،
ھەۋاۋۇ ئارزۇ تەرك ئەيلەدىم ، كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم .
ھەۋايى ئىشق سەرگەردانى بولمىش گەردى بادىمكىم ،
ساۋۇردۇم كۆككە تۇفراغىنى مەن ھەر يەردەكىم تۇردۇم .
غەرىبى ، دەردى مۇھلىكدۇر ، دېسەم ، ئول ئاي ئىشەنمەيدۇر ،
بەھەمدۇللاھكى ، جان بەرمەك تەرىقىلە ئىشەندۇردۇم .



چەرخ ھەر ئاي باشغە سالىمىش قاشىڭدىن ھەر خەيال ،
بۇ جىھەتدىندۇر ھەر ئاي باشدە بولماق بىر ھىلال .
ماھى نەۋ بولمىش قاشىڭ سەۋداسىنىڭ سەرگەشتەسى ،
گەردى ئالەمنى كېزەر ئەۋۋارەلەردەك ماھى سال .
دەرگەھىڭغە باشىنى سۇرمەك ئۇچۇن ماھى تەمام ،
زەئىف ئېتىپ جىسمىنى كۈن ـ كۈندىن قىلۇ تەغيىر ھال .
ھۇسنۇڭ ئالىدا كەمال ئىزھارى كۈن قىلغان ئۇچۇن ،
بىر كۈن ئولماسكىم ئاڭا گەردۇن يەتۇرمەس بىر زەۋال .
قىلماغىل كۆزدىن نىھان خالىڭنى ئەي مەھ ، بۇ كېچە ،
دۇدى ئاھىم بولماغي تاڭلا قوياش ئۆيىغە خال .
ئەي غەرىبى ، ماھدەك مەھۋ [ ئەيلە ] بارىڭنى تەمام ،
گەر تىلەرسەن بولماق ئول خۇرشىد بىرلە ئىتتىقال .



پۇنبەئى مەرھەمى داغ ئېچرە نىھاندۇر بەدەنىم ،
گەر ھەيات ئولسە لىباسىم بۇدۇر ، ئۆلسەم كەفەنىم .
جاننى جانان تىلەمش بەرمەمەك ئولماس . ئەي دىل ،
جان ئانىڭ سەدقەسىدۇر ، ئېتلارىنىڭ خەستە تەنىم .
تەشنىلەر ئاھىم ئوتى شەھد لەبى شەۋقىدىن ،
يوق ئەجەب زەنبۇر ئوتىدەك ئېسە بەيتۇل ـ ھەزەنىم .
بۇلبۇلى غەمزەدەمەن ، باغى بەھارىم سەنسەن ،
دەھەنىڭ ، قەددۇ خۇيۇڭ ، غۇنچەۋۇ سەرۋى ـ سۇمەنىم .
ھەرزە ناز ئولمە ، غەرىبى ، دېگەسەن كوچەئى يار ،
ۋەتەنىمدۇر ، ۋەتەنىمدۇر ، ۋەتەنىمدۇر ، ۋەتەنىم .

نالەدىن بەند يەك قىلىپمەن ، ئىشقىم ئاۋازىم بەلەند ،
نالەنى تەرك ئەيلەمەسمەن گەر كېسىلسەم بەندۇ بەند .
ئاچىلۇر كۆڭلۈم نېچۈككىم گىريەئى تەلخىم كۆرۈپ ،
ئاچسا ئول گۇلرۇخ تەبەسسۇم بىرلە لەئلى نۇشخەند .
خاكى راھىڭدىن تەنىمنى ئايرىيالماس سايەدەك ،
ئەيلەسە گەردۇن قۇياشنىڭ ھەر شۇئائىن بىر كەمەند .
فەقر يولىدا ۋۇجۇدۇڭ خاك ئېتىپ بولغىل ئەدەم ،
بۇ ھۇنەر كەسبىدە شەيەد بولغاسەن سۇلتان پىسەند .
نائۇمىد ئولغىل ، غەرىبى ، كامى دىل مۇمكىن ئەمەس ،
نېگەكىم ، ئول دىلرەبا بىدەرددۇر ، سەن دەردمەند .



# خوشحال
# غریبی

جىلۋە ئەيلەپ كىرسە گۇلشەنگە ئىچرە ئول رۇخسار گۇل،
كۆيدۇرۇر ھەيرەت ئوتىدىن رەڭگىنى ناچار گۇل.
كىمسە ئول گۇليۈز خەيالىدىن چەمەندە خاب ئېتەر،
تا قىيامەت رەشكىدىن قىلغاي ئۆزىنى بىدار گۇل.
شەمئىدەك بۇ نۇكتە رەۋشەندۇر ۋەفا بەزمى ئارا،
داغ زىيبىغ گۇل نىچۇككىم زىينەتى دەستار گۇل.
تا نەفەس بارىدۇر كى ئاسايىشتىن ئۇممىد ئەيلەمە،
سانجىلۇر بوغزىغە ئۆز بويى نىچۇككىم خار گۇل.
غۇنچەلەر لەئلىڭ خەيالىدىن ياقاسىن چاك ئېتەر،
ۋەرنە بۇ گۇلشەندە يوقتۇر بىر تەبەسسۇمدار گۇل.
شوخىيۇ نەشئۇ — نەما ئاخىر خىجالەت يەتكۇرۇر،
سەبزەسىن مىژگانى بىدىلدەك قىلۇر سەرشار گۇل.



## خوشهال غەربى

نەشىرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

### غەزەللەر

كۆرگۈزۈپ يۈز كۆرمەدىم بىر مېھرى جانانىدىن ۋەفا ،
نە دەيىن جانانىنى ، ئۇشبۇ كۆرمەدىم جاندىن ۋەفا .
تۇرفەدۇر قىلمە ۋەفا ئۇممىد بەس دەير ئەھلىدىن ،
كىمگە قىلغاي مېھر ، كۆرگەيكىم كىشى ئاندىن ۋەفا ،
ئەقل جان ئالدى ۋەفالىغ راھى بىر مەتلۇبغە ،
كۆرمەگەي راھى تەلەبدە نەفسى شەيتاندىن ۋەفا .
بولمىش ئول شامى ئەجەل ئۇمرۇڭ كۈنى ئۇلتۇرغۇسى ،
بولماغايكىم ئۇشبۇ ۋەقتدە مېھرى تاباندىن ۋەفا .
ئۇمرۇم ئۆتتى ئەھد ۋەسل ئۇممىد ئەيلەپ بىلمەدىم ،
ئەندى بىلدىم بولماس ئېركەن ئەھدى يالغاندىن ۋەفا .
ئاھكىم ، ئۆتتى بۇ ئۇمرۇم كۇللىسى غەفلەت بىلە ،
تاپمادىم ئاگاھلىغىمدە جۇزۋى قىلغاندىن ۋەفا .
سالىك ئېرسە قەۋلىغە قىلغاي ئەمەل ، يوق ئېرسەكىم ،
ساز يەڭلىغ يوق ئېرۇر قىلغان جەفا ئاندىن ۋەفا .
ساقىيا ، تۇتغىل غەنىمەت دەۋرى ئەھلىن نېگەكىم ،
دەۋرىڭ ئولغايدۇر ساڭا يەڭلىغكى دەۋراندىن ۋەفا .
ھەجرىدىن ئۆزگە غەربى تاپمادى ئەفغاندىن ،
بۇلبۇل ئانداغ كۆرمەدى گۇلدىن گۇلىستاندىن ۋەفا .

# خۇشھال غەربى ①

مۇھەررىردىن : XIX ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان خۇشھال غەربى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كامالەتكە يەتكەن لىرىك شائىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇشھال غەربى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. ئالىي مەلۇماتنى قەشقەر مەدرىسىسىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن بىرى بولغان مەۋلىۋى خوجا مۇھەممەد ئاخۇنلۇقنىڭ دەرسخانىسىدىن ئالغان. شائىر 1827 ـ يىلى جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدىن كېيىن قوقانغا چىقىپ كەتكەن، ئۇ پەرغانە ۋادىسىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا غۇربەتچىلىكتە ھايات كەچۈرگەن.

خۇشھال غەربىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەدەبىي مىراسى ئۇنىڭ دىۋانىدۇر. بۇ دىۋان شائىرنىڭ 271 غەزىلى، ئۈچ مۇستەھزادى، 14 مۇخەممىسى، 37 رۇبائىيسى، 31 قىتئەسى، 53 مەسنەۋىسى، 14 ساقىينامىسى، بىر تارىخى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇشھال غەربى ئۆز شېئىرلىرىدا ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان بولۇپ، ئۇ تەپەككۇرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانىي مۇھەببەت، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار غايىلەرنى تەرغىپ قىلىش؛ مۇناپىقلىق، ساختىلىق، رىياكارلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى قارىلاش، ئۇنى قامچىلاش غەربى شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

خۇشھال غەربى دىۋانىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

بىز يېڭىدىن تۇزۇلگەن بۇ «باياز» غا خۇشھال غەربى دىۋانىدىكى بىر قىسىم غەزەللەرنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

---

① ئامانبېك جەلىلوۋنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «خۇشھال غەربى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار» ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

خانىقاھغە باشلادى بەس سوردى ئەھۋالىمنى شەيخ ،
تا ماڭا قىلدى بەيان ئۆز قىيىل ئىلە قالىمنى شەيخ .
بولدى تەمسىل ھاسىلىم تاپماي شەرەفتىن قەترەنى ،
چۈن تەبىب جەھل ئۇلدى كۆرۈپ [ ھالۇ ] ئەفئالىمنى شەيخ .
دەردىمە تاپماي دەۋانى چەكتىم ئانداغ ئاھنى ،
كۆردى پەرۋاز ئاندىن ئەتمەككە پەرۇ بالىمنى شەيخ .
مۇرغى تا بەندى قەفەس شاد ئۇلماغاننى بىلدىكىم ،
بولدى دەڭ مەندەك كۆرۈبان نىكۇ [ بەد ] ھالىمنى شەيخ .
خانىقەھدىن چىقىبان مەيخانەغە قويدۇم قەدەم ،
فەھم قىلدى ئەندەكۇ ئىدبار ئىقبالىمنى شەيخ .
دەير پىرى خىزمەتىغە كەلدىم ئاندىن شەۋق ئىلە ،
مەن تاپىپ دارىل ـ ئەمان كۆرمەي نەما سالىمنى شەيخ .
كىرمەدى مەيخانە ئىچرە سەسكەنىپ نامۇس ئىلە ،
مىنى ئانداغ كۆردى گويا بىر يامان زالىمنى شەيخ .
ئەي غەرىبى ، بۇ سىراتىل ـ مۇستەقىمدە قىل مەقام
كۆرسە كۆرسۇن ھەر نىچە بۇ نەۋئىدەك ھالىمنى شەيخ .

ئەي سەبا چەرخى دىلىم ھالىنى جانانىمغە ئايت ،
سۇبھىدەك بولدۇم ئانىڭكى مۇنىسى جانىمغە ئايت .
كۇلبەئى ئەھزاندە بولغان زۇلمەت ئەھۋالىم كۆرۈپ ،
ھالىمە رەھم ئەيلەبان ئۇل ماھى تابانىمغە ئايت .
تاپتى مىلك فەرمانىلە شەمئى جەمالىدىن قۇرۇغ ،
يوقمەنۇ پەرۋانەغە شەمئى شەبىستانىمغە ئايت .
ھەمدەمىم يوقتۇر كى سورغاي ئەرزى ھالىمنى مېنىڭ ،
داد ئېتىپ ئەرزى دىلىمنى ماھى سۇلتانىمغە ئايت .
سالغان ئەردى [ ئۇل تاقاغىم ] ئىتلەرىدىن ئەيلەبان ،
سەگى دەرگاھى ئېرۇرمەن ئۇل نىگەھبانىمغە ئايت .
ھۇسنىغە زىينەت بېرىپ قىلدى يۈرەكنى لەختە قان ،
تۆكتى قانىم ساھىبى لۇئلۇئى مەرجانىمغە ئايت .
چىقسە ئۇل چابۇك سەۋار ئۆلتۈرگەلى دىن ئەھلىنى ،
مېنى ھەم [ قەتل ] ئەيلەسۇن ئۇل نا مۇسۇلمانىمغە ئايت .
يار كەلمەسكە دىلىمنى شەرھى - شەرھى ئەيلەدىم ،
ئەي سەبا ، چاكى دىلىم ھالىنى جانانىمغە ئايت .
ساقىيا ، تۇت بادە ، مەست قىل ، تا قۇتۇلسام دەردىدىن ،
قالسام ئۇل مەيخانەدە ئۇل كۆڭلۈم ئالغانىمغە ئايت .

ئېرۇر مۇسھەف ئىچىندە ساق چۇن رۇھى راۋان كاغەز ،
ئارادا ئاشىقى ـ مەئشۇق دېگەي ئەسرارى جان كاغەز .
سەۋادى خىلئەت ئىچرە ساقلابان نازۇك مەئانىنى ،
كى ۋاقىف ئولماسۇن ئەغيار دەپ قىلدى گۇمان كاغەز .
يۈزى ئاقۇ خەتى لەئلۇ لەبىدە ئول خەتى رەيھان ،
كى سۇرخى بىرلە شىنگەرفى زىھى مەئشۇق جەھان كاغەز .
ئېرۇر سەفھى فەلەكتە ئافتاب نەقشى ھۇجۇم بولمىش ،
مەئانى مېھرىدىن خەتلەر نۇجۇم چۇن ئاسمان كاغەز .
كىشىگە ھەر ئۇمۇردىن ئەغلەپ ئەلباب بولسەكىم ئاچغاي ،
كەلىدى خەت ئىلە مۇشكىل كۇشا ساھىب بەيان كاغەز .
يۈزى باغى بېھىشت بولدى مەئانى ـ مېۋەسى ئانىڭ ،
بېرۇر ئەھلى مەئانىغە بېرۇر چۇن باغبان كاغەز .
جەراھەت قىلسە كۆڭلىنى كىشى ياپغىل ، يۈزۈك ياپغان ،
قەلەم قىلسە قارا ھەم يۈزىنى ، باغرىنى قان كاغەز .
تاپىلماي ئالەم ئىچرە بىر مۇۋافىق يار ، مەگەر تاپتىم ،
ئۆزى سافۇ سۆزى ساق راستگۇيلىغدە ئەيان كاغەز .
ئەگەرچە باتىنىڭ ساق ئولسە ئىچمە بادە ، ئەي زاھىد ،
زەرەر قىلغاي ھەم ئول يەڭلىغ سۇ ئىچسە ناگەھان كاغەز .
كېتۇر ساقىنى ، تۇت بادە ، ماڭا ئانداغ مۇھىت ئىچسە
قەلەم ساقى بولۇپ جامى دۇۋەتتىن گەر دىھان كاغەز .
خەلايىقتىن ، غەرىبى ئەيلەگىل بىر گۇشەئى خىلۋەت ،
ھەمول يەڭلىغ مەئانىغە ئېرۇر دارىل ـ ئەمان كاغەز .

ئۇل مەيىن لەئلى لەبىڭكىم ئابى ھەيۋاندىن لەزىز ،
ئابى ھەيۋان نې دەيىن ئۇل قەترەئى جاندىن لەزىز .
چۇن مەگەس قەندۇ شەكەرنى خۇش كۆرەر ئالەم ئېلى ،
لەئلى سىيرابىڭ ماڭاكىم شەككەرىستاندىن لەزىز .
بادەئى لەئلى لەبىڭ ئىمان ئەداسى بولدىكىم ،
بارچە شىرىندىن لەزىز بۇ بولدى ، ئۇل ئاندىن لەزىز .
تىيرە كۇلبەم ئىچرە تۇشسە پەرتەۋىدىن ماھى ھۇسن ،
بولدى ئۇل نۇر زۇلمەت ئىچرە ماھى تاباندىن لەزىز .
تىيرە خاكىم ئۆزرە تامسە قەترە مەي گۇلگۇن ئەگەر ،
مەي گۇلىن سىيرابلىغىدىن ھەم گۇلىستاندىن لەزىز .
مۇغبەچە دەير ئىچرە بەرسە قەترە مەي گۇلگۇن ئەگەر ،
قەترە جان ئۇل ماڭا دەھرى دۇررى غەلتاندىن لەزىر .
بۇنداغ ئاۋازى سۇراھى ئىلكىدە مۇغ چىقسەكىم ،
بۇ مۇغەننى ئەرغەنۇندىن ھەممە ئەلھاندىن لەزىز .
كۆڭلۈم ئالغان بىر نىگاھى جانغە لەززەت بەردىكىم ،
ھېچ لەزىزى بولماغاي ئۇل كۆڭلۈم ئالغاندىن لەزىز .
بادە دەردىڭغە دەۋادۇر ، ئەي غەرىبى ، يوق دەۋا ،
ھېچ تەبىب ئىلكىدە مۇنداغ ھەممە دەرماندىن لەزىز .

نېتەيكى يولىدا ئۇل شوخ زار قىلدى مېنى ،
بۇ زار بىرلە گەھى يوقۇ بار قىلدى مېنى .
چۇ بەھرى ھەجرىدە بولدۇم غەرىقى بىپايان ،
كى مەۋج يەگلىغ ئۇلۇپ بىقەرار قىلدى مېنى .
چۇ مېھر ھۇسنىنى كۆرسەم دەبان قاراپ ھەردەم ،
كى زەررە يەگلىغ ئۇلۇپ ئىنتىزار قىلدى مېنى .
نىتاگكى كامى دىل ئۇلسە ماگا تەلەب يولىدا ،
نىچۇنكى ھەردەم ئاگا ئىنتىزار قىلدى مېنى .
يېتەر يۈزىغە ئانىڭ گەرد يەتمەگەي بەسى سەڭ ،
نېتاگكى يەتسەم ئاگا چۇن غۇبار قىلدى مېنى .
چۇ بىلمەدىم ئانى مەيدان ئارا كېزىپ كۆرسەم ،
دەبانكى ئاشىقى چابۇك سەۋار قىلدى مېنى .
تەرىق خاكى ماگا شاھ سەرىرىدىن ئەفزەل ،
كۆرەر كۇنىدە ئۇلۇس گەرچە خار قىلدى مېنى .
مەي ئاشام ئېردىمۇ ئۆتكەن كېچە مەن ، ئەي ساقى ،
دەپ ئىچسەم ئانى بۇ كۇنكىم خۇمار قىلدى مېنى .
ۋىسالى بولماسامۇ ھەجرىدە بولۇپ خوشھال ،
غەرىبى كاشغەرى بىديار قىلدى مېنى .

جەننەتتە بولماغايمەن تا كۆرمەسەم جەمالىڭ ،
تۇبى ئەمەسكى مەنزۇر تا بولماسە نىھالىڭ .
گۇلزار ئاراسىدە بىر ھىندۇ بەچەنى كۆردۇم ،
دىل ئىچرەدۇر ھۇۋەيدا گوياكى بولدى ھالىڭ .
ئەي مۇرغى ئۇچمە زىنھار زاتىغە يەتكەمەن دەپ ،
ئۇچقان زەمان قەيەركىم ئۇل جەمئى پەرۇ بالىڭ .
ئىللەتلىك ئەل تەرىقدە مەنزىلگە يەتمەگەيكىم .
يەتمەككەكىم مەھەلدۇر چۇن فىكر ئىلە خەيالىڭ .
ئەي ۋائىزى سۇخەنۋەر ، گويا چۇ ساز ئۇلدۇڭ .
ئاچماس دەرىنى مەقسۇد مىفتاھى قىيلۇ قالىڭ .
تەسۋىرى خىلقەتىڭنى ئۇل قادىرىكى بەرھەق ،
پەيدا قىلىپدۇر ئانى ھەر دىيدە ، ئىبئىتدالىڭ .
رويۇڭ بىلەن قاشىڭغە تەشبىھ ئەيلەسەم مەن ،
دىسەم مۇنى خەتادۇر شەمسۇ قەمەر مىسالىڭ .
چۇن نەۋئى ـ نەۋئى گۇللار ئۇل مەئرىزى زەۋالدۇر ،
گۇلچىھرەڭ ئۇلدى ئەمما كەم بولمادى زەۋالىڭ .
بىھەد خۇمار بولدۇم ، ساقى ، شەراب سۇنغىل ،
بولدى ئۆزۈڭغە ئوخشاش ئۇل بادەئى كەمالىڭ .
جەننەت گەر ئۇلسە مەرغۇب بىلگەي ئانى غەرىبى ،
دەۋزەخ كەبى ئىرۇر ئۇل [ گەر ] بولماسە ۋىسالىڭ .

## مۇستەھزاد

ئاشوفتە مېنى ئەيلەدى، ئول شوخ ستەمگەر،
جانىمغە بەلادۇر.
سىيمىن تەنۇ رەئنالىغىدا ئولدى سۇمەنبەر،
چۇن زۇھرى سەفادۇر.
ئالەم يۈزىنى قىلدى مۇئەتتەر چۇ شەمىمى،
كىم ئىلكىدە ئانى.
مەششاتەسى تەرھ ئەيلەسە گەر زۇلفى مۇئەنبەر،
چۇن بادى سەبادۇر.
كۇلبەم ئارا گەر سايەسى كىرسە ساغىنۇرمەن،
ئول مېھرنۇەشىمدۇر.
چۇن سۇبھ ئىلە ئالەم يۈزى بولغايكى مۇنەۋۋەر،
چۇن مېھرى زىيادۇر.
يوقتۇر بۇ جەھان گۇلشەنىدە ھېچ ئاگا مانەند،
گەر ئىستەسە ھەركىم.
نەققاشى ئەزەل ئىلكىدە بولمىش چۇ مۇسەۋۋەر،
جانلاركى فىدادۇر.
يا رەب، نەفەسى ئايرىما يادىڭنى دىلىمدىن،

كىشىكى مەي بىلە سىير ئۇلسە ئاب ئىستەرمۇ ،
چۇ تاپسە باغ ئارا گۇلنى گۇلاب ئىستەرمۇ .
نىدا ئىشتىسە كۆڭۈل يارىدىنكى ھەردەمىدە ،
جەۋابىدىن ئاڭا ئۆزگە جەۋاب ئىستەرمۇ .
كىشىكى ئالەمى ئۇمرى ئىچرە سەير قىلسە ئەگەر ،
بۇ نەۋئ ئالەم خەلقى ئىنقىلاب ئىستەرمۇ .
چۇ تاپسە ئىلمى لەدۇننى ، ئىلمۇ كەسب نەھاجەتتۇر ،
كىشىكى بەھرىنى تاپسە ھۇباب ئىستەرمۇ .
كىشىكى بىرنى تاپىپ مىڭ ھىساب تاپسەكى خۇب ،
كى تاپسە ئەكسىنى مۇنداغ ھىساب ئىستەرمۇ .
گەر ئۇلسە يار ۋىسالى ، بىھىشت كىرەك ئېرمەس ،
بىھىشتىنى ئاندا قويۇپ ئۇل ئەزاب ئىستەرمۇ .
ئېشتىسە نەغمە سۇراھىنى مۇغبەچە قولىدىن ،
مۇغەننى ئىلكىدە نەغمە رەباب ئىستەرمۇ .
غەرىبى تاپساڭ ئەگەر گۇل سەنبەرى غەم ئىستەمەگىل ،
چۇ تاپسە ئابى ۋۇزۇنى ، تۇراب ئىستەرمۇ .

## مۇخەممەس

نېتەي ، ئەي دوستلاركىم ، ئايرىلىپ مەن جانى جانىمدىن ،
بەدەن ئەشغالىدىن ھەم تەرك ئۇلۇپمەن خانىمانىمدىن .
كۆرۈپمەن سايەدەك زۇلمەتنى ھەردەم بۇ جەھانىمدىن ،
جۇدا بولغاچكىم ئۇل خۇرشىد يەگلىغ مېھرىبانىمدىن ،
بۇ ھىجران باغى نې ئۇلدى ئۇل ئاشۇبى زەمانىمدىن .

تىلەپ ئانىڭ ۋىسالىن ھاسىل ئۇلدى چۇن ماڭا فۇرقەت ،
نېتەي بەختىم ساڭا ۋەسل ئۇلغامەن دەپ بولدى بۇ كۇلفەت .
قۇۋاندىم بولغاچ ئۇل ھەردەم ماڭاكىم ئاھ ئىلە ھەسرەت ،
بولۇپمەن تۇرفە بۇ كىم شەمئى يەگلىغ دۇدىغە ئۇلفەت ،
چۇ كۆڭلۈم زاھىر ئەتمىش مۇنى ئۇل يەگلىغ نىھانىمدىن .

نە مەھۋەشدۇر ئۆزىگە بىر نەزەردە ئەيلەدى شەيدا ،
نەدىلبەر ئۇلمىش ئۇل كۆڭلۈمگە مېھرىن ئەيلەدى پەيدا .
نە گۇلدۇركىم ئاچىلمىش گۇلشەنى ھۇسن ئىچرەكىم رەئنا .
نە تۇبى ئېرمىش ئۇل جەننەتتە يوق ئانداغ قەدى زىيبا ،
نەچارە ئايرىلىپمەن ئۇشبۇ يەگلىغ دىلىستانىمدىن .

بىلەلمەم تۇشمىش ئانداغ [ باشىم ] ئۆزرە ئىشق سەۋداسى ،
كى سۇدىم بولمىش ئاندىن چۇن يولىدا ئىشق يەغماسى .
جەۋانلىغدە قويۇپ ، پىرلىغدە بولدۇم ئىشق رەسۋاسى .
سۆزۈم ئەيب ئەتمەگىز چۇن مەن بولۇپ بىر پىر ۋەسۋاسى ،
نە بەھرە ئىلتىدىمكىم بۇ ئۇقۇغان داستانىمدىن .

مەقسۇدۇم ئېرۇر ئول.

ھەم ئەيلەگىلۇ ئانى زەبانىدە مۇقەررەر،

ھەم خالى مەلادۇر.

ئەيلەكى تەماشا رىندە ئېلى باشىدىن ھەردەم،

چۇن ياستانىبانكىم.

مەيخانە ئۇچۇن جامى ئەگەر بولسە مۇدەۋۋەر،

كىم مەيغە گەدادۇر.

ئىزھار ئانىڭ دوستىغە دوستلىغ قىلا كۆرگىل،

پەيۋەستە غەرىبى.

ھەركىمگە بۇ دوستلۇغ دىلىدا بولسە مۇقەررەر،

ئۇل دوستغە فىدادۇر.



يېڭى خەت چىققان لەبىڭ شەھرىنى ئارمان ئەيلەرەم ،
ئوتتۇز ئىككى غۇنچەنىڭ بۇلبۇلى نالان ئەيلەرەم .
تىيرە كۆلبەمدە ئۈزۈمنى تۆت ئوتتۇز خانەدە ،
باشى ئون ، بىر تەن ، ئاياغ تۆرت قۇشدا مېھمان ئەيلەرەم ،
تۆرت يۈز ئەللىك قەفەس ئىچرە مۇرغ ساقلاب يار ئۈچۈن ،
باشى ئۈچ ، ئەللىك ئاياغ ، بىر تەننى قۇربان ئەيلەرەم .
ئالتى يۈزدۇر ، باشى بىر تەن ھىندۇيى گۇل ئۈستىدە ،
ئاياغى ئوتتۇز دۇرۇر ھەردەم فىدا جان ئەيلەرەم .
يەتتە باش ، سەكسەن ئاياغ ، ئوتتۇز بەدەنلىغ قۇش كەبى ،
تەلپۈنۈپ گۈل ئۈستىدە ھەر لەھزە ئەفغان ئەيلەرەم .
باشى ئېرمىشدۇر يىگىرمە ، ئالتى تەن ، يەتتى ئاياغ .
ئىككى جەللاد تۇئمەسىغە باغرىمە قان ئەيلەرەم .
باشى ئۈچدۇر ، قىرىق ئاياغلىق بىر تەنى بەد مەستكىم ،
كافىرى مۇغ ئىلكىدە ئالىدا جەۋلان ئەيلەرەم .
نۇقتەسى يەگلىغ غەرىبى تۆرت يەتمىش مېھرىغە ،
زەررەلىغ ئىزھار ئېتىپ تەختىدە پىنھان ئەيلەرەم .

# چىستانلار

بىر پەرى رويى كۆزۈمدىن ئۆتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن ،
تەلبە ئەيلەپ ئەقلىم ئالىپ كەتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .
باشى يەتمىش ، يۈز ئاياغ ، ئۈچ يۈز بەدەنلىغ قۇش كېلىپ ،
تەن توزاڭدا مۇرغ جان سەيد ئەرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .
بىر قەلەندەر ھىندۇ بەچچە خىرمەنى گۈل ئۈستىدە ،
رۇمغە مېھمان بولۇپ ئولتۇرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .
بىر قارا قۇش ئول زەمان ئۇچقاندا گۈلزار ئۈستىدىن ،
ئىككى ئاھۇ گۈل سەمەندە تۇرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .
يەتتە باش ، سەكسەن ئاياغ ، ئوتتۇز بەدەن مارى سىياق ،
خەم بولۇپ گۈل ئۈستىدە تەلپىنمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .
يار ۋەسفىدىن غەرىبى ئۆيدى رەشك ئەيلەپ رەقىب ،
لەختە ـ لەختە غۇنچەدەك قان يۇتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن .

مەي ئەيلەپ رەۋا مەزھەبىن تۇتتى كەڭ .
جۇ مەي نۇش ئېتىپ بارچە ئۇششاقلار ،
مەي ئىچمەككە ئەھۋالىمە بولدى تەڭ .
كەرەم ئەيلەگىل ، ساقىيا ، زارمەن ،
چۇ مەي قەترەسىغە تەلەبكارمەن .

قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان « پەرۋاز » ناملىق ژۇرنالىنىڭ 1988 ـ يىللىق سانىدىن ئېلىندى .



# تەرجىئبەند

كېتۇر ، ساقى ، ئول جامى ئايىنەرەك ،
مەن ئولدۇم خۇماردا ھەيرانۇ دەك .
كەرەم قىل ماڭا قەترە ئول جامدىن ،
مۇزىل ئەتكەي ئول مەي خۇمارىنى زەك .
ئېتىپ دەير بۇنياد ئۇچۇن بادە نۇش ،
ئاڭا كىردى ئۇل مۇغبەچە شوخى شەك .
ئالىپ ئىلكىغە جام دىلكەشنى ئول ،
ئارادا چۇشۇپ رىندلەرغە چۇ جەك .
ئانى نۇش ئەتمەككە چۇن جام ئولۇپ ،
كېلىپ ئالدىغە ئەھلى رۇمۇ فەرەك ،
بولۇپ جۇملە مۇشتاق ئاڭا ئىچكەلى ،
ئۇلار قىلدى مەن يەگىلىغ ئاندا دەرەك .
تۇتۇپ مۇغبەچە رەسمى مەيخورلىق ،
مۇغەننى چېكىپ ئاندە ھەم نەيۇ چەك ،
چۇ دەير ئەھلىدىن چىقتى ئاندىن خۇرۇج ،
ئانىڭ نەشئەسىدىن چۇ مۇم ئولدى سەك .
خەرابات ئەھلىغە ئول پىرى دەير ،

# سەبۇرى

مۇھەررىردىن : ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى XIX ئەسىردە ياشاپ ، ئىلمىي ۋە ئىجادىي مېھنەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ھەم يېتۈك ئەدىبىدۇر .

ئۇ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب ، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى ، ئۇنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى . ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ، نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىدى .

ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى زۇھۇرىدىن ھاكىمنىڭ تەۋسىيىسى ئارقىسىدا ئاممىباپ تىل بىلەن «مەقالات» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ . سەبۇرى 20 بابنى تەشكىل قىلغان بۇ ئەسىرىدە ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ، كىشىلىك جەمئىيىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، ئەخلاقىي پەزىلەت قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىدۇ ۋە تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ .

يەنە سەبۇرى ئۆزىنىڭ « 〈 سەددى ئىسكەندەرىي 〉 داستانى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى ئەسىرىنى يېزىپ ، ئۇنى نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتىنى يورۇتۇشقا بېغىشلايدۇ . بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سەبۇرىنى نەۋائىشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ .

سەبۇرىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن باشقا بىر دىۋانىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار . ئەمما ، بۇ دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . سەبۇرىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، گەرچە ئەدىبنىڭ

# سەبۇری

## سەبۇرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت روزى

# غەزەللەر

تەرەھھۇم ئەتمەدىڭ ، ئەي گۇل ، مەن شىكەستەگە زىنھار ،
ۋىسال بادەسىدىن ئەل چەكتى ، مەن غەمگىگە سازاۋار .
كۆكۈل مۇقەييەد زۇلفۇڭ ، ئەسىر نەرگىسى جادۇ ،
خەيال لەئلىڭ پەيۋەند ، جان قەدىڭگە گىرىفتار .
نىگاھىڭ ئەل سارى ، لېكىن بۇ خەستە تەغافۇل ،
ئەگەرچە شام ــ سەبا كويۇڭ ئىچرە زار ــ نىزار .
سەرەشكىم ئەتتى جەھان گۇلشەنىن بەھار ، تەزەللۇم
چېكىپ خەيال تەمەننايى قانىئ شوخ دىل ئازار .
ساچىڭ خەيالىدا ئولدۇم غۇبار دەشت ئارامەن مەن
غەرىبۇ بىسەرۇ سامان چۇ گەر دىيار پەدىدار .
جۇنۇن يولىغا تۇشتۇم يېتىشمەدى ماڭا مەجنۇن ،
نە مۇلك ــ مال ، دىيار دېدىم ، نە يار ، نە ئەغيار .
سۇجۇد كەئبە دەير ئەيلەسەم ئەگەر ئەجەب ئەرمەس ،

هايات باھارى خازان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى خەلققە مەڭگۈلۈك يادىكار قىلىپ قالدۇردى . ئۇنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى كۆپتىن بۇيان «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام » غا سىڭىنىپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇ «باياز» غا سەبۇرىنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

فەلەك ئاشۇبىدىنكىم مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي ،
جەھان زۇلمى ئۇلۇس بىدادىدىن بى ئېتىبار ئولغاي .
زىھى ئازادەئى مەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمراھ
نە مەندە خانۇ ـ مانۇ ، نە ماڭا يارۇ دىيار ئولغاي .
جەھان ئەھلىدىن ئەتمەك مۇددىئا مېھرۇ ۋەفا رەسمىن
دېمەكتۇر مېھر زەھرىدىن ھەياتىم ئۇستىۋار ئولغاي .
فەنا دەشتى سارى تۇشمىش ، سەبۇرى ، دوستلار زىنھار ،
دېمەيكىم ئىختىيار ئەتمىش ، ئاڭا نى ئىختىيار ئولغاي .

قولۇمدا ساغەرى سەھبا ، بېلىمدە رىشتەئى زۇننار .
دەمى نەشات مەيى ئەيشى بادەسى تۇتائالماس ،
سىپېھر دائىرە چەرخى نىگۇن گۇمبەزى دەۋۋار .
سەبۇرى ، يا قەدەھ ئىچ ، بولما پايمال مەلالەت ،
نەفەس غەنىمەت ئايا زەمانە تاڭلا نې ئوينار .



ھۇسنى دىلجۇيى ، كۆزى ياغماگەرى ئەقلىمى ھۇش ،
لەئلى جان بەخشى ، قاشى تىغى ، نىگاھى فىتنە جۇش .
ئىشق ئەسرارىن ئىشىتمەك ئىستەمەك ، ئەي ئەھلى دەرد ،
نۇكتەئىدۇر ھەيرەت ئەفزا ، قىسسەئى توپان خۇرۇش .
بىسەبات ئەرمىش بەنايى ئۇمر ، تەئمىرى ھەيات ،
دەم غەنىمەتدۇر پەياپەي جام چەك ، ئەي بادەنۇش .
تالىيىمىم دۇر سەرنىگۇن ، بەختىم زەبۇن ، دەردىم فۇزۇن ،
نى ئەجەب دىۋانەلەردەك ئەيلەسەم جۇشۇ خۇرۇش .
بۇ سەبۇرى ئىستەمەس ئىزز غۇرۇر ھەشمەت ، جەلال ،
گۇلخەنۇ فەقر ئىچرە ئۆرتەنگەي گەدائى جەندە پۇش .



نه بولغاي ، ئەي سەبا ، گەر سائەتى تەركى جەفا تۇتساڭ ،
تەلافى كاش يۈز نەۋمىد ئىتىپ بىر مۇددىئا تۇتساڭ .
ئەسرو خانەئى ۋەيران ، غەرىبۇ خاكسار ئۇلغۇڭ ،
نىگاھى خەنجەرۇ مىژگانى ناۋەك ، قاشى يا تۇتساڭ .
كۆيۈپ ئەفلاك ، ئۆر تەنگەي مەلەك ، تىترەر كەۋاكىبلار ،
چېكىپ ئەفغان غەم سەيلى شەرھى ماجەرا تۇتساڭ .
فەلەك بى مېھر ، دەۋران بىغەمۇ ، مەھبۇبلار بىباك ،
نە خۇشتۇربى خۇدۇ سەرمەست تەركى ماسىۋا تۇتساڭ .
تاپار ئەبھار سەيرسىز رىشتەئى مەقسۇد ئۇل سائەت ،
رەھى ئەجز ، تەرىقى فەقر ، ئايىنى فەنا تۇتساڭ .
جەھان جاھى جەلالى ئىستەمەن ، ئەي چەرخى كەجرەفتار ،
خاكسار بىخانۇ ـ مانۇ ، سەبۇرى بىنەۋا تۇتساڭ .

بۇ تۈن مەن ئېردىم ئول كافىرى ستەمگەر ھەم ،
تۈشۈپ يۈزى ئۆزە ئول كاكۇلى مۆئەنبەر ھەم .
يىتۇشتى ۋەقتىمەدىن نەقدىن ئالغالى تاكى ،
تۇتۇپ بىر ئىلكىدا سەھبا ، بىرىدە ساغەر ھەم .
قويۇپ قولاغىمە ئىلكىنى تۆكتى ئاغزىمە جام :
« سۈمۈر مەشام ئانى لاجۇرئە زار ئەبتەر ھەم » .
قويۇپ لەبىمنى مەي ئۈزرە تەركى ھۇش ئەتتىم ،
تۈشۈپ ئاياغىغە سەرمەست ئەجز پەرۋەر ھەم .
ئۆپۈپ ئۇزارىم ئۆزە تۆكتى شادلىغ ئەشكى ،
دېدى : « يۈزۈڭمۇ كى ئوت خاترەڭمۇ مەجمەر ھەم » .
سۇجۇد كەئبەئى مەقسۇددۇرۇر دېدىم ئۇشبۇ .
يوق ئېرسە ھەجر تۈنى يارۇتۇرغە ئەختەر ھەم .
تەكەللۇم ئەيلەدى كۆپ لۇتق بىرلە تاپتىم جان ،
مەسىھ نۇتقىدىن ئانداغكى خەستەغە مەرھەم .
سەبۇرى ، كافىرى مەست ئەسىر ئېسەم تاڭ يوق ،
نېدىنكى شوخ دىل ئازار كەلدى دىلبەر ھەم .

خىرام ئەيلەر ...... قاچانكىم كافىرى بەدخۇ ،
تىلەر قانىمنى ئول سائەت ئاياغىغا تۆشۆپ گىسۇ .
نىگاھى تىغ چەكمىش ، ئەي خىزىر ، ھەيۋان سۈيى تۇت تەرك ،
نېدىنكىم ئول شەھادەت جۇيبارىدىن ئىچەرمەن سۇ .
كۆڭۈل مىرئاتى ئىچرە جىلۋەگەردۇر لەئل جان بەخشى ،
مەسىھا ئۇرما دەم يەئنى مۇكەددەر ئەيلەمە كۆزگۈ .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

جەھانۇ جاھ جەلالى مېھر تۇشدۇر خابگاھىڭ ھەم ،
زەۋال ئولمىشدۇرۇركىم غەفلەتىڭ كەلمىش ئېغىر ئۇيقۇ .
زىھى ئازاد تەبئ ئېرمىش سەبورى دوستلار بەسى ،
غەرىبۇ خاكسارۇ ئاشىقۇ پەژمۇردە ھال ئەسرۇ .



# موللا قۇربان

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن : موللا قۇربان XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلىرىمىزدىن بىرى . ئۇنىڭ بىر قانچە مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلىرى شۇنداقلا « ئىمامى جەئفەرى سادىق » ناملىق داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . موللا قۇربان ئۆز ئەسەرلىرىنى 1854 ـ يىللاردىن باشلاپ 1871 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجاد ئەتكەنلىكى مەلۇم . شائىر خوتەننىڭ چىرىيە ناھىسىنىڭ نۇرى يېزىسىغا قاراشلىق « ئىماملىرىم » كەنتى ( ھازىرقى « بوستان » يېزىسى ) دە تۇغۇلغان . كىرىيە ، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەردە خېلى ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ ، ئىلىم تەھسىل قىلغاچ تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان .

شائىر موللا قۇربانىنىڭ ئۆمرى نامراتلىق ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ چىرىكلىكى ، مۇستەبىتلىكى ، ئاچكۆز ، زالىملىقى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا پاش قىلىنغان ؛ ئاۋام خەلقىنىڭ كۈلپەتلىك تۇرمۇشى ، ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن ؛ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان . شائىر موللا قۇربان رېئال تېمىلاردىن باشقا يەنە تارىخىي تېمىلاردىمۇ ئەسەر يازغان . ئۇنىڭ «ئىمامى جەئفەرى سادىق» ناملىق داستانىدا خوتەن ۋە ئۈچتۇرپاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەلەر ، جەڭلەر ۋە بەزى رىۋايەتلەر نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان .

موللا قۇربان شېئىرلىرى بەدىئىي جەھەتتە ، ئۇسلۇبى سادda ، ۋەزن جەھەتتە راۋان ، تىلى يېنىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . شائىر ھەر

# مولا قۇر
# بان

# موللا قۇربان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## مۇخەممەسلەر

### 1

ھەمدۇلىللاھ، ئەنتە مەھمۇدا ۋە نەھنۇ ھامىدا،
ئىننە رەببىلئالەمىن لىرزائىكە رۇھى فىدا،
يا ھەبىبەللاھ، ئەشفەق لىي ۋە ئەرھەم سەييىدا،
ئەشرەقەت مىن ئەكس شەمسىلكەئىس ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆردەپ جامدىن چىقتى سەدا.

ئەھلى تەھقىق جامۇ مەينى ئانداغ ئەتمىشلەر رەقەم،
ماسىۋايى مەينى ئول جامدىن ئەت ئەۋۋەل ئەدەم،
زايىل ئەتمەي ئاندىن ئانى دانىش ئىبرسەك ئۇرمە دەم،
غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسە زەڭگى غەم،
يوقدۇر، ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا،

ۋەھم دىگەردىن قەدەھ چۇفىدا نې بىر نۇقت خال،
ئاندا مەۋجۇد ئەتمەك ئانى غەيرى مۇمكىندۇر، مەھال،

خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، ئۆز ھېسسىياتىنى ، شۇنداقلا بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەرنى روشەن ، جانلىق ، چۇشىنىش- لىك ، مەنتىقىي جەھەتتە ساغلام ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن . موللا قۇربان ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن سۆيۈپ ئوقۇ- غان . ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ بارغان . ئۇنىڭ نەۋائىي غەزەللىرىگە يازغان مۇخەممەسلىرى مەزمۇن ۋە بەدى- ئىي سەنئەت جەھەتتە ئەسلى غەزەل بىلەن ياخشى ماسلاشقان . بۇنىڭدىن موللا قۇرباننىڭ بەدىئىي جەھەتتە خېلى پىشقان شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بو- لىدۇ .

موللا قۇرباننىڭ بەدىئىي مىراسلىرى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق توپلاپ ، نەشىر قىلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇر- ماقتا .

ئىختىيارىن ئېلكىدىن چۇن بەرمىش ئول مەيخاركىم ،
ئىشقىنىڭ زەئفىغە مەي نافىئ ئېرۇر مەنئ ئەتمەكىم ،
ئىشقدىن بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم ،
جامۇ [ مەي ] لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا .

ئىشق ئوتىنى خارۇ ــ خەسدىن دېمە ئۆرگەن دۇد ئېرۇر ،
يا خەلىلۇللاھغە سالغان ئاتەشى نەمرۇد ئېرۇر ،
مەي مەجازى مەستدىن مەدھۇشۇ يا بىخۇد ئېرۇر ،
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامى مەي مەۋجۇد ئېرۇر ،
بىلمەيىن نەفئ ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا .

مەخسۇسكىم ئەگمە سەن [ ئول ] خاسنىڭ تەخسىسدىن ،
نەفئىسىز ئېرسە گۇمانىڭ فەھمىنىڭ ناقىسدىن ،
كۆرسەڭ ھەرباردۇر بەشارەت جامى مەي باقىسدىن ،
تەشنە لەب ئۆلمە ، نەۋائى ، چۇن ئەزەل ساقىسدىن ،
« ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەلئەتشان ① » كېلۇر ھەردەم ندا .



① « ئەي تەشنالار ، ئىچىڭلار » .

لايىقى زەرفى مۇلەۋۋەس يوق كەبى ئابى زىلال ،
ئەي خۇش ئول مەيكىم ، ئاڭا زەرف ئولسە بىر سىنغال سەفال ،
جام ئولۇر گىيتى نەما جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا .

نۇھ ئۇمرىدە ئەگەر ۋەھدەت مەيىدىن تاپىلۇر ،
گەۋھەرى نايابىدىن بىر قەترەسى بىھراق ئالۇر ،
خانىمانىن تەرك ئېتىپ مەيسارىغە مەيلان قىلۇر ،
جامى مەي گەر بۇيلەدۇر ، ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر ،
يۈز جەھان ھەردەم نىسار ئول مەي ئۈچۈن مىلك جان فىدا ،

دەرگەھىڭغە جەمئ بولسە ئەھلى دىللار بىر نەچە ،
قىلغان ئېرسە جام تەي ئول جۇرئەتىنىڭ بارىچە ،
مەي زىيافەتدىن تەمانىنا قىلسە كۈندۈز يا كېچە ،
دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغالى ئەي مۇغبەچە ،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا .

فەيزى رۇھانى كۆڭۈلگە دەم ـ بەدەم ئەيلەپ نەزەر ،
جەزم قىلسە رۇھى جىسمانى بۇ مەيدىن سەر ـ بەسەر ،
ۋەجدى ھەيرەتدىن فۇتۇر يەتكۈرسە زىھنىگە ئەسەر ،
تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر ،
چېھرەئى مەقسۇد مەھۋ ئولغاي ھەمولدەم مائەدا .

ئىجتىنابى مەينى جەھلىڭدىن دىمىشسە ، ئەي ھەكىم ،

ئۆزۈڭدىن ئىزن ئاڭا يوق ، پەستلىك چاھىدا يوق ھەمرەھ .
سىفاتىڭ ئەدل ئېرۈر ، زۇلمۇ سىتەم شەئنىڭدە ① يوق ئىكرەھ .
ئىرادەڭ بىرلە تەقدىرىڭدىن ئولغاي ئىككى كۆن ئىچرەھ .
ئەگەر بولسە فەنا زاھىر ۋەگەر بولسە بەقا پەيدا .

پەدىدە ئەتتىڭ بەشەرنى ھەم مەلائىك ، جىننى ھۆكمۈڭدىن ،
تەنەئئۇم بىرلە قىلدىڭ ھەي بارىن ئېھسانۇ لۇتفۇڭدىن ،
سەبەپ چۈن گەنجى ئەسرارىڭ ئەيان ئەيلەرگە مۇلكۈڭدىن ،
بەھاز ئۇممۇھات ئولدىيۇ ، ئايا ، يوقسە سۇنئۇڭدىن ،
ئاتا بىرلە ئاناغە نې ئاتاۋۇ نې ئانا پەيدا .

بەشەر كۆپ خابى غەفلەتدە ، ئەمەس ئۆز ھالىدىن ئاگەھ ،
غەرىقى بەھرى ئىسيان شەر ئېرۈر ، نې فېئلۇ كارى بەھ ،
سىفاتى يەركەبى يەرنى كەرەم بەھرىغە سالساڭ ۋەھ ،
چۇ بەھرى رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسە دەريا بولماغاي خەسچە ،
نېچۈككىم جۇرم ئېلىدىن بولسە يۈز كوھى خەتا پەيدا .

تەئاللەللاھ ، زەبانىم زىكرىڭە ئەجز ئولمايىن نېتكەي ،
نە ئەقلىم بىرلە ھەمد ئايغايمەن ئۆز لۇتفۇڭنى يار ئەتمەي ،
غەرايىب قۇدرەتىڭنى فىكر ئېتىپ ھەيرەتدە جان كەتكەي ،
نەچەكىم بەھر ئىلە كان ئولسە سەندىن تەربىيەت يەتمەي ،
ئەمەسدۇر مۇمكىن ئولماق دۇررۇ لەئلى بىبەھا پەيدا .

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «سەئنىڭدە» دەپ يېزىلىپ قالغان .

## 2

فەلەك ، غەبراۋۇ ئەشيالارنى قىلدىڭ ، رەببەنا ، پەيدا ،
تۈمەن تۈرلۈك جەھانلارنى ، ئانىڭ ئىچرە جەھان پەيدا ،
ئەھەدسەن ، فەردسەن ، ئېرمەسكى سەندىن جۇز خۇدا پەيدا ،
نە سۇنئىڭدىن ئەجەب يۈزمىڭ جەھان بولماق يەنا پەيدا ،
نەمۇلكۇڭغە خەلەل يۈزمىڭ جەھاندەك بولسە نا پەيدا ،

ساڭا شەھلىق مۇسەللەمدۇر ، مۇفەخخىر بارچەغە قۇللۇق ،
زۇھۇرىغە ئەدەمدىن كەلدى ئەمرىڭدىن بارى مەخلۇق ،
ۋۇجۇدى زەررە سۇنئى قۇدرەتىڭدىن نې كەمۇ ئارتۇق ،
نە بىپايان جەلالى كىبرىيادۇر كىم تەفاۋۇت يوق ،
ئاڭا يوق ئىبتىدا پەيدا ، مۇڭا يوق ئىنتىھا پەيدا .

سىفاتىڭ لايەزالۇ لەميەزەل ، باتىنۇ زاھىر كىم ،
شەرىكۇ ئەيبۇ نۇقساندىن مۇنەززەھ تەيبى تاھىر كىم ،
ئەبۇدىيەت ساڭا ئىنسان قىلۇر ئىززەتلى فاخىر كىم ،
ئەزەل ھەم سەن ، ئەبەد ھەم سەن ، كى ئەۋۋەلۇ ۋە ئاخىر كىم ،
ئەگەر يۈز مىڭ جەھاندەك بولسە نا پەيداۋۇ يا پەيدا .

نەكىم دۇنياۋۇ ئۇقبا مەركەزىدە بەلگۈرۈر ، ئەي شەھ ،

## 3

رىسالەت شەھلەرىنىڭ تاجى بەلكى شاھىسەن ، ئەي مەھ ،
نەبۇۋۋەت خەيلىنىڭ ئەختەر مەھى تابان دۇرەخشەندە ،
ئىبەردى سەن كەبى رەھمەتنى ھەق ئالەم ئۈزە ناگەھ ،
بۇ نەۋئ ئولدۇم جەمالىڭ مۇسھەفىنىڭ سىررىدىن ئاگەھ ،
كى فىھرەستىندە بولدى ئىككى قاشىڭ ئىككى بىسمىللەھ .

ئوشۇل خىسلەتلەرىكىم سەندەدۇر ، ئەي مۇخبىرى سادىق ،
نە زىللىڭدىن نىشان رەئيىڭدە سانىڭ چەتر ئىدى فايىق ،
ئەتا قىلغان ئىكەن ۋەھھاب نې ھەددۇ ھىلمۇ دانالىق ،
قاشىڭغە قاب قەۋسەين ئايەتىدىن يوق نىمە لايىق ،
ساچىڭغە ھەم سەۋادى لەيلەتۇل - مىئراجدىن ئەسبەھ .

ئانىڭ ھەر تارى يەتمىش مىڭ مۇئاسىغە كىفايەتدۇر ،
گىرۇھىنى تۇتۇپ ئەھلى جەھىم ئاندىن چىقارىپدۇر ،
سەھايىف ئىچرە مەرقۇم ھەم كىتابلارغە ئالىغلىغدۇر ،
زەنەخدان ئىچرە گىيسۇيى كەمەندى گەر بۇ يەڭلىغدۇر ،
ئىرۇر ۋەسفىڭغە بەرسەم تەۋل ، يۇسۇف قىسسەسى كوتەھ .

دىگىلىكىم ئىشق سوزىدا مىسالى سەڭگۇ يەخ خەسدۇر ،

ئىبادى ئاسى ـ جافى تاڭلا مەھشەرگا[ ھ]ئارا ئولغاي ،
ھېساب ئالغاندا مەئيۇب ئۇزرلەر خۇد غەيبغە قولغاي ،
پەزىد ئولماس كەزاكەھنىڭ كىشىدە لەزز گەر سۇرغاي ،
نەۋائىنىڭ تىلىن ھەمدىڭغە گويا ئەيلەكىم ، بولغاي ،
ئاڭا ھەمدىڭ گۇلىستانىدا ھەردەم يۈز نەۋا پەيدا .



تاڭ ئېرمەسكىم ئۇلار بارى مۇلازىم كەلدىلەر ، سەن شەھ .

خۇجەستە زاتىڭ ئول ۋەقتىكى پەيدا قىلدى ئول ھادىس ،
كى قىلدى خىلئەتىڭنى ئايەتى لەۋلاكغە لابىس ،
ئىدى مۇمكىن ئەگەر مەئۋايىڭ ئولسە ئاسمان سادىس ،
ھېسەسسى ئەرز ئەگەر بولدى مەكانىڭ قەسر ئېرۇر بائىس .
ئەگەرچە لامەكان ئەۋجى ئىدى رەخشىڭغە جەۋلانگەھ .

ئۇرۇجۇڭ « ۋەززۇھا » ، ① « ۋەللەيل » ② بۇرھانى بىلەن ئايىن ،
جەمالىڭ سۇرەئى « ۋەششەمس » ③ كۆزگۈسى بىلەن ساكىن ،
بۇ ياب ئىچرە تەكەللۇم ئىنتىخاب ئەتسەم نېچۇك ئېركىن ،
رەسۇلدىن ھېچ رەھرەۋ ھەمرەھىڭ بولماق ئەمەس مۇمكىن ،
مەلائىكدىنچۇ سىررىڭدا نە رەھرەۋ كەلدى نە ھەمرەھ .



① ② ③ بۇلار « قۇرئان كەرىم » 30 ـ پارە ، 93 ـ سۇرە « زۇھا » ، 92 ـ سۇرە « لەيل » ، 91 ـ سۇرە « شەمس » قاتارلىق سۇرىلەرنىڭ باش سۆزى ، مەنىسى : ① چاشگا ۋاقتى ، كۈندۈز ، كۈن چىققان پەيت ؛ ② قاراڭغۇ چۈشكەن پەيت ، كېچە ، ③ قۇياش .

ھەم ئۇل سەۋدانى فىكر ئەتمەك ئۇلۇسغە لازىم ئېرمەسدۇر ،
تەھەممۇل قىلغاي ئانىڭ ھېرقەتىگە ئول نېچۈك كەسدۇر ،
سېنىڭ ئىشقىڭ نەۋائىغە ئىكى ئالەم ئارا بەسدۇر ،
ھەبىبۇللاھ ئاشقلىق ئاڭا گەرچە ھەد ئېرمەس ، ۋەھ ،

سېنى ئالەمغە ئىرسال ئەتتى ھەق قەۋمۇڭغە بارنى جەم ① ،
شەفائەتكە ئىجازەت بولسە نۇقرەت ئاندا مۇستەھكەم ،
چىقىپ جۇرم زۇلمەتىدىنكىم تەبارە بولماي ئول ھەمدەم ،
جەمالىڭ بۇكى مۇسھەفدۇر ، ھەدىسىڭ ھەق كەلامى ھەم ،
دەيئالۇر مۇسھەفى ناتىق سېنى ھەركىم ئېرۇر ئاگەھ .

چۇ ۋەسساق مۇئجىزە مېئراجى ئەۋسافىڭ بەيان قىلسا ،
فەساھەتدىن دەبان ھەر نەۋئىنى بىر يەردىن ئايرىتسا ،
سىفاتىڭ بىنىھايەتدۇركى لاتەئدۇۋۇ لاتەھسا ،
ھەدىسى فاك نۇتقى جان فەزايىڭدىن تاپىپ ئەيسا ،
كى ئەنفاسى تاپىپ ئەبرا ئەگەر ئەبرەس ئەگەر ئەكمەھ .

يەر ئەھلى خاھ سىپپىھر ئەھلى جەنابىڭغە ئېرۇر مەيلى ،
مۇئاسى ، مىسكىنۇ جەننەت ئەمەس ئۇل بولسە گەر ۋەيلى ،
قۇتۇلغاي سەندىن ئارتسە شەفائەت بەھرىنىڭ سەيلى ،
گەرئولسەتەختىجاھىڭئەرشفەرشئۆزرە رۇسۇل خەيلى

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا « ھەق » دەپ يېزىلغان . قاپىيە ئېتىبارى بىلەن « جەم » دەپ ئېلىندى .

جۇدائىكى دەرمان ئەمەس ھېچ نېمە ،
تەبىبا ، يەنە سەبردىن سۆز دېمە ،
كى بۇ شەربەتىڭدىن زەرەردۇر ماڭا .

ئاڭا تۇشمەسۇنكىم رەقىبلەر كۆزى ،
سەمائ ئولماسۇن غەيردىن ھەم سۆزى ،
ھەسەد رەنجىغە دارۇ بولغاي ئۆزى ،
دېمە ، مەينى تەرك ئەتكى ، ساقى يۈزى
بۇ كۆزگۇ ئارا جىلۋەگەردۇر ماڭا .

بۇ مەي ھەسرەتى بىرلە ھالىم زەبۇن ،
كى مەخمۇرى مەستىمغە دەفئى جۇنۇن ،
تەنىم پارە ـ پارە ، باغىر خۇنۇ خۇن ،
نەۋائى ئول ـ ئاي ھەجرىدىن تۇنۇكۇن
قاتىغ شامى تىيرە سەھەردۇر ماڭا .

## 4

زىھى ئىشق ئەگەر پۇر خەتەردۇر ماڭا ،
قەزادىن يازىلغان قەدەردۇر ماڭا ،
نەۋشتى ئەزەل خەيرۇ شەردۇر ماڭا ،
لەبىڭ سارى تاكىم نەزەردۇر ماڭا ،
ياش ئورنىدا خۇنى جىگەردۇر ماڭا .

نىھادىمغە چۇن ئىشق قىلدى زۇھۇر ،
كۆڭۈلدە جۇر ئېرمەس ھەزىنىدىن سۇرۇر ،
فىراق ئاتەشى سوزىدا باھۇزۇر ،
دىمە « مەندىن ئايرىل داغى ئۇمر سۇر »
كى ئول ئۇمر ئۆلۈمدىن بەتەردۇر ماڭا .

ئەسايى غەم ئىلكىمدە ، دالۇمدا دەلق ،
تەرەب شاد بابى دۇخۇلۇمدا غەلق ،
گۇزىدە ھەييەئى ئىشق ، ئاغزىدا ھەلق ،
قىلۇر ئەيب ئاشقلىقىم بارچە خەلق ،
ئۇلۇس ئەيبى ، ۋەھكىم ، ھۇنەردۇر ماڭا .

بۇ ئەسرار ئېرۇر ئايماغىل ھېچ كىمە ،
جۇھۇل ئالماغاي ھەرگىز ئاندىن شىمە

يانىم ئاستىدا فەرشىم سەڭگى دىزە بىرلەدۇر خارە،
دىلىم بىريان، تەنىم لەرزان ، كۆكۈل نالان تىلىم زارە،
باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم ھەجر ئوقىدىن يارە،
كۆكۈل بۇ يارەغە چارە تاپارغە تاپمايىن ئىمكان.

شەبى تارىك چۇن ئالەم زەمانى ھەم ئەمەس رەۋشەن،
ئانىڭسىز ئەدن خارىستانىكىم ئول بار ۋادى ھەم گۇلشەن،
قەنى ھىجران چېكىپدۇر بۇ ھەزىن جانىمغە مىڭ سوزەن،
فەلەك رەھزەن، زەمان دۇشمەن، بەدەن رەۋزەن ئۆزە رەۋزەن،
قالىپ جان ھەسرەتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان.

جۇدا گەر مەن ئۆزىدىن، يادىدىن دەۋر ئەتمەسۇن سائەت،
ئانىڭ ۋەھمى ماڭا دەۋلەت، ئانىڭ فىكرى ماڭا راھەت،
مۇتېئ ئەفئال ئىچرە مەدھىن ئايماغ بىھتەرىن تائەت،
نە ئەندۇھى مەلالىمغە بەلىيەت دەشتىدەك غايەت،
نە سەۋداۋۇ جۇنۇنۇمغە مەلالەت بەھرىدەك پايان.

خىرەدگەر ئەھلى بولساڭ نەفرىن ئەتمە ئىشقدىن، ئەي شەھ،
ۋەگەرنە بەرگۇچىسەن جانىغە جەللاددەك نىشە،
مەلامەتدەك ئانى قەتئ ئەتكەلى يوق تىيرى تەر بىشە،
زەئىفۇ دەردۇ غەم پېشە، نەھىفۇ مىھنەت ئەندىشە،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان، قەتىلى خەنجەرى ھىجران.

**5**

ئەمر چۇن شەككەر ئەفشانلىق قىلىپ بۇ نۇسخەدە چەندان،
تەكەللۇملار قىلىپدۇر نەۋئىۇ نەۋئ ئۇل بۇلبۇلى دەۋران،
ئاڭا زەممى سۇخەن قىلماق ئەدەبدۇر تەركى، ئەي قۇربان،
بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مىسىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قويۇندەك ھەر زەمان بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان.

مۇئەللەق دەر مۇئەللەق بۇ بەيابان ئىچرە بىئىمساك،
سىرىشكىمدىن سەرايەت ئېلتىبان رويى زەمىن نەمناك،
تەنىمدا قەشر ئەزمىم بار چۇ ئەلۋان ساغىرىلغان خاك،
تۈنۈم دەيجۇر [ر]، ئۆزۈم رەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك،
تىلىم لالۇ تەنىم بىھال، ئىشىم ئەفغان، سىرىشكىم قان.

سىپاھى غەم بىلەن ھەرشام ئېتەرمەن غۇسسەنىڭ چەڭگىن،
ۋەفاسىزلىقدىن ئەھۋالىمغە باقماس ئۇل دىلى سەڭگىن،
بۇ رەسۋالىقدا ئادەت قىلمايىن نامۇسنى يا نەڭگىن،
فىغانىمدىن فەلەك غەمكىن، سىرىشكىمدىن جەھان رەڭگىن،
نە ھەجرىم ئوتىغە تەسكىن، نە ئاھىم دۇدىغە پايان.

مەكانىمدۇر ھۇمايۇن تۇپراغى كويىدا ھەمۋارە،

# شەۋقى

باشىمدا شۇئلەئى ھىجران ، سۆزۈم ھەريان ، ئۆزۈم غەملىق ،
مۇشەۋۋەشلىك نىھايەتكىم ۋەلې ھۇشۇمدا كۆپ كەملىق ،
نە ئاقىلمەن ، نە دىۋانە ، نە مەجنۇنلۇق ، نە ئادەملىق ،
كۆزۈم نەملىق ، بويۇم خەملىق ، ئىچىم ئەندۇھۇ ماتەملىق ،
نە ھەمدەملىق ، نەمەھرەملىق تاپىپ بۇ مىھنەتى پىنھان .

بەدەنگە شۇئلەلىك مەنقەل سىفەت ئوتدۇر بۇزۇغ كۆلبەم ،
كى جىسمىم ئوت كەبى ئول ئوتنى ئوتغە ئەيلەمىشمەن خەم ،
يېتىپدۇر شىش جىھەتدىن ئۇزۋى ئەفكارىم ئۆزە بەرھەم ،
ماڭا نە يارۇ نې ھەمدەم ، ماڭا نە دوستۇ نې مەھرەم ،
ماڭا نە چارە نې مەرھەم ، ماڭا نە سەبرۇ نې سامان .

چۇ ئەزمى ئىشق ئېتىپ قەتئەن ئازارمەن راست راھىمدىن ،
كى رەھ تاپتىم ۋەلېكىن ئايرىلۇرمەن ئىززۇ جاھىمدىن ،
تونۇغلۇق بەرمەسە ئىشقىم شەھادەت سور گۇۋاھىمدىن ،
ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن ھەم ئاھى سۇبھگاھىمدىن ،
ھەم ئوتلۇغ دۇدى ئاھىمدىن قارارىپ كۆلبەئى ئەھزان .

ھەبىبىڭدۇر تەراۋۇت بەخش ئەگەر بولسە مۇھەببەت كۆپ ،
رىيازەت ئانچە كۆپرەكدۇر ، يۈز ئانچە ۋەسل قۇربەت كۆپ ،
نە ئارمان مەي مۇيەسسەردۇر ، ھەر ئانچە بولسە فۇرقەت كۆپ ،
نەۋائى بولسە مىھنەت كۆپ ، ئىچە كۆر جامى ئىشرەت كۆپ ،
نەچە بولسە سۇئۇبەت كۆپ ، قىلۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان .

بۇ شەۋقى كىتابىنىڭ مۇسەننىفى گوما قوشتاغلىق موللا مۇھەممەد رەسۇل بىننى موللا نەزەر ئەفىيەللاھۇ ئەنھۇ . ئول كىشىنىڭ قەلەم رىشھەسىدىن يېزىلغان ئىكەنلەر » دېگەن قۇرلار يېزىلغان . ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى بىلەن بۇ سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ئاپتورنىڭ يۇرتى گوما ناھىيىسى « قوشتاغ » كەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

قول يازما دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن . دىۋاندا غەزەللەر ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ . غەزەللەردىن باشقا رۇبائى ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەببەلەرمۇ بار .

شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا كۆپىنچىسى دىنىي تېمىدىكى شېئىرلار بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى شەرھلەيدۇ . لېكىن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارمۇ ، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، شائىر نوقۇل دىنىي تېما بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان . بەلكى ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۇنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىغان . شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى : « بۇ قول يازما شائىرنىڭ ھەممە ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق توپلام بولماستىن ، بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرىلا تاللىنىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن . شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ، دىۋانىنىڭ باشقا نۇسخىلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى .

قول يازمىدىكى ئەسەرلەر ، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، تىلىنىڭ راۋانلىقى ، قاپىيىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردە يېتىلگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ . قول يازما تەركىبىدە يەنە ئەرەب ، پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ

## شەۋقى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** « شەۋقى » تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي خەزىنىسىگە يېڭى بىر مەرۋايىت سۈپىتىدە تىزىلدى ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم بوشلۇقنى تولدۇردى .

« دىۋان شەۋقى » ناملىق قول يازما يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يولداش ھەببۇللا مۇھەددىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن تېپىلغان . بۇ قول يازما 32 فورمات ، 192 بەت بولۇپ ، كۆچۈرۈلگەن قەغىزى ۋە مۇقاۋىلىنىشىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قايتا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن . ئاپتور « دىۋان » دىكى « تارىخ » رادىفلىق بىر غەزىلىدە ئۆزى توغرىلىق تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ :

بەيان ئېتەي ھەمە ئۆمرۈم بەناسى ئان تارىخ
مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇبان ھىجرەتى شەھان تارىخ

ئۈچۈنجى يۈزدە تۇغۇلدۇمكى ئىشقىنىڭ باشىغە
باشىگە يەتمىش ئېرۇر ئۇشلاغان زەمان تارىخ ،

مۇسەننىف ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بەنامى رەسۇل ،
پەيەمبەر ئىسمىغە چۇن فەخر ئېتەر جەھان تارىخ

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئاپتورنىڭ ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بولۇپ ، ھىجرىيە 1270 ـ ( مىلادى 1853 ـ ) يىلى تۇغۇلغان . كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا كاتىپ تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان بىر پارچە قەغەزگە : «

## شەۋقى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

## غەزەللەر

دەلىلى سانىئى ئالەمگە ئىسپاتى جەھان پەيدا ،
خۇدايى مېھرىبانىم ئاشكاراۋۇ نىھان پەيدا .
جەھان ھادىسلەرىغە لازىم ئولماقدۇر كى مۇھدىسدىن ،
ئۆزىچە بولماغاندۇرلار زىمىنۇ ئاسمان پەيدا .
زىھى قۇدرەت ئەدەمدىن ئەيلەبان مەۋجۇد مۇئەددەمنى ،
ياساپ سۇرەتلەرىن ھەررەڭ تەن ئىچرە تازە جان پەيدا .
كۆرۈنمىشلەر جەھان ئەيۋانى ئىچرە رەڭ – بەرەڭ گۇللەر ،
ئاچىپ ئىبرەت كۆزۈڭ ، كۆرگىلكى ياخشى باغبان پەيدا .
قاراپ كۆرگىل ، تەمام ئۈنمەككە بىر ئۈندۇرگۇچى لازىم ،
ۋۇجۇدى دانەئى گەندۇمغە ئىسپاتى سەمان پەيدا .
جەھان رەئنالار مەئشۇق ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتكەچ ،
قىزىلگۇل ئەشكى خۇندىن سەفھە رۇخسارىغە قان پەيدا .
چۇنان ئاشىق ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن ئارزۇ ئەتكەچ ،
چىقىپ سەۋتى سەداسىدىن تۈمەن تۈرلۈك فىغان پەيدا .
تەرەننۇم ئەيلەگەيلەر گۇل يۈزۈڭ شەۋقىدە بۇلبۇلار ،

خېلى ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن «دىۋان شەۋقى» خەلقىمىزنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر نۇرلۇق مەرۋايىت.

بىز يېڭىدىن تېپىلغان «دىۋان شەۋقى» ناملىق ئەسەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تۈركى تىل بىلەن يېزىلغان ئازغىنا بىر قىسىم غەزەللىرىنى تاللاپ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلدۇق.

زىھى لۇتفۇڭ نەسىمىدىن ئاچىلمىش بىر گۈلى رەئنا ،
تەرەننۇم چەكتىلەر كىم ھەرتەرەفدىن بۇلبۇلى شەيدا .
جەمالى شەمئىدىن سالمىش جەھانغە رەۋشەنالىقنى ،
ئۆزىن ئۇردى ئوت ئىچرە ئاشىقى پەرۋانەلەر گويا .
مەزەللەت خاكىغە سۇرتۇپ يۇزىنى ، يىغلابان مەجنۇن ،
نىچۇككىم بولماغايلار سەن كەبى ئالەمدە بىرلەيلا .
چۇنان ئەۋۋارەيۇ سەرگەشتە دۇرلەر ۋامىقۇ فەرھاد ،
نىسار ئەيلەپ جانىن ھەردۇ ئەجەب شىرىن ئەجەب ئۇزرا .
زىلەيخانىڭ ۋۇجۇدىن كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدىلار ئاخىر ،
شەرارى ئىشقىدىن ئول شاھى كەنئان يۇسۇفى بەرنا .
گۈلىستانى ئىرەم ئىچرە ئەجايىب شەھپەرىدۇرسەن ،
سەنەۋبەر گۈلپەرى ئىشقىدا بۇلبۇل ۋالەۋۇ شەيدا .
فىراقىڭ شىددەتىدىن قان يۇتۇپ سەيفۇلمۇلك يىللار ،
بەلا دەشتىنى قەتئ ئەيلەپ كېچىپ جاندىن تاپىپ جانا .
سەدا كەلمىش ئەزەلنىڭ تۇتىسىدىن جانفەزا لەۋلاك ،
تۇفەيلىڭدىن ياراتمىش ئەرشى كۇرسى جەننەتۇل ـ مەئۋا .
پىتىشكەچ ئىلتىفاتى يا مۇدەسسىر يا مۇزەممىل قۇم ،
بىمىئراجى ۋۇجۇدەش نەسسى سۇبھانەللەزى ئەسرا .
ئول ئاخشام بولدىلار ئاي كۈن يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن مەھرۇم ،
ئۇرۇج ئەيلەپ مەقامىڭ قابى قەۋسەين تاكى ئەۋئەدنا .
سىنىڭ ھۇسنۇڭنى كۆرگەچ ئاي خىجالەتدىن بولۇپ پارە ،

كېلىپ قالغاي دىبان مەجنۇن ، ئاراغە لەيلى جان پەيدا .
قۇياش رەڭگىغە ئەكسىمدىن قىزارماق گاھى سارغارماق ،
تەلەتتۇق بىرلە قەھرىڭدىن قىزارماق زەئفىران پەيدا .
ھەۋادىسغە مەھەلسىز قايىم ئولماق مۇمكىن ئېرمەسدۇر ،
مەكان ھاجەت ئەمەسدۇرلەر قەدىمغە لامەكان پەيدا .
مۇيەسسەر ئولسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە ،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا .



ئايا مەھبۇب يولۇڭغە دۇررى ئەشكىمنى نىسار ئەيلەب ،
تەسەددۇق ئەيلەسەم مۇڭلۇغ باشىمنى خار ـ زار ئەيلەب .
كەرىم سائىلنى مەھرۇم ئەيلەمەسلەر دەپ ئۇمىد بىرلەن ،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە سەن ئەزىزنى ئىختىيار ئەيلەب .
ئۇلۇغ خىزمەتلەرىڭ بەرجا قىلالماسلار ھەمىن ئاجىز ،
ۋە لېكىن تاقەتى يەتكەنچە ئەمرىڭ گۇشىۋار ئەيلەب .
ئەزەل دېھقانى كەلگەيلەر زەمىنى شور ئۇزە شايەد ،
ئىنايەتدىن بېرىپ ئىسلاھ زىھىكىم سەبزەزار ئەيلەب .
ئۇمىددۇركىم سۇ بەرگەيلەر دەرەختى نەۋ نىھالىڭغە ،
چۇنان دەريايى رەھمەتدىن زىھىكىم مېۋەدار ئەيلەب .
ئېلىپ بارغىل ۋۇجۇدۇڭ رەختىنى بازارى مەھشەرگە ،
كەساد ئولماسدا رەختىڭ ئانچۇنانكىم ئېئتىبار ئەيلەب .
رىيازەت بۇتەسىن ئىچرە جەسەت زەڭگىنى مەھۋ ئەتكىل ،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەب .
فەنا دەشتىغە يۈز كەلتۈر بەقا ھاسىل ئۇمىد بىرلەن ،
بارۇرسەن تاڭلا مەھشەر ئىززۇ نازۇ ئىفتىخار ئەيلەب .
سەئادەت سەرنەۋىشتى فەزلى ھەقدىن بەخت يار ئولسا ،
كېلەر ئالدىڭغە جەننەت ھۇرۇ غۇلمان ئىنتىزار ئەيلەب .
يېتەرمۇ بىر كەمىنە خەستەگە بۇيى ۋىسالىڭدىن ،
دىگەچ شامۇ سەھەرلەر ئەشكى خۇندىن جۇيىبار ئەيلەب .
ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرىمدۇر جانى جانانىم ،

قىزارغاندىن قارالىقغە يېتىشكەچ داغ ئىلە بۇرجا .
رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن ھەر سارى يۈزمىڭ سەف ،
سالىپ ھەرسەف شەياتىن مۇلكىگە تاراج ئىلە يەغما .
شىكاف ئەيلەپ فەلەكلەر سىينەسىنى دۇدى ئاھىدىن ،
تىلەپ ئۇممەت گۇناھىن ئەشكى خۇندىن مەۋج ئۇرۇپ دەريا .
خىتابى يامۇزەممىل قۇم شەھىنشەھ گۇشۋار ئەيلەپ ،
شەكەرخابىن بۇزۇپ ئۇلمىش ۋەرەم ئۇممەت غەمىدە پا .
بەيان ئۇلمىش يۈزۈك خۇرشىدىدىن ۋەششەمسى تەفسىرى ،
ساچىڭ سەۋداسىغە ۋەللەيلى سابىت ئەيلەمىش سەۋدا .
نىدا كويۇڭدا ئۇرمىش « سەۋفە يۇئتىكە فەتەرزا » نى ،
رىزالىق ئىزدەبان مەئشۇق ھىمىن ئاشىق خۇداۋەندا .
ئەلەم نەشرەھ رىسالەت نۇرئىلە سىينەڭنى يازمىشكىم ،
خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا .
كەرەم كۆرگۈز ئىنايەت ئەيلەبان يا ئەھمەدا قۇلغە ،
سىپىنىڭ ئۇممەتلەرىڭدىن بىر قۇلى كىم رۇسىيا گۇمراھ .
نەسىمى ئىلتىفاتىڭدىن نەسىب ئۇلغايمۇ شەۋقىغە ،
يېتىشكەچ ئۇمرى شۇبھى شام ئارا زۇلمەتدە ۋا شەۋقا .

« جەھان بەقاسىغە يوقتۇر بۇ گۇلشەن ئىچرە سەبات ،
ئەجەب سەئادەت ئېرۇر چىقسە ياخشىلىق بىلە ئات »[1]
ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئېرۇر ھاسىل ،
ئۇلانسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابىھەيات .
گۇناھ باشىغە قوشۇپ تۇتكى باشدىن ئىستىغفار ،
ئۇلانسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئولدىلاركى نەجات .
مۇيەسسەر ئولسە ساڭا قەلبى يار ھەمدەمدىن ،
چىقارمە قولدىن ئەگەر بولسا ئەقلۇ ئىدراكات .
ئەگەرچە قوي سەرى مەھرەمنى قەلب ھەمدەمگە ،
كۆتەر كەرەم بىلە ھەمنى تاپىلغۇسى دەرەجات .
رىزا باشىنى سۇئالىڭغە ئەيلەسەڭ رەھبەر ،
سۇئال ئىچىندە كۆتەر سەرۋى قامەتىڭنى پات .
مۇراد ھۇسۇلى كىبرەك تاشلا گىردى راھەتدىن ،
مۇراد چۆرەسىدىن ئۇشلار ئاندا دۇر سەمەرات .
يېتىشسە ھەرنە خۇدادىن قەنائەت ئەيلە بەجان ،
ئەمان ئاياغىنى تۇت لۇقمە بىرلە ماددە ھەيات .
تەمەئ قىلۇر كىشى تويماس چۇنانچە ھەرفى تەمەئ ،
قەنائەت ئەھلى غەنى ۋەسفى بىرلە مەشھۇرات .
ئۇ جۇملەدىن بىرى يەتمىش باش ئىلە ئەللىك تەن ،
ئاياغى يۈز بىر ئېرۇر ئەمرى قەلبدىن بۇ نۇكات .

---

[1] بۇ بېيىت ئەلشىر نەۋائىينىڭ .

ۋەفاسىغە خىلاپ ئەتمەس غەرىبنى شەرمىسار ئەيلەب .
مۇھەببەت شەربەتىدىن بىر قەدەھ سۇنغىل ، ئايا ساقى ،
ئۆزۈگدىن ئۆزگەدىن ئۈزگىل ئۆزۈڭگە بەر قارار ئەيلەب .
تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى ،
ئۇمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ خىلۋەتىدىن ئۆزنى خار ئەيلەب .

تاشلابان قويدى جەھان زىندانىغە يارىل غىياس ،
ناز ئىلە قىلماس نىگاھى چەشمى خۇمارىل غىياس .
تۇرفە يەڭلىغ بىۋەفالىغ شىۋەسىن كۆرگۈزدىلەر ،
ساچى سۇنبۇل قەددى شەمشاد چېھرە گۈلنارىل غىياس .
رەھم قىلماسلار غەرىب بىچارەنىڭ ئەھۋالىغە ،
سەرۋى ئەر - ئەر ئۇدۇ ئەنبەر مۇشكى تاتارىل غىياس .
ئىلتىفات ئەيلەپ رەقىبلەرگە ماڭا بىر باقمادىڭ ،
ھەم رەقىبلەر ئۇلمادىلار مەن كەبى زارىل غىياس .
مېھرىبانلىق كۆرگۈزۈرسەن ئۆزگەلەرگە لۇتف ئىلە ،
بولماغاي بىر مەن كەبى بەختى قارا خارىل غىياس .
« بۇ مېنىڭ شۇم تالىئىمدىن يار باقمايدۇر ماڭا »①
ئۇشبۇ دۇرمۇ گۈلپەرىنىڭ شەنىگە كارىل غىياس .
ئىزدەسەڭ ئاخىر تاپارسەن بولماغىل ھەرگىز مەلۇل ،
سىدقى ئىخلاسىڭغە لايىق ھەرنە تەييارىل غىياس .
سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەس ھېچكىشى ؛
سەن ئەگەر خار ئەيلەسەڭ ھەريەردەدۇر خارىل غىياس .
خىزمەتى شايەستە قىلغىل ھىممەتىڭ تۇتغىل بەلەند ،
بىر كىفايەت جۇملىدىن مەقبۇلى جەببارىل غىياس .
ماسىۋادىن ئۈز كۆڭۈلنى شەۋقى دائىم يىغلاغىل ،
ۋەئدە بەردى ئەينە ماكۇنتۇم دىبان يارىل غىياس .

① بۇ مىسرا « دىۋان نەۋبەتى » دىن ئارىيە ئېلىنغان .

تەمەئ باشىنى ئۈزۈپ تاشلا ئەھرىمەن باشىغە ،
ئۈزۈلسە قۇيرۇغى ئولغاي دىلىڭ ئەجەب مۇشكات .
تاشىڭنى سۇ بىلە پاكىزە ئەيلەگىل كى چۇنان ،
ئىچىڭنى تەۋبە ئىنايەت سۈيى بىلەن ھەسەنات .
دىلىڭنى يادى خۇدا بىرلە ئەيلەگىل مەمنۇن ،
تىلىڭنى ئىلمۇ ئەمەل سەفھەسىدە قىل ھەرەكات .
تەزەررۇئ ئەيلە خۇدا دەرگەھىغە باش قويۇبان ،
ئىجابەت ئەيلەسە شايەد كەرەم قىلىپ دەئۋات .
جەنابى ھەق سارى قىلغىل مۇدام ئىستىغفار ،
تەرەھھۇم ئەيلەسە شايەد كۆتەرسەلەر زۇلمات .
مۇسەققەل ئەيلەسە لاتەقنەتۇ بىشارەتىدىن ،
ۋۇجۇد زەڭگىنى مەھۋ ئەيلەبان قىلىپ مىرئات .
ئەجەب ئەمەس كەرەمىدىن ئەتايى شەۋقىغە ،
خۇدايى رەببىيۇ ھەسبى قازىيۇل ــ ھاجات .



بەقا يوقتۇر جەھان ئەھلىگە كۆرگىل كىم جەھان ھادىس،
ۋەفا يوقتۇر زەمان ئەھلىگە بىلگىل كىم زەمان ھادىس.
جەھانغە ئېئتىماد ئەتمە، ھەزىن كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
خۇدا غەيرىنى ياد ئەتمە، كېتەرسەن بىگۇمان ھادىس.
بۇ ئالەم خانەئى مېھمانۇ بىز مېھمانى ھەقدۇرمىز،
بۇلۇپ مېھمانى بەشكۇنلۇك كېتەرمىز جۇملە جان ھادىس.
ئۇمىد ئولدۇركى ساھىبخانەدىن ئەئزاز كۆرگەيمىز،
چەرا تەئزىمى مېھمان رەسمى ئادەت خۇيى شان ھادىس.
ئەمانەت قويدى بىزگە ئەمرى ـ مەئرۇف، نەھيى ـ مۇنكىردىن،
خىيانەت قىلماساق ئازار يەتمەسلەر چۇنان ھادىس.
خەراباتى ئۇمىد ئەتمە جەھان ئەھلى ۋەفاسىدىن،
نىھايەتسىز كۆرەرسەن ئىككى ئۇچ كۈن ئىككى نان ھادىس.
ئىشەنمە خاتۇنۇڭغە، ئايماغىل سىررىڭنى سەن ھەرگىز،
خۇسۇسەن بىۋەفالىق بابىدا تەنھا زىنان ھادىس.
مەئىشەت كەگرۇلىكدىن دەۋرى قىلغاي ئەھلى فەرزەندىڭ،
ئەگەر تەڭ كەلسە ھالىڭ باقماغاي نامېھرىبان ھادىس.
مەلال ئولماس تىلەكدىن ھەرنە مەقسۇد ئاندا ھاسىلدۇر،
تىلەپ ئالغىل چىقىپ كەتمەستە تەندىن مۇرغى جان ھادىس.
بېرىپ رىزقى فەراۋان كىبرۇ تەرسا، ھىندى، كافىرغە،
قاچان مەھرۇم ئېتەر دوستلارنى خەللاقى جەھان ھادىس.
ئۇمىدىڭ قەتئ قىلغىل ماسىۋادىن زەۋق ئىلە شەۋقى،
ھەمىشە زىكرى مەيدانىدا ئويناتغىل زەبان ھادىس.

ئۆتكەسەن ئاخىر جەھاندىن يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس ،
كار قىلغىل ، خەير قىلغىل ، يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
ئاخىرەتنىڭ مەزرەئىدۇر ئەسلى بىلسەڭ بۇ جەھان ،
قۇللۇغۇڭنى سابىت ئەيلەپ يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
ھەقنى ياد ئەتكىل ھەمىشە ، بولماغىل غافىل چۇنان ،
كۆرگەسەن ئەجرىڭنى ئاندىن يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
مېھرى دۇنيا قەيدىگە بەند ئولماغىل جەھد ئەيلەگىل ،
ئۆز كۆڭلىنى ماسىۋادىن يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
باخەبەرسەن ئىلگەرى ئۆتكەنلە قايتىپ كەلمەدى ،
ئىبرەت ئالغىل ئاچ كۆزۈڭنى يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
كەتتىلەر ئادەم سەفىدىن تامۇھەممەد مۇستەفا ،
بارغۇمىز نەۋبەت ـ بەنەۋبەت يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
مېھرى دۇنيادىن ئۆزۈلمەي قولغە كەلمەس ئاخىرەت ،
ئوت بىلەن سۇ جەمئى كەلمەس يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
جەمئى كەلمەس كۇفرى ـ ئىمان ، كېچە كۈندۈز قىشۇ ياز ،
ھۇسن قەبھۇ ئىلمۇ جەھل ھەم يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
كۇفرۇ ئاتەش سەردۇزەشتۇ جەھلى دۇنيا تەمسىلى ،
زاھىرى خوب زەھر قاتىل يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
ئۇمرى نەقدىن بىۋەفا دۇنيا ئۈچۈن سەرف ئەتمەگىل ،
بىر كەفەندىن ئۆزگە قالغاي يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
خاھىش ئەتسەڭ ئاخىرەتنى زۇھد تەقۋا ئەيلەگىل ،
تاجىر ئول دۇنيالىق ئەتسەڭ يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .
خالىساڭ دۇنيا بىلەن ئۇقبانى ، ئەي شەۋقى ھەزىن ،
دىن ئۇلۇمىن ھاسىل ئەتكىل يۇرمەگىل ئۇمرۇڭ ئەبەس .

بەھار كۈنلەرى كەلمىش كېتىپ زىمىستان چەرخ ،
ساۋۇقنى شىددەتىنى يوق قىلىپ تابىستان چەرخ .
خۇدايى ھەردۇ جەھان خەلق ئېتىپ ئۇن ئىككى بۇرۇج ،
ئەسەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشاماس بۇ دەۋران چەرخ .
تاپىپ كەۋاكىبدىن تەربىيەت فەۋاسىللەر ،
ھەزار نەشئۇ نەما لالەزار بوستان چەرخ .
بۇ فەسل نەشئەسىدىن رەڭ ـ بەرەڭ تەماشالار ،
جەھاننى سەفھەسىگە كەلتۈرۈپ نەمايان چەرخ .
ئىرادەئى ئەزەلىدىن بۇ چەرخ سەرگەردان ،
سىرىشك ئەبرىسىدىن قەترە ـ قەترە باران چەرخ .
ھەمىشە يىغلاشىبان گۈل يۈزىگە بۇلبۇللار ،
چەمەن ئىچىدە كۆرۈپ رەڭ ـ بەرەڭ گۈلىستان چەرخ .
ئوت ئىچرە سالمىش ئۆزىنى خار ـ زار پەرۋانە ،
جەمالى شەمئىسىدىن جىلۋەگەر شەبىستان چەرخ .
بىرەۋنى مەسنەد ئىززەتدە نازۇ ئىستىغنا ،
بىرىنى قىلدى گەدا ۋۇ بىرىنى سۇلتان چەرخ .
بىرىنى ئەيلەدى جەمشىد ، بىرىنى ئەفرىدۇن ،
بىرىنى قىلدى سىكەندەر ، بىرىن سۇلەيمان چەرخ .
بىرىنى ئەيلەدى فىرئەۋن ، بىرىنى قەيسەررۇم ،
بىرىنى ئەيلەدى دارا ، بىرىنى خاقان چەرخ .

ھەق تەلەب سەن تىنمايىن ھەق سارى قاچ ،
دۇررى گەۋھەرخانەگە دەرۋازە ئاچ .
بەرمەگىل قولدىن قەنائەت گەنجىنى ،
بولغۇسى ئول گەنجى رەنجىڭگە ئىلاج .
ھەرنە يەتسە ھەق تەرەفدىن شۇكرى قىل ،
جانۇ ئىمانىڭغە ئول بولغاي رەۋاج .
فەقر دەردىگە چۇنان سەبر ئەيلەگىل ،
پادىشاھ ۋەيرانەدىن ئالماس خىراج .
بەردىلەر ئەلفەقرۇ فەخرىدىن خەبەر ،
ساھىبۇل مىئراجى ئول لەۋلاك تاج .
گەنجى تاپساڭ تۇت ئانى ئەلدىن نىھان ،
نەفسى شەيتان ئوغرىسىدۇر قاچ ـ قاچ .
بولماغىل كەجلەر ئىشگىدە گەدا ،
راستلىقنى پىشە قىل ساھىب رەۋاج .
تەلمۇرۇپ تۇرغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق ،
ئەل قولىغە پارە نان بىرلەن ئۇماچ .
كەسب قىل كاسىب ھەبىبۇللاھ بىخان ،
بەندە كاسىب ھەق سارىغە ئېھتىياج .
بەندە كەسب ئەيلەپ سەبەبكار ئولغۇسى ،
فەزلى قىلغاي بەندە قىلغاندىن لەجاج .
كەسبدىن رىزقىنى كۆرمەك كۇفرىدۇر ،
ئىلمى ھەقدىن شەۋقى ياندۇرغىل سىراج .

بەيان ئېتەي ھەمە ئۇمرۇم بەناسى ئان تارىخ ،
مىڭ ئىككى يۈز ئۆتتۈبان ھىجرەتى شەھان تارىخ .
ئۈچۈنچى يۈزدە تۇغۇلدۇم كى ئىشقىنىڭ باشىغە .
باشىكى يەتمىش ئېرۇر ئۇشلاغان زەمان تارىخ .
ئۇمىد بىرلە بۇ ئۈچيۈز تەنىگە يەتكەي دەپ ،
ئاياغى يوقلۇقىدىن غەم بىلەن نىھان تارىخ .
يېتىشتى ئۇمر تەنىگە ئاياغى يۈز باشىغە ،
يىگىرمە ئالتە ئاياغىدىن ئۆتتۈپ ھەمان تارىخ .
مۇقەررەر ئەيلەدى تەھرىر نەزمە تارىخىن ،
ئاياغى كامىل ئەمەس نۇقس ئىلە چۈنان تارىخ .
كەمال ئولسە ئاياغ ئىشقىنىڭ ھوسۇلىدىن ،
يېتىشسە ئېردى بىدارىل ئەمان ئەمان تارىخ .
مۇسەننىق ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بەنام رەسۇل ،
پەيەمبەر ئىسمىغە چۈن فەخر ئېتەر جەھان تارىخ .
يېتىشسەلەرچە ئەجەب پەرتەۋى شەفائەتدىن ،
بىھەققى ھۇرمەتى نام پەيەمبەران تارىخ .
ئاياغى يۈز ، تەنى ئۈچيۈز ، باشى ئانىڭ يەتمىش ،
تۇشەر يەرى دىلى ۋەيران خەراب جان تارىخ .
قاناتى بەشيۈز ئەللىك بىر ئولمىش ئول قۇشغە ،
ئانىڭكى قۇيرۇغى تۆرت يۈز قىرىق ئول رەۋان تارىخ .
ئانىڭكى سايەسى تۇشمەس ئىزى بىلەن يەرگە ،

بىرىنى ئەيلەدى رۇستەم ، بىرىنى نۇشىرۋان ،
بىرىنى ئەيلەدى ھاتەم ، بىرىنى لۇقمان چەرخ .
بىرىنى بۇ ئەلى سىنا ، ئەرىستۇ ، ئەفلاتۇن ،
قىلىپ بۇلارنى ھەمە دەردلەرگە دەرمان چەرخ .
خۇسۇس ھەزرەتى ئادەم سەفى بىلەن ھەۋۋا ،
تەمام ئاندىن ئۇلۇپ كەلدى ـ كەتتى يەكسان چەرخ .
يېتىشتى دەۋر ـ بەدەۋر تا پەيەمبەرى ئافاق ،
ئاخىر قىلدى ئانى ھەق سارىغە مېھمان چەرخ .
جەمال گەۋھەرى يەكتاغە مۇنتەزىر بولۇبان ،
بېھىشت ھۇرى قەسۇر باغى ئالى رىزۋان چەرخ .
بىرىن ـ بىرىن ھەمە ياران سەفەر كېتىپ بارامىز ،
فەنا يولىدا بەقا ساھىلىغە غەلتان چەرخ .
فەنا يەلىگە ساۋۇرمىش ۋۇجۇد خىرمەنىنى ،
تەمامى ئەلگە نەدامەت بىلەن پۇشەيمان چەرخ
يول ئىككى ئايراشىغە ھەشرىگاھدە يەتكەيمىز ،
زىلالەت ئەھلىنى قىلغاي بۇ كۆندە ھەيران چەرخ .
ھەۋادىس ئالەمىدىن ئەندەكى بەيان ئۇلمىش ،
خۇدانىڭ زاتىنى ئىسبات ئېتەرگە بۇرھان چەرخ .
ئەرەنلەر ئۆزنى بەقا ساھىلىغە يەتكۈزمىش ،
ئۇمىدى شەۋقى يېتەر ئۆزنى قىلسا ۋەيران چەرخ .

گۆھەر ئورنىغە قالدىلار سەفال شەيخ .
تەنى مۇردار كۆزى ئەھۋەل شىغال شەيخ .
كۆرەرلەر بىرنى ئىككى پىر گۇمراھ ،
شەياتىن سەفلەرىگە زەردىۋال شەيخ .
بۇ دەئۋا بىرلە چىقمىش بىر تەرەفدىن ،
خاتۇنلار كەلتۈرۈپ ھەلقە رىجال شەيخ .
ئەرەنلەر بىرلە نامەھرەم خاتۇنلار ،
ئانى جەمئ ئەيلەمىش ئەھمەق قوپال شەيخ .
ھەرامدۇر ئۇشبۇ فىئلى نارەۋالار ،
شەرىئەت ھۇكمىدە چەندان ۋەبال شەيخ .
يەنە بىرسى چىقىپدۇر بىر تەرەفدىن ،
باشى گۇمبەز ، تەنى تاغۇ سەقال شەيخ .
مۇرىد ئەيلەپ جەھان ئەھلىنى ئۆزگە ،
مەنەم سەييىد ئۆزۈم ئەئلا كەمال شەيخ .
مەنەم دەريا دىگەر ئۆستەڭ ئارىقچە ،
بۇ يەڭلىغ مەئرىفەت ئەيلەر جەۋال شەيخ .
تەيەممۇم ئۆزگەلەر تەھارەت ئۆزۈم مەن ،
كەمالۇ كىبرىدىن ئايتۇر جەھال شەيخ .
ئەزازىل قىسسەسىنى ئىشتمەگەندۇر ،
ئەنا نىيەتدە مەلئۇن بولدى قال شەيخ .
تاشى مۇرشىد ، ئىچى دۇنيا تەلەبدۇر ،

بۇ قۇشنىڭ مەئنىسى مۇشكۇل ئەمەس ئاسان تارىخ .
بۇ قۇشنىڭ مەئنىسى ئاسان ئېرۇر بەسى مۇشكۇل ،
كىم ئىزدەگەي ئانى زاھىر ۋەلى نىھان تارىخ .
تەخەللۇس ئەيلەدى ئۇشبۇ كىتابىغە شەۋقى ،
بۇ قۇشنى شەۋقىدە ھەيرانۇ ئەرغۇۋان تارىخ .

دەرىغ ئۆمرى ئەزىزىڭنى ئەيلەدىڭ بەرباد ،
كېيىنگە يانماغۇسىدۇر نە سۇد ئاڭا فەرياد .
بەھار كۈنلەرى كەتمىش يېتىپ بۇ پەسلى خەزان ،
دەرەختى ئۆمرىن يۇلماقغە بىخ ئىلە بۇنياد .
تەن ئىچرە تاپمىش ئورۇن ئىككى دۈشمەن بەدكار ،
چېكەرمىز ئەرتەۋۇ ئاخشام ئانىڭ قولىدىن داد .
بولۇپ بۇ نەفس ھەۋاسىغە دائىما مەغرۇر ،
كېتەر باشىڭ بۇ قەدەر تاكى يەتسەلەر ھەشتاد .
جەھان يۈزىگە يامان قۇلسەن ئوخشە بىر كەلمەس ،
خۇدانى رىزقىنى يەپ غەيرىنى قىلۇرسەن ياد .
خۇدا جەنابىغە كۇفرانە نېئمەت ئەيلەرسەن ،
پەيەمبەرىڭ بىلە ئەسھابلار قىلىپ ناشاد .
خۇدانى زىكرىنى تەرك ئەيلەبان زەھى غافىل ،
ئوقۇرسە نەفسىڭ ئۈچۈن رىزقى بابىدىن ئەۋراد .
قاچانغە تەكرۇ بۇ نەفسىڭگە خىزمەت ئەيلەرسەن ،
نە يەردە تائەت ئول خالىقى جەھان ئاباد .
جەھانغە كەلمەگۇ كەتمەك بۇ بىزلەگە مىراس ،
بابايى ئادەمدىن سەن ئېرۇرسەن ئادەمىزاد .
كېتەر يولۇڭغە نەلازىم كۆزۈڭنى ئاچ ، غافىل ،
نەدۇركى تۇشەئى راھىڭ ئاخىرنى قىلغىل ياد .
ئەگەر يېتىشسە ئەجەل بىر نەفەس ئەمان بەرمەس ،

خەلايىق پۇللارىن قەستىدە ھال شەيخ.
پىرى بولسە شەرىئەتكە مۇۋافىق،
ئاچارلار جانۇ دىللارگە جەمال شەيخ.
پىرى ئىلمۇ ئەمەلدە بولسە كامىل،
ئانىڭ ئەمرىگە ۋاجىب ئىمتىسال شەيخ.
تەلەبدىن قالما شەۋقى ئىزدە رەبدىن،
دەرى رەھمەت ئاچىلغاي ئىرتىھال شەيخ.

دەرىغا ! قاسىدى كەلتۈرسە يارىمدىن نىشان كاغەز ،
تەلەيتۈق بىرلە مېھر ئەڭگىز سەۋادىدىن بەيان كاغەز .
دەرىغا ! ھېچكىم بىلمەس ئېسە ئەفتادە ھالىمنى ،
نىگارىم لۇتفۇ قەھرىدىن ئۆزۈم كۆرسەم ئەيان كاغەز .
نىگارىم ئىلتىفاتىدىن تۈمەن تۈرلۈك ئۈمىد ئەتكەچ ،
يېتەر دەپ ئۇك قولۇمدىن تۈرفە خوشلۇق ناگىھان كاغەز .
قەدەمبۇسۇڭغە چەشمى دىلفىگارىم ئىنتىزار ئولغاچ ،
مۇيەسسەر ئولسە ۋەسلىڭ دەۋلەتىدىن ئەلئەمان كاغەز .
كەرەم ئەيلەپ نىگارىم سەتر قىلغان ئەيبۇ نۇقسانىم ،
ئۆزىدىن ئۆزگىگە كۆرسەتمەگەيلەر دەپ نىھان كاغەز .
نېچۈك قىلغاي ئىشىكدىن قوغلاسە ئىتلارنى دەربانىم .
بۇ غەم بىرلەن يۈزۈم ئەكسىدىن ئولغاچ زەئفىران كاغەز .
خىجالەت بابىدىن ھەر كۈندە مىڭ تۈرلۈك ئاچىلمىشدۇر ،
بۇ رەڭگىمنى كىشى كۆرگەي دىگەيلەركىم : سەمان كاغەز .
ئۈمىد ئەتكەچ تۈشەر دەپ تارى زەررىن تىيرە كۇلبەمگە ،
جەمالى ئافتابىدىن سەفايى ئاسمان كاغەز .
ئەجەب ئېرمەس تەرەھھۇم قىلسە مەھبۇب شەۋقى ھالىغە ،
نەسىب ئولسە جەمالۇللاھ ھەياتى جاۋىدان كاغەز .

خىتاب زائىقەتۇل ـ مەۋت ئىلە لەبىل ـ مىرساد .
كىشىكى باخەبەر ئۇلدى بۇ يول خەتەرلەرىدىن ،
فەنا يولىدا بەقانىڭ ئۇمىدىدە جان داد .
نە ئىش ئۇچۇن كېلىپ ئېردىڭ جەھانغە ، ئەي غافىل ،
يىغىپسە مال خەسىس جەھان بىلە ئەۋلاد .
ئەجەل شەرابىنى ئىچمەسكە چارە يوق شەۋقى ،
ئەجەب ئەمەسكى بۇ قۇلنى خۇدايى قىلغاي شاد .



ئىشق ئەھلى ئىختىيار ئەتمەس بۇ ئالەم راھەتىن ،
مۇددەئاۋۇ ئارزۇيىش نىئمەتى دىيداردۇر .
بىئەدەبلىك ھەددىن ئاشتى ئىشق دەئۋاسىن قىلىپ ،
ئۇشبۇ يالغان بىرلە بارسام خالىقىم جەبباردۇر .
تەۋبە قىلغىل ، يىغلاغىل قىلغان گۇناھىڭ بىھىساب ،
مەغفىرەتكە ۋەئىد بەرگەن مېھرىبان غەففاردۇر .
ئەي خۇدايا ، رۇز مەھشەر قىلمە رەسۋا خەلق ئارا ،
شەۋقى ئەيىبىن مەھۋ ئېتەرگە سەن كەبى سەتتاردۇر .

دىلبەرا ، كويۇڭدا مەندەك ئاشىقلىق بىسياردۇر ،
كىم مېنىڭدەك فۇرقەتىڭگە مۇبتەلاۋۇ زاردۇر .
گۇل يۈزۈڭ شەۋقىدە چۇن بۇلبۇل تەرەننۇم ئەيلەسەم ،
باغرىمە زەخم ئەيلەمەككە خەنجەرىڭ گۇلخاردۇر .
چۆرۈلۈپ پەرۋانەدەك شەمئى جەمالىڭ چۆرىسىن ،
ئوتغە ئۇرماق قەستى بىرلەن ئۆزنى ئول ئەۋۋارەدۇر .
لەيلىجانىنىڭ بادەسىدىن ئىشقى مەجنۇن ئۆرتەنىپ ،
بىيد مەجبۇندەك ھەمىشە تولغانۇرغە زاردۇر .
تاغ ئارا زەخم ئەيلەدى فەرھاد شىرىن ئىشقىدا ،
جان فىدا ئەيلەرگە ئىسمائىل كەبى تەيياردۇر .
شاھى كەنئان ئىشقىدا ھەمچۇن زىلەيخا نەچچە يىل ،
يۇسۇفىم دەپ رۇزۇ شەب قان يىغلابان بىداردۇر .
ۋامىق - ئۇزرانىڭ شەرارى ئىشقىدىن ئۆرتەندىلەر ،
ھەم سەنەۋبەر گۇل پەرى ئىشقىدا چەندان خاردۇر .
ھەجر سەھراسىنى كەزمىش نەچچە يىل سەيفۇلمۇلك ،
شاھ پەرىغە ۋەسل ئولۇپ مەقسەد ئارا دىلداردۇر .
ئۆرەلۇر ئىشقى مەجازىدىن ھەقىقىغە ھەمىن ،
ئىشقنى ھەرف ئەيلەبان ئۆز جايىغە سەرداردۇر .
« سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەس ھىچ كىشى ،
سەن ئەگەر خار ئەيلەسەڭ ھەر يەرگە بارسا خاردۇر . » ①

---

① بۇ مىسرا مەشرەب غەزىلىدىن ئارىيە ئېلىنغان .

ۋىسال دەۋلەتىدىن نېئمەتى لىقا ئۇچرار .
تەلەبدە فەقر ھەقىقىنى ئىختىيار ئەتسەڭ ،
مەسىھ كەبى نەفس ئەين كىمىيا ئۇچرار .
شەفائەتى نەبىۋىيدىن ئەگەر ئۈمىد ئەتسەڭ ،
دۇرۇدنى زەۋق ئىلە ئەيتقىل كى مۇستەفا ئۇچرار .
ئۈمىد ئەيلەسەڭ ئاخىر شەفائەتى ئەخيار ،
چەھار يارى نەبى ئالى باسەفا ئۇچرار .
تەلەبدە زىكرى خۇداۋۇ رەسۇل بىلەن شەۋقى ،
خۇدا تەلەب كىشىگە ئاخىرى خۇدا ئۇچرار .

تەلەبدە بولساڭ ئەگەر ياخشى رەھنەما ئۇچرار ،
كۆڭۈلنىڭ زەڭگىنى ئاچقۇندەك ئاشنا ئۇچرار .
كىشىكى بولسە ئەگەر شەرئى بىرلە ئاراستە ،
ئىنايەتى ئەزەلىدىن جەھاننەما ئۇچرار .
تەلەبدە ھەمرەھ خىزرى ئىسكەندەر ئابىھەيات ،
بۇ يەڭلىغ بولسە كىشى دەۋلەتى بەقا ئۇچرار .
يەقىنلىق ئەيلەمەگىل ئەسلا پىرى ناقىسىغە ،
كى نىم دانە تاپالماي قولۇڭغە كاھ ئۇچرار .
تەلەبدە مۇسىيى ئۇمران كەبى تەجەللىدىن ،
نىشانە تور جۇدۇڭغە رەۋشەنا ئۇچرار .
سەبائىدا مۇرغى سۇلەيمان كەبى سەبا يۈر گىل ،
مەسائىدا مەتلەبى جان ئەينى مۇددەئا ئۇچرار .
تەلەبدە ھەمچۇ زىلەيخا سەبىت قەدەم بولغىل ،
مەدەد بىرىلسە بۇ بەختىڭگە مىسر شاھ ئۇچرار .
رىزا ، قەزاغە بەلاسىغە سەبرى كەلتۈر گىل ،
كى ھەمچۇ يۇنۇسۇ ئەييۇب زىھى دەۋا ئۇچرار .
تەلەبدە ئىزدەسەلەر ھۇسنى لەھنى داۋۇددىن ،
زەبۇر كەلامىدىن ئول جانفەزا سەدا ئۇچرار .
باشىڭنى بەرسەڭ ئەگەر نىشى ئەررە زەرىبىغە ،
چۇ مۇرسەلى زەكەرىيا زىكرى مەرھەبا ئۇچرار .
شەھىدى ئىشق بولۇپ باش بىرىپ چۇ يەھيادەك ،

تولۇئ ئەتمەس قوياش سەندەك نەبۇۋۋەت چەرخىدىن ھەرگىز،
گۆھەر كىم سەن كەبى چىقماس شەفائەت بەھرىدىن ھەرگىز.
مۇناسىب كۆردىلەر سەرۋى قەدىڭگە خىلئەتى لەۋلاك،
بۇ يەڭلىغ كەلمەگەيلەر سەرۋى قەد شەمشادىدىن ھەرگىز.
جەمالى ئافتابىڭ شەرھىدۇر ۋەششەمسى تەفسىرى،
جەھان خۇشبۇلارى ئۆتمەس ساچىڭنىڭ بۇيىدىن ھەرگىز.
جەھان ئەيۋانى ئىچرە باش چىقارمىش رەڭ ــ بەرەڭ گۇللار،
سىنىڭدەك چىقماغاندۇر ھىچ بىرى گۇلبەرگىدىن ھەرگىز.
يېتىشمەس ھىچ نەبىيلەر قۇربى ھالى زات پاكىڭگە،
دىگەي نەفسى قىيامەت كۈن دىمەسلەر ئۆزگەدىن ھەرگىز.
دىگەيلەر ئۇممەتى رەفرەف سەۋارىم رۇزى مەھشەردە،
ئۇمىددۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.
تۇغۇلمىشدۇر مۇھەببەت ھەق سارىغە شۇئبى ئىماندىن،
تەلەبدىن قالماساڭ ئىخلاس ئىلە بۇزىكرىدىن ھەرگىز.
رەۋاجى ئىزدەسەڭ بازار مەھشەرنىڭ مەتائىدىن،
ھەمىشە زاكىر ئول، شەۋقى، نە شىرىن زىكرىدىن ھەرگىز.

قاراڭغۇ گور ئارا بىر كۈن كىرەر مۇڭلۇغ باشىڭ يالغۇز ،
خەراب ئەيلەپ ۋۇجۇدۇڭ شەھرىنى سۇلتانى دىل ئەفرۇز .
قالۇرلار ئەھلى فەرزەند يىغلاشىپ قەۋمۇ قېرىنداشىڭ ،
كىم ئولغاي مۇندا يولداشىڭ نەماز ـ رۇزە ئىلە دىلسۇز .
تىلاۋەت ئەيلەسەڭ دائىم ئاقىزىپ ئەشكى خۇنبارىڭ ،
گور ئىچرە شەمئى تابانىڭ تەبارەك فاتىھە شەب ـ رۇز .
دىلۇ خانىڭنى رەۋشەن ئەيلەگەيسەن يادى ھەق بىرلەن ،
ھەمىشە قۇتب يەڭلىغ ئىستىقامەتدىن بولۇپ مەركۇز ،
بەلا ئالدىڭدا دۇرلار شادلىقنى پېشە ئەيلەرسەن ،
نېچۇككىم بولماغايلار پۇلسىراتدىن ئۆتمەيىن نەۋرۇز .
چۇنانكىم نۇھ يەڭلىغ يىغلا « ۋەليەبكۇ كەسىرەن » دەپ ،
ئەجەب ئېرمەس گۇنەھ غەرقابىدىن رو بەرسەلەر فىرۇز .
شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۇمىد ئەتسەڭ ،
تەكەببۇر قىلماغىل ، شەۋقى ، ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز .

# لۇغەت

## ئا

**ئاب** سۇ .

ئابى ھەيۋان ـ ھاياتلىق سۈيى .

**ئابنۇس** ( 1 ) قارا تۇسلۇك قاتتىق ۋە خۇش بۇي دەرەخ ؛ ( 2 ) قارا تۇس ، قارا .

**ئاج** ( 1 ) پىل چىشى ؛ پىل سۆڭىكى ؛ ( 2 ) ئاق ؛ روشەن ؛ يورۇق .

**ئارايىش** بېزەش ، زىننەتلەش ؛ پەردازلاش .

**ئارىف** بىلگۈچى ، تونۇغۇچى ، مەرىپەتلىك ؛ دانا .

**ئاسىب** زىيادە ، زەرەر ؛ مۇسىبەت ، ئاپەت ، كۈلپەت ، تىنچسىزلىق .

**ئاشۇب** غەۋغا ، توپىلاڭ .

**ئاشۇفتە** ( 1 ) پەرىشان ، تارقاق ؛ ( 2 ) بىرىلگەن ، مەپتۇن ، ئاشىق ، شەيدا .

**ئاغۇشتە** ئارىلاشقان ، مىلەنگەن .

**ئافىيەت** ساقلىق ، ساغلام ؛ تىنچلىق .

**ئالۇفتە** ( 1 ) بېرىلگەن ؛ ئاشىق ؛ ھەيران ؛ ( 2 ) پەرۋاسىز ، نازۇك تەبىئەت .

**ئامادە** تەييار ، تەييارلانغان .

# لۇغەت

**ئەشجار** دەرەخلەر ، ياغاچلار .

**ئەشك** كۆز يېشى .

**ئەشهەب** ئاقامتۇل ، كۆل رەڭ ۋە شۇ رەڭدىكى ئات ، بوز ئات .

**ئەفتادە** زەئىپ ، دەرمانسىز ؛ تاشلاندۇق .

**ئەفرۇز** كۆيدۈرگۈچى ؛ يورۇتقۇچى ، روشەن قىلغۇچى .

**ئەفسۇردە** روھسىزلانغان ، سولغان ، سولغۇن ، چۈشكۈن .

**ئەفغان** قايغۇ ئەلەمدىن نالە قىلىش ، يىغلاش .

**ئەفگار** يارىلانغان ، جاراھەتلەنگەن ، مەجرۇھ .

**ئەفگەن** تاشلىغۇچى ، ئاتقۇچى ، يىقىتقۇچى .

**ئەفلاك** پەلەكلەر ، ئاسمان .

**ئەقرەب** چايان .

**ئەلالا** شاۋقۇن ـ سۈرەن ؛ غەۋغا .

**ئەلايىق** ئالاقىلەر ، باغلىنىشلار ، باردى ـ كەلدى .

**ئەلفاز** سۆزلەر .

**ئەلهان** يېقىملىق ئاۋازلار ؛ سايراشلار .

**ئەلىل** ئىللەتلىك ، نۇقسانلىق ؛ بىمار .

**ئەمراز** كېسەللىكلەر .

**ئەمۋاج** دولقۇنلار .

**ئەناسىر** ئېلېمېنتلار ( سۇ ، ھاۋا ، تۇپراق ، ئوت ) .

**ئەنجۇم** يۇلتۇزلار .

**ئەندەلىب** بۇلبۇل

**ئەندۇھ** غەم ، قايغۇ .

**ئەنقا** ئەپسانىۋى قۇش .

# ئە

| | |
|---|---|
| ئەبەس | بىھۇدە ، بىكارغا ، پايدىسىز . |
| ئەبر | بۇلۇت . |
| ئەبرۇ | قاش . |
| ئەبۋاب | ( 1 ) ئىشىكلەر ؛ بۆلەكلەر ، قىسىملار ، كىتاب بابلىرى ؛ ( 2 ) باب ، بۆلەك . |
| ئەتفال | گۇدەكلەر ، باللار . |
| ئەجۇزە | ( 1 ) قېرى ئايال ، كەمپىر ؛ ( 2 ) كونا دۇنيا ، كونا ئالەم . |
| ئەخەس | ( 1 ) خاس ، مەخسۇس ؛ ( 2 ) خەسىس . |
| ئەختەر | يۇلتۇز . |
| ئەخزەر | كۆپكۆك ، يېشىل . |
| ئەددەم | يوق ، يوقلۇق ؛ نابۇت ، ئۆلۈم . |
| ئەدنا | تۆۋەن ، پەس ، پەسكەش ، ئەرزىمەس . |
| ئەدۇۋ | دۈشمەن ، ياۋ . |
| ئەرغەنۇن | چالغۇ ئەسۋابى . |
| ئەرغەۋان | باھاردا ئېچىلىدىغان قىزىلگۈللۈك دەرەخ . |
| ئەرۇس | كېلىن ، كېلىنچەك . |
| ئەسالەت | ئېسىللىك ، ئېسىل نەسەبلىك . |
| ئەسرار | سىرلار . |
| ئەسرۇ | ناھايىتى كۆپ ، ئارتۇق ، تالاي . |
| ئەسفەر | سېرىق ، ناھايىتى سېرىق . |

**بۇراق** ئۇچار ئات .

**بۇنياد** ئاساس ، نېگىز ؛ تەرتىپ .

**بېدار** ئويغاق ، هوشيار .

**بىستەر** ئورۇن - كۆرپە .

**بىشۇمار** ساناقسىز ، سانسىز ، كۆپ .

**بىكەس** ئىگە - چاقىسىز .

**بىم** قورقۇنچ ، خەۋپ

**بىهبۇد** ( 1 ) ياخشىلىق ، ساغلاملىق ، ( 2 ) پايدا .

## پ

**پارسا** ساقلانغۇچى ، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقۇچى ، خۇداجوي .

**پەدىد** روشەن ، ئېنىق ؛ پەيدا بولغان ، كۆرۈنۈپ تۇرغان .

**پەرگالە** ( 1 ) پارچە - پارچە ، بۆلەك ؛ ( 2 ) تىتىلغان ؛ يۇڭدالغان .

**پەزىر** سۆز بىرىكمىسىدە ؛ « قوبۇل قىلغۇچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

**پەژمۇردە** ( 1 ) سۇلغۇن ؛ سۇلاشقان ؛ ( 2 ) غەمكىن .

**پەيرەۋ** ئەگەشكۈچى ، ئىزىدىن ، يولىدىن ماڭغۇچى .

**پەيغام** خەۋەر ، ئۇچۇر .

**پەيكەر** ( 1 ) هەيكەل ، گەۋدە ؛ ( 2 ) سۈرەت .

**پەيمان** ئەهد ، ۋەدە .

**پەيۋەستە** ( 1 ) هەمىشە ، دائىم ؛ ( 2 ) تۇتاشقان .

**ئەنۋار** نۇرلار، روشەنلىكلەر، يورۇقلۇقلار.

**ئەھباب** دوستلار، يارانلار.

**ئەۋساف** سۈپەتلەر، تەرىپلەر، ماقتاشلار.

**ئەۋقات** ۋاقىتلار، پەيتلەر، كۈنلەر.

**ئەئما** كور، قارىغۇ، ئەما.

**ئەييام** كۈنلەر، دەۋر؛ زامانلار، ۋاقىتلار.

## ب

**باتىل** بۇزۇلغان، بۇزۇق؛ بىھۇدە، ئاساسسىز.

**باتىن** ئىچ، ئىچى، دىلى.

**باد** شامال، يەل.

**بادە** مەي، شاراب، ئىچكۈلۈك.

**بادپا** يەل تاپان؛ چاپقۇر ئات.

**باران** يامغۇر.

**بازۇ** بىلەك.

**باھىس** گەپ قوزغىغۇچى، بەسلەشكۈچى، تارتىشقۇچى.

**بائىس** سەۋەب، باھانە.

**بەرنا** (1) ياش، گۈزەل، چىرايلىق؛ (2) ياش يىگىت.

**بەسارەت** كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەر؛ بىلىدىغان.

**بەستە** بەند، باغلانغان، تۇتقۇن.

**بەشەر** ئادەم، كىشى، ئىنسان.

**بەلىيەت** رەنج، مۇشەققەت، ئازار، قايغۇ؛ مۇسىبەت.

**بوريا** بورا.

**تەرەھھۇم** رەھىم قىلىش : غەمخورلۇق ، مەرھەمەت .

**تەرياق** ( 1 ) ئەپيۇن ؛ ( 2 ) زەھەرگە قارشى دورا .

**تەزدىررۇئ** يېلىنىش ، يالۋۇرۇش .

**تەغافۇل** بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىش .

**تەغيىر** ئۆزگەرتىش .

**تەفاۋۇت** ئايرىلما ، پەرق .

**تەفرىد** يالغۇز ، يەككە قېلىش ، دۇنيادىن ئۆزىنى چەتكە ئې-
لىپ يالغۇز ياشاش .

**تەفرىقە** ئاجرىلىش ، ئاجرىتىش ؛ بۆلۈنۈش .

**تەقەييۇد** باغلىنىش .

**تەقسىر** كەمچىلىك ، نۇقسان كۆرسىتىش .

**تەكەللۇم** سۆزلەش ، سۆزلىشىش .

**تەلەتتۇف** مەرھەمەت ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىش ، ئەركىلەش .

**تەلخ** ئاچچىق .

**تەمەۋۋۇل** بايلىق ، پۇلدارلىق .

**تەمۇغ** دوزاخ .

**تەمىيز** ئاجرىتىش ، ئايرىش ، پەرقلەندۈرۈش .

**تەنەئئۇم** نازۇ - نېمەتلەر ئىچىدە ياشاش ، راھەتتە ياشاش .

**تەھەررۇك** قىمىرلاش ، ھەرىكەتلىنىش .

**تەھ - بەتەھ** قاتمۇ قات ، قەۋەتمۇ قەۋەت .

**تەۋازۇئ** ئەدەبلىك ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ، كەمتەر .

**تەۋەھھۇم** ۋەھىمىگە چۈشۈش ، قورقۇش .

**تەۋسىف** سۈپەتلەش ، ماقتاش .

پەيۋەند سۆز بىرىكمىسىدە : ( 1 ) ئۇلىنىش ؛ ( 2 ) بالا مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ .

پويە يۈرۈش ، مېڭىش .

پىرەھەن كۆڭلەك .

پىش ئىلگىرى ، ئالدىن .

پىندار ( 1 ) مەغرۇرلۇق ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ، تەكەببۇرلۇق ؛ ( 2 ) ئويلاش ، پىكىر قىلىش ، گۇمان قىلىش .

## ت

تابىستان ياز ، ياز ۋاقتى .

تارەك باش ، باشنىڭ ئۈستى .

تاق ئىشىك ۋە بىنالارنىڭ ، مېھراب ۋە تەكچىلەرنىڭ ئۈستۈنكى قايرىلما قىسمى ، ئەگمە .

تەئەب مۇشەققەت ، قىيىنچىلىق .

تەئەققۇل ئەقىل ، يۈگۈزۈش ، ئويلاش .

تەباھ خاراب ، ۋەيران ؛ بۇزۇق .

تەبئ تەبىئەت ، خاراكتېر ؛ تالانت .

تەجەررۇد ئالاقىسىزلىق ، چەتلىشىش ؛ يالغۇزلۇق .

تەجرىد ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي قىلىش ، چەتلەشتۈرۈش ، ئاجرىتىش .

تەخەييۇل خىيالغا كەلتۈرۈش ، خىيال قىلىش .

تەراۋەت يېڭىلىق ، تازىلىق .

تەرەننۇم كۈيلەش ، قوشاق قېتىش ؛ سايراش .

| | |
|---|---|
| جۇزۇ | بۆلەك ، قىسىم ، پارچە ؛ كىچىككىنە ، ئازغىنە . |
| جۇستۇجوي | قېدىرىش ، ئاختۇرۇش ، ئىزدەش . |

## چ

| | |
|---|---|
| چالاك | ( 1 ) تېتىك ، ئىلدام ، چاققان ؛ ( 2 ) كېلىشكەن . |
| چاھ | قۇدۇق ، چوڭقۇرلۇق ؛ زىندان . |
| چەتر | چېدىر . |
| چەرخ | ( 1 ) ئايلىنىش ؛ ( 2 ) ئاسمان ، كۆك ، پەلەك ؛ ( 3 ) تەقدىر ، تەلەي . |

## خ

| | |
|---|---|
| خار | تىكەن . |
| خاكسار | تۆۋەن ، پەس ، خار ؛ كۈچسىز ؛ كەمتەر . |
| خەدەڭگ | ئوق ، كامان ئوقى . |
| خەشم | ئاچچىق ، غەزەپ . |
| خەلەج | تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ نامى . |
| خەم | ئېگىلگەن ، پۈكۈلگەن . |
| خەمرىي | ئىچكۈچى؛ ئىچكۈلۈككە بېرىلگەن . |
| خەيرۇل- بەشەر | ئىنسانىنىڭ ياخشىسى . |
| خەيل | گۇرۇھ ، توپ . |
| خۇدنەما | شۆھرەتپەرەس ، ماقتانچاق . |
| خۇرۇش | قىچقىرىش ، ۋارقىراش ؛ پەرياد ، پىغان ، شاۋقۇن ، غەۋغا . |

تەۋھىد — يالغۇزلۇقىغا ئىشىنىش، يىگانە دەپ بىلىش (ئاللانى)

تەۋىل — ئۇزۇن .

تەير — ( 1 ) ئۇچۇش ؛ ( 2 ) قۇش .

تۇ ـ بەرتۇ — قاتمۇ قات ، قەۋەتمۇ قەۋەت .

تۇبى — ( 1 ) جەننەت دەرىخى ؛ ( 2 ) كېلىشكەن قامەت .

تۇرفە — يېڭى ، يېڭىلىق ؛ قىزىق ، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ؛ ئاجايىپ ، كەم ئۇچرايدىغان .

تۇغرا — ( 1 ) گېرب ، دۆلەت بەلگىسى ؛ پادىشاھنىڭ يارلىقى ، پەرمان ۋە قارارلار يېزىلغان قەغەزنىڭ تۆپىسىگە چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە ؛ ( 2 ) مەكتۇبلارنىڭ تۆپىسىگە يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆز .

تۇغيان — تېشىش ، ھەددىدىن ئېشىش .

تۇلۇئ — چىقىش ، كۆرۈنۈش .

تېگرە — ئايلانما ، ئەتراپ .

تىيرە — قاراڭغۇ ؛ غەم ـ غۇسسىلىك ؛ قارا .

## ج

جانفىزا — قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ، روھلاندۇرغۇچى ، جانغا راھەت بەرگۈچى ، شادلاندۇرغۇچى ، يېقىنلىق .

جاۋىدان — ئەبەدىي ، دائىمىي ، مەڭگۈ ، دائىم .

جۇرئە — بىر يۇتۇم ، بىر ئۇتلام .

جۇرم — گۇناھ ، جىنايەت .

ردبات كارۋان ساراي؛ قونالغۇ، مۇساپىرخانا، بېكەت.
رەخش يۈگۈرۈك ئات، ئالىچىپار، چىرايلىق ئات.
رەخشان يالتىراق، پارلاق.
رەخنە دەز، يېرىق.
رەسەن ئارقان، ئارغامچا.
رەفتار يۈرۈش، مېڭىش.
رەمز ئىما ـ ئىشارەت، يوشۇرۇن بەلگە، شىفىر.
رەمۇز « رەمز » گە قاراڭ.
رەھگۇزار قاتناش يولى، كاتتا يول؛ ئۆتكۈنچى.
رەھنەما يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى.
رەۋزە ( 1 ) باغ؛ ( 2 ) جەننەت؛ ( 3 ) قەبرە.
رەئد (1) چاقماق؛ (2) قەدىمي قورال نامى.
رۇخ ( 1 ) يۈز، بەت؛ ( 2 ) قەدىمىي بىر قۇش نامى؛
( 3 ) شاھمات ئورۇقىدىن بىرىنىڭ نامى.
رۇستەخىز ( 1 ) غەۋغا، توپىلاڭ؛ ( 2 ) قىيامەت، مەھشەر.
رۇسۇخ مەھكەملىك، ئىغىشماسلىق، چىڭ تۇرۇش.
رۇقئە مەكتۇب، يېزىق، خەت.
رۇممان ئانار.
رىز ـ رىز پارچە ـ پارچە.
رىش ( 1 ) يارا، جاراھەت؛ ( 2 ) ھەسرەت، رەنجىش.
رىكاب ( 1 ) ئۈزەڭگە؛ ( 2 ) پادىشاھ ھوزۇرى.
رىفئەت يۈكسەكلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

| | |
|---|---|
| **خۇمار** | ئىچكۈلۈك ۋە باشقا كەيپتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى ، خۇمار . |
| **خرەد** | ئەقىل ، پىكىر ؛ زېھىن ، ھۇش . |
| **خرەدمەند** | ئەقىللىق ، دانا . |
| **خىسال** | خىسلەتلەر ، خۇلقلار ، سۈپەتلەر . |
| **خلئەت** | كىيىم ، لىباس . |
| **خلقەت** | يارىتىلىش . |

## د

| | |
|---|---|
| **دارۇل ـ بەقا** | باقىيلىق ، ئەبەدىيلىك ئۆيى ، ئۇ دۇنيا . |
| **دامەن** | ئېتەك ، ئۆڭكۈر . |
| **دەفئ** | قايتۇرۇش ، رەت قىلىش ، كەتكۈزۈش . |
| **دەيجۇر** | قاراڭغۇ كېچە ، قاراڭغۇلۇق . |
| **دەير** | ( 1 ) بۇتخانا ؛ ( 2 ) مەيخانا . |
| **دۇرەخشان** | يالتىراق ، پارلاق ، نۇرلۇق . |
| **دىدە** | كۆز . |

## ر

| | |
|---|---|
| **راغ** | تاغ ئېتىكى ؛ ئوتلاق ، يېشىللىق . |
| **راغىب** | يېقىن ، مايىل . |
| **رافەت** | يېقىنلىق . |
| **راھ** | ( 1 ) شادلىق ؛ ( 2 ) مەي ؛ ( 3 ) يول . |
| **راھرەۋ** | يولۇچى ، ساياھەتچى . |

# ژ

**ژاله** ( 1 ) شەبنەم ؛ ( 2 ) ياش ، كۆز يېشى .

# س

**سابىت** ( 1 ) تەۋرەنمەس ؛ ( 2 ) ئىسپاتلانغان ؛ ھۆججەتلىك .

**ساغەر** مەي قەدىھى ، مەي پىيالىسى .

**ساكىن** تۇرۇش ، توختاش ؛ تۇرغۇچى ؛ تىنچ ، ئارام ئالغۇچى .

**سال** يىل .

**سالۇس** ئالدام ، ھىيلە ، كۆز بويامچىلىق ، رىياكارلىق .

**سالىك** بىرەر مەسلەككە مەنسۇپ .

**سەبا** شامال ، تاڭ شامىلى .

**سەباھەت** گۈزەللىك ، ھۆسن .

**سەبت** ( 1 ) مەھكەم تۇرۇش ؛ ( 2 ) پېزىش .

**سەبۇك** يەڭگىل ، يېنىك .

**سەججادە** جايناماز .

**سەخت** قاتتىق ، قېتىپ قالغان ؛ مۇستەھكەم .

**سەد** ( 1 ) توساق ، تام ؛ سىپىل ؛ ( 2 ) يۈز ( سان ) .

**سەرسەر** سوغۇق ، كۈچلۈك شامال .

**سەرگەشتە** بېشى ئايلانغان ، سەرگەردان ، ھەيران .

## ز

**زايىل** يوق بولغۇچى ، يوقىلىدىغان ، ئۆچىدىغان .

**زەبۇ** سويۇش ، بوغۇزلاش .

**زەخمناك** ( 1 ) يارىدار ، جاراھەتلىك ؛ ( 2 ) غەم بىلەن ئې- سىلگەن .

**زەغەن** قۇزغۇن .

**زەڭ** ( 1 ) دات ؛ ( 2 ) چاڭ ـ توزان ، كىر ، غۇبار .

**زەلالەت** ئاداشقانلىق ، يولدىن چىققانلىق ، گۇمراھلىق .

**زەمزەمە** يۇمشاق ئاۋازدا ئېيتىلغان قوشاق ، كۈي .

**زەھەب** ئالتۇن ، تىللا .

**زەۋج** جۈپ ؛ ئەر ياكى ئايال ؛

**زۇلف** چاچ ، ئايالنىڭ چېچى .

**زۇھد** دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش .

**زىلال** سۈزۈك سۇ .

**زىللەت** خارلىق ، تۆۋەنلىك .

**زىندە** تىرىك ، جانلىق .

**زىبى** ياخشى ، جايىدا ، ....

**زىيب** بېزەك ، زىننەت ؛ گۈزەللىك ، ھۆسن .

**سۇتۇن** تۈۋرۈك ؛ ئۇستۇن .

**سۇجۇد** سەجدىلەر .

**سۇد** ( 1 ) پايدا ، بەھرە ، نەپ ؛ ( 2 ) سۆز بىرىكمىسىدە « سۇركەش ، سۇرتۇش ، ئىشقىلاش » قاتارلىق مە- نىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

**سۇرخ** قىزىل .

**سۇرۇد** قوشاق ، مۇزىكا ، كۈيلەش .

**سۇرۇر** شادلىق ، خۇرسەنلىك .

**سۇزان** كۆيگەن ، كۆيۈپ تۇرغان ، يېنىپ تۇرغان ، يالقۇنلۇق ؛ ئەلەملىك .

**سۇفت** تۆشۈك .

**سۇلۇك** ( 1 ) يول ، ياخشى يولغا كىرىش ؛ ( 2 ) سوپىلىقتا خۇداغا يېقىنلىشىش يولى ، دەرۋىشلىك ھاياتى .

**سىپىھر** ئاسمان ، ئاسمان گۈمبىزى ؛ پەلەك .

**سىتىز** ( 1 ) خۇسۇمەت ، دۈشمەنلىك ؛ ( 2 ) زۇلۇم ؛ ( 3 ) ئۇرۇش ، جاڭجال .

**سىراج** ( 1 ) چىراغ ؛ ( 2 ) يورۇقلۇق ، نۇر .

**سىرىشك** كۆز يېشى .

**سىلك** ( 1 ) يىپ ؛ ( 2 ) قاتار ، تىزىق .

**سىيلاب** سەل ، قىيان ، تاشقىن .

**سىيم** ( 1 ) كۈمۈش ، ئاقچە ، تەڭگە ؛ ( 2 ) ئاق .

**سىينە** ( 1 ) كۆكرەك ؛ ( 2 ) يۈرەك .

**سەرنگون** ( 1 ) بېشى ساڭگىلىغان ، ئۆكتۈرۈلگەن ، ئاستىن ـ ئۈستۈن ؛ ( 2 ) شەرمەندە ؛ تەلەيسىز .

**سەقىل** ئېغىر ، ۋەزىنلىك .

**سەڭگ باران** تاش ياغدۇرۇش ، تاش بوران ؛ تاش ئاتار .

**سەلاھ** ( 1 ) ياخشىلىق ، تۈزۈكلۈك ؛ ( 2 ) ئاۋاتلىق ، ئاسايىش .

**سەلسەبىل** ( 1 ) تازا ، تىنىق ۋە تاتلىق ئېقىن سۇ ؛ ( 2 ) جەننەت بۇلىقى .

**سەما** ئاسمان .

**سەمەر** مېۋە ؛ پايدا ، نەتىجە .

**سەمەندەر** ئوت چاشقىنى .

**سەمۇم** ئىسسىق شامال .

**سەنەد** تايانچ ؛ ھۆججەت ، دەلىل .

**سەنج** سۆز بىرىكمىسىدە « ئۆلچىگۈچى ، تارتقۇچى » مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ .

**سەھبا** قىزىل مەي .

**سەھىھ** ساغلام ، توغرا ، خاتاسىز ، دۇرۇس .

**سەۋامىئ** خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىسى ، مۇناستىر .

**سەئد** بەخت ، تەلەي ؛ ياخشىلىق .

**سەئيى** تىرىشىش ، ھەرىكەت قىلىش ، ئورۇنۇش .

**سەيد** ئوۋ ، شىكار ، ئوۋ قىلىش .

**سەيقەل** ( 1 ) پەردازلار ، پارقىرىتىش ، جىلۋىلەندۈرۈش ؛ ( 2 ) پارقىراق ، پالتىراق .

**سۇبھە** تەسبە .

**سۇبھەدەم** تاڭ پەيتى .

# غ

**غەففار** ( 1 ) كەچۈرگۈچى ، شەپقەت قىلغۇچى ؛ ( 2 ) خۇدانىڭ سۈپىتى .

**غەلتان** يۇمىلاق .

**غۇلمان** غۇلام ، خىزمەتكار .

**غىنا** بايلىق ؛ پۇلدارلىق ، ئېھتىياجسىزلىق .

# ف

**فاخىرە** پەخىرلىنىشكە سەۋەب بولغان ، شانلىق ، ھەشەمەتلىك ، گۈزەل ، پارلاق .

**فايىز** ( 1 ) بەرىكەتلىك ؛ ( 2 ) مول ۋە پاراۋان قىلغۇچى .

**فەراغ** ( 1 ) تىنچلىق ، خاتىرجەملىك ؛ ( 2 ) راھەت ، ئىستىراھەت ؛ ( 3 ) بوشاش ، ئازادلىق .

**فەرامۇش** ئۇنتۇلۇش .

**فەرد** يەككە ، يالغۇز ، ئاجرالغان .

**فەرش** تۆشەش ، ياتقۇزۇش ؛ تۆشەلگەن ، ياتقۇزۇلغان .

**فەريادرەس** مەدەد ، ياردەم بەرگۈچى .

**فەزا** ئوچۇقچىلىق ، بوشلۇق ، كەڭلىك ، مەيدان .

**فەيياز** لۇتپ ( مەرھەمەت ) ۋە كەرەم قىلغۇچى .

**فۇتۇر** ( 1 ) ۋەيرانلىق ، خارابلىق ؛ ( 2 ) كۈچسىزلىك ، زەئىپلىك .

# ش

**شايىستە** مۇۋاپىق ، مۇناسىپ ، لايىق ، ماقۇل .

**شەب** كېچە ، تۈن .

**شەباب** ياشلىق ، يىگىتلىك .

**شەبىستان** قاپقاراڭغۇ كېچە ؛ قاراڭغۇلۇق .

**شەرار** ئۇچقۇن ، يالقۇن ؛ تاۋلىنىش ، پارقىراش .

**شەرارە** « شەرار » غا قاراڭ .

**شەرر** يامانلىق ، گۇناھ .

**شەمم** خۇش ھىد ، پۇراق .

**شەھسۇۋار** ئات مىنىشكە ماھىر ، ئاتقا ياراشقان .

**شور** غەۋغا ، توپىلاڭ .

**شۆرۈئ** كىرىشىش ، باشلاش .

**شۇھۇد** گۇۋاھ .

**شۇئبەدە** ئويۇن ، نەيرەڭ .

**شىئار** ئەسەر ، بەلگە ، ئادەت .

**شىفتە** گىرىپتار ، بىرىلگەن ، مۇپتىلا ، ئاشىق .

**شىكەن** ( 1 ) سۇنۇقلۇق ، پۆكۈلۈك ؛ ( 2 ) سۆز بىرىكمىسىدە « سۇندۇرغۇچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

**شىگەرف** ( 1 ) ئاجايىپ ؛ گۈزەل ، نادىر ؛ ( 2 ) ئۇلۇغ ، كاتتا ؛ كۈچلۈك .

**شىنگەرف** قىزىل بوياق ، قىزىل رەڭ .

| | |
|---|---|
| كەھف | غار . |
| كەۋاكىب | يۇلتۇزلار . |
| كەۋسەر | جەننەت بۇلىقى . |
| كەۋكەب | يۇلتۇز . |
| كەۋن | بارلىق ، مەۋجۇدلۇق ، دۇنيا . |
| كەيۋان | يۇكسەك ئاسمان . |
| كۇدۇرەت | دىل غەشلىكى . |
| كۇنج | بۇرج ، بۇرجەك . |
| كۇنھ | ماھىيەت ، ھەقىقەت . |
| كۇھ | تاغ . |
| كۇھكەن | تاغ قازغۇچى (« پەرھاد ۋە شىرىن »داستانىدىكى پەرھادنىڭ لەقىمى ) |
| كۇھل | سۇرمە . |
| كۇھۇلەت | كىشىنىڭ ئوتتۇرا ياش دەۋرى . |
| كىردار | قوشماق سۆز تەركىبىدە « قىلىق ، ئىش ، رەۋىش » مەنىلىرىدە كېلىدۇ . |
| كىسۋەت | كىيىم ، ئۇستىباش . |
| كىشتىبان | كېمىچى . |
| كىشۋەر | مەملىكەت . |

## گ

| | |
|---|---|
| گەرد | ( 1 ) چاڭ ، توزان ، غۇبار ؛ ( 2 ) سۆز بىرىكمىسىدە « ئايلانغۇچى ، كەزگۈچى » مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . |
| گەردان | ئايلىنىدىغان ، ئايلانما . |

| | |
|---|---|
| فۇرۇغ | يالتىراش ، يورۇقلۇق ، روشەنلىك ، شولا ، نۇر . |
| فىترەت | يارىتىلىش ؛ تەبىئەت ، تۇغما تەبىئەت . |

## ق

| | |
|---|---|
| قاسىد | ( 1 ) خەۋەرچى ، خەت توشىغۇچى ، ئەلچى ؛ ( 2 ) قەست ( نىيەت ) قىلغۇچى ؛ ئىنتىلگۈچى . |
| قامۇغ | ھەممە ، بارچە . |
| قەۋس | ياي ، كامان ، كاماللەك . |
| قەۋي | كۈچلۈك ، قۇۋۋەتلىك . |
| قەيد | بەند ، كىشەن ، باغلانغان . |
| قۇربەت | يىقىنلىق ، يېقىنلىشىش |
| قۇللاب | قامەت ، ئىلمەك ، ئەگمە . |

## ك

| | |
|---|---|
| كاشانە | ئۆي ، خانا ، تۇرار جاي ؛ ئۇۋا . |
| كام | تىلەك ، ئىستەك ، مەقسەت ؛ بەھرە . |
| كامران | ( 1 ) مەقسىتىگە يەتكەن ، بەختلىك ؛ ( 2 ) ھاكىم ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى . |
| كامكار | بەختلىك ؛ قۇدرەتلىك ؛ بەھرىمەن . |
| كاھ | سامان . |
| كەلالەت | ھېرىش ، ھارغىنلىق ، چارچاش ؛ |
| كەلىمۇللاھ | مۇسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىبى . |

## م

| | |
|---|---|
| مادەر | ئانا . |
| ماسىۋا | ..... دىن باشقا ، ..... دىن تاشقىرى . |
| مانەند | ئوخشاش . |
| ماھ | ئاي . |
| ماھتاب | ئايدىڭ . |
| مەبھۇت | ھەيران قالغان . |
| مەتبۇخ | پىشۇرۇلغان ، پىشۇرۇپ تەييارلانغان . |
| مەتلەئ | ( 1 ) چىقىش ، كۆتۈرۈلۈش جايى ؛ ( 2 ) شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى مىسراسى . |
| مەتلۇب | تەلەپ قىلىنغان ، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە . |
| مەخزەن | خەزىنە ، قىممەتلىك مال ـ ئەشيا ساقلىنىدىغان جاي . |
| مەخلەس | قۇتۇلۇش ، خالاس بولۇش ؛ قۇتۇلۇش ، خالاس بولۇش جايى ، تۈگەللىنىش نۇقتىسى ؛ خۇلاسە . |
| مەخلۇت | ئارىلاشتۇرۇلغان . |
| مەخمۇر | مەست ، مەستلىك ، كەيپلىك . |
| مەردۇم | ( 1 ) ئادەملەر ، كىشىلەر ؛ ( 2 ) قارىچۇق ، كۆز قارىچۇقى . |
| مەرغۇب | يېقىملىق ، سۆيۈملۈك . |
| مەزاھىر | كۆرۈنۈش ، ئاشكارا بولۇش ، ئاشكارا بولۇش جايى . |
| مەزبۇت | ( 1 ) قولغا ئېلىنغان ؛ ( 2) مۇستەھكەم ، مەزمۇت . |
| مەزبۇھ | سويۇلغان ، بوغۇزلانغان . |
| مەزھەر | « مەزاھىر » غا قاراڭ . |

گەردۇن ئاسمان، پەلەك، كۆك.

گەردىش (1) چەمبىرەك؛ (2) ئايلىنىپ يۈرۈش، سەير قىلىش.

گەشت ئايلىنىش، كېزىش، سەير قىلىش.

گۇداز ئېرىگۈچى، كۆيگۈچى، ئېرىش، كۆيۈش

گۇزار (1) ئۆتكۈزگۈچى؛ ئۆتكۈچى؛ (2) يول.

گۇشە بۇرجەك، خىلۋەت، چەت جاي.

گۇفتار سۆز، سۆزلەش، سۆھبەت.

گۇفتۇگو سۆزلىشىش، سۆھبەت، گەپ ـ سۆز؛ گەپ تالىشىش.

گۇلباڭگ يۇقىرى، يېقىملىق ئاۋاز، بۇلبۇل ئاۋازى.

گۇلرۇخ گۈل يۈزلۈك، گۈزەل يۈزلۈك؛ مەرى ئىسىق.

گۇلگۇن گۈل رەڭ، قىزىل رەڭ.

گىتىنەما جاھان ئەينىكى.

گىرىبان ياقا، كىيىم ياقىسى.

گىريان يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغان.

گىريە يىغى، كۆز يېشى قىلىش.

گىيسۇ ئۆرۈلگەن چاچ.

## ل

لامىئ يالتىراق، يالتىراپ تۇرغان.

لەك چۇلاق، ئاقساق.

لۇتف مۇلايىملىق، مەرھەمەت.

لىسان تىل.

**مۇئەنبەر** ئەنبەر ھىدلىق ، خۇش بۇي .

**مۇباھ** رۇخسەت قىلىنغان ئىش .

**مۇتەجەللا** روشەن ، پارلاق .

**مۇتەۋۋەل** ئۇزارتىلغان ، سوزۇلغان .

**مۇترىب** چالغۇچى ، سازەندە .

**مۇجتەمىئ** توپلانغان ، بىرلەشكەن ، جەم بولغان .

**مۇختەلىف** ھەرخىل ، تۈرلۈكچە ، تۈرلۈك ـ تۈمەن ، قارىمۇ قارشى ، ئىختىلاپلىق .

**مۇدبىر** ئىشى يۈرۈشمىگەن ، بەختسىز .

**مۇرتاز** رىيازەت تارتىپ ئۆزىنى قىيىنغۇچى .

**مۇرغ** قۇش ، پەررەندە .

**مۇزەييەن** زىننەتلەنگەن ، بېزەلگەن .

**مۇزتەر** مەجبۇر بولغان ، چارىسىز ؛ ھەيرەتتە قالغان .

**مۇزىق** قىسىدىغان ، قىسقۇچ .

**مۇژدە** خۇش خەۋەر .

**مۇستەغنىي** ئېھتىياجسىز .

**مۇستەمەند** ( 1 ) غەملىك ، قايغۇلۇق ، گىرىپتار ؛ ( 2 ) بىچارە ، مۇھتاج .

**مۇشەۋۋەش** تەشۋىشلىك ، بىسەرەمجان ، كۆڭلى پەرىشان .

**مۇشتەمىل** ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ، قاپلىغۇچ .

**مۇغبەچە** مەيخانا مۇلازىمەتچىسى ، مەي توشىغۇچى

**مۇفەررىھ** شادلاندۇرغۇچى .

**مۇقەۋۋەس** قايرىلغان ، ئېگىلگەن .

**مۇلتەفت** ئىلتىپات قىلغۇچى ، ئەھمىيەت بەرگۈچى .

**مەسكەن** تۇرار جاي، ئورۇن، ئۆي.

**مەسلۇخ** تېرىسى سويۇلغان.

**مەسىھ** ئىسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.

**مەسىھا** «مەسىھ» كە قاراڭ.

**مەشام** بۇرۇن، دىماغ.

**مەشرۇت** شەرتلەنگەن، شەرت قويۇلغان، بىرەر شەرت بىلەن باغلانغان.

**مەشھۇد** كۆزگە كۆرۈنگەن.

**مەقدەم** قەدەم قويۇش، كېلىش؛ قەدەم قويۇلغان جاي ۋە پەيت.

**مەقسۇد** مەقسەت، ئىستەك.

**مەلىك** پادىشاھ، هۆكۈمران.

**مەنزەر** (1) كۆرۈنۈش، سۈرەت، شەكىل؛ (2) نەزەر تاشلىنىدىغان جاي.

**مەنقۇل** نەقىل قىلىنغان، نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

**مەهجەبىن** پېشانىسى چىرايلىق، ئاپئاق؛ گۈزەل.

**مەهزۇن** غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا.

**مەهشەر** توپلىنىش جايى؛ قىيامەت.

**مەهفىل** (1) جاي، مەنزىل؛ (2) توپلىنىش؛ (3) توپلىنىش جايى؛ مەجلىس، بەزمە.

**مەهل** مۆهلەت، پۇرسەت.

**مەهۋ** يوقىلىش، پۈتۈش، مەيداندىن كۆتۈرۈلۈش.

**مەهۋەش** ئايغا ئوخشىغان، ئايدەك گۈزەل، ناهايىتى چىرايلىق.

**مەئسىيەت** گۇناھ.

## ن

**نارەنج** سېرىق تۇس .

**نافىز** نوپۇزلۇق ، تەسىرى چوڭ ؛ تەسىرلىك .

**ناۋەك** ( 1) كاماننىڭ ئوقى ؛ ( 2 ) كىرپىك .

**ناياب** تېپىلمايدىغان ، تېپىلماس .

**نەخل** كۆچەت ؛ خوما دەرىخى .

**نەسۇھ** چىن كۆڭۈلدىن ، ساپ ، خالىس .

**نەشئە** كەيپ ؛ هۇزۇر ـ هالاۋەت .

**نەفىر** ( 1 ) كاناي ، ئاۋاز ؛ ( 2 ) نالە ، پەرياد ، يىغا ؛ ( 3 ) جامائەت ؛ گۇرۇھ ؛ ( 4 ) نەپرەتلەنگۈچى .

**نەمناك** نەملىك ؛ هۆللىگەن .

**نەۋئ** تۈر ، جىنىس

**نەيسان** باهار ئېيى ، باهار پەسلى .

**نۈزۇل** چۈشۈش ، قونۇش .

**نىسار** چېچىش ، چاچقۇ .

**نىش** نەشتەر ؛ تىكەن .

**نىگاھ** بېقىش ، قاراش .

**نىگەهبان** قارىغۇچى ، كۆزەتكۈچى ، قاراۋۇل .

**نىگۈن** ئېگىلگەن ، پۈكۈلگەن ،

**نىلگۈن** نېل رەڭ ، كۆكۈش .

| | |
|---|---|
| مۇلك | ( 1 ) مەملىكەت ، ۋەتەن ؛ دۆلەت ، پادىشاھلىق ؛ ( 2 ) مال ـ مۈلۈك ، بايلىق ؛ ( 3 ) دۇنيا ، ئالەم |
| مۇمتەنئ | مەنئى قىلىنغان ، قايتۇرۇلغان . |
| مۇنەققەش | نەقىشلەنگەن ، بېزەلگەن . |
| مۇنتەزىر | كۈتكۈچى . |
| مۇنتەھا | ئاخىرى ، چېكى ، ئاخىر . |
| مۇنقاد | بويسۇنغۇچى ، ئىتائەت قىلغۇچى . |
| مۇنقەلىب | ئۆزگەرگۈچى ، ئۆزگەرگەن . |
| مۇنھەرىف | ( 1 ) ئۆزگەرگەن ؛ ئېگىلگەن ؛ ( 2 ) ساقىسىز ، كېسەل . |
| مۇھلىك | ھالاك قىلغۇچى ، ئۆلتۈرگۈچى ، يوق قىلغۇچى . |
| مۇئتاد | ئادەتلەنگەن ، ئۆگەنگەن . |
| مۇئجىب | ( 1 ) كىبىرلىك ؛ مەنمەنلىك قىلغۇچى ؛ ( 2 ) ئەجەبلەندۈرگۈچى ، ھەيران قالدۇرغۇچى . |
| مئاد | ۋەدىلىشىش ؛ مۇددەت . |
| مىدھەت | ماختاش ، مەدھىيىلەش . |
| مژگان | كىرپىك . |
| مىقراز | قايچا . |
| من | .... دىن ؛ |
| منقار | تۇمشۇق ، قۇش تۇمشۇقى . |
| مىھتەر | ( 1 ) ئۇلۇغ ، كاتتا ؛ ( 2 ) ئەلچى . |

ئۆچماق جەننەت .
ئۆرۈج يۈكسىلىش ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش .
ئۆزۈ ئەزا ، گەۋدە بۆلەكلەر بىرى ( قول ، ئاياغ قاتارلىق ) .
ئۇسرۇك مەست
ئۇششاق ئاشىقلار .
ئۈلۋى يۇقىرى ، يۈكسەك ، ئالىي .

ۋ

ۋەرەئ پەرھىزكارلىق .
ۋەھدەت بىرلىك ، يەككە ـ يىگانىلىك ، تەنھالىق

ئى

ئىبتىلا مۇپتىلالىق ، بالاغا قېلىش ، گىرى
ئىتاب قەھر ، غەزەپ ، قىيناق .
ئىجتىناب ساقلىنىش ، چېكىنىش ، قېچى
ئىختىلات ئايرىلىشىش ، باردى ـ كەلد
ئىخراج چىقىرىش ، ھەيدەش ، سۈ
ئىرتىبات باغلىنىش ، ئۇلىنىش ؛ بى
ئىرشاد توغرا يول كۆرسىتىش
ئىرفان بىلىش ، تونۇش ( تە
ئىستىغنا ( 1 ) باشقىلارغا
ماسلىق ؛ ( 2 ) ناز

## ھ

| | |
|---|---|
| هامۇن | كەڭ ؛ دالا ، قىر ، سەھرا . |
| ھەبىب | دوست . |
| ھەجر | ئايرىلىش ، جۇدالىق . |
| ھەدەف | نىشان . |
| ھەراس | قورقۇنچ . |
| ھەرەج | قىيىنچىلىق ، مۇشكۇللۇك . |
| ھەزىن | قايغۇلۇق ، مۇڭلۇق ، ھەسرەتلىك ، غەمكىن . |
| ھەشۇ | ئارتۇقچە سۆز . |
| ھەمراز | سىرداش . |
| ھەيف | ئىست ، ئەپسۇس . |
| ھۇرۇف | ھەرپلەر . |
| ھۇققە | قىممەت باھا تاشلار سېلىنىدىغان قۇتىچە . |
| ھۇمايۇن | قۇتلۇق ، شەرەپلىك ، مۇبارەك . |
| ھۇمردت | قىزىللىق . |
| ھىجاب | ( 1 ) پەردە ، توساق ؛ نىقاب ؛ ( 2 ) ئۇيات ، ئۇيىلىش . |
| ھىرمان | مەھرۇملۇق ؛ ئۈمىدسىزلىك . |
| ھىسار | قورغان ، قەلئە ، ئىستىھكام . |

## ئۇ

| | |
|---|---|
| ئۇجب | مەنمەنلىك ، شۆھرەتپەرەسلىك . |

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى

# باياز

تۈزگۈچىلەر : مەتتىمىن يۈسۈپ
مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №0348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 11 . 875 ، قىستۇرما ۋارىقى : 5
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 1 ــــ 1100
ISBN7—228—03756—1/I • 1351
باھاسى : ئاددىي مۇقاۋىلىقى : 21 . 00 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى : 23 . 00 يۈەن

ئىقاب جازا ، قىيناق ، ئازاب .
ئىنايەت مەرھەمەت ، ياردەم ، ئىلتىپات .
ئىنتىقال كۆچۈش ، ئايلىنىش ، ئۆتۈش .
ئىھداس يېڭىلىق يارىتىش ، يېڭىدىن پەيدا قىلىش .
ئىئتىدال مۆتىدىل ، ئوتتۇرا دەرىجە ، نورمال .

# ي

ياۋۇق يېقىن .
يەزەك كېچە قاراۋۇلى ، قورۇقچى .
يەكتا يەككە ، تەڭدىشى يوق ، يېگانە .
يەۋم كۈندۈز ؛ ۋاقىت .



责任编辑：买买提吐尔逊·巴吾东
封面设计：吐尔地卡德尔·纳孜尔

# 巴亚孜

买买提明·玉素甫，买买提 吐尔逊·巴吾东 编
策划：新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

---

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 11.875印张 5插页
1995年9月第1版 1995年9月第1次印刷
印数：1——1100

---

ISBN7－228－03756—1/I·1351
定价：平装：21.00元 精装：23.30元